شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە 4 - نۆۋەتلىك «ژۇرنال مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن ژۇرنال

TARIM A MONTHLY OF UYGHUR LITERATURE

塔里木



# تارىم

4
2007

ISSN 1002-9044
04>
9 771002 904009



شائىر قەييۇم سوپى (1947- )

# تارىم

مەھمۇد نىيە كىتابخانىسى
13999905095
麻赫穆德 书店

## ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

4

2007

57-يىل نەشرى

03 . 06 . 2007

باش مۇھەررىر:

ياسىن زىلال (ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر

سارەم ئىبراھىم (ئالىي مۇھەررىر)

ياڭئىگۈل ئەخمەت (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

تارىم

2007 - يىل 4 - سان

# بۇ ساندا

## پوۋېست

ئەجەل توشقاندا ........ مەتىمىن باقى 4

## ھېكايە

سوّگەل ........ مەتسېلىم مەتقاسىم 33
يۇلغۇن چېچەكلىرى ........ مامۇت داۋۇت 53
پىشقان كاتىپ ........ ئەكبەر جاپپار 63
بارات لەگلەك ........ مەتقاسىم تۇرسۇن 66

## نەزمىي ئەسەرلەر

رەيھانىم ........ ئىمىن تۇرسۇن 28
ئىككى غەزەل ........ مۇھەممەد روزى 31
رۇبائىيلار ........ سالى ئىبراھىم خالىس 32
تەنھالىق ........ ۋاھىتجان ئوسمان 57
تەبىئەت مېنى سۆي، مېنى ئەركىلەت ........ رەشىدە سېيىت 61
سۆيگۈنى تۇغىدۇ سەبىي تىنىقلار ........ ئەركىن مۇھەممەت كامالى 88
تاشلار تىلسىمى ........ مۇتەللىپ ئوبۇل كۆلچۆر 90
ئىككى شېئىر ........ مەھمۇدجان خوجا ئۈمىدۋار 92
قىش كېچىلىرى ........ ياسىنجان ياقۇپ 93
بەختىم مېنىڭ — سەبىيلەر ........ تۇرسۇنگۈل مۇھەممەت 94
ئۇنتۇماس سېنى ئەل - يۇرتۇڭ ........ ياسىن ئىسمايىل ئەلتىرەش 136
ئەلۋىدا، تۇرسۇنئاي ........ مەتىمىن بارى 136
جەننەت بولغاي ياتقان جايىڭىز ........ نىھال 137
يىغلىدۇق ........ زوردۇن ئىمىر 137

تارىم

تەھرىر ھەيئىتى

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابلىمىت سادىق، ئارسلان ئابدۇللا، ئازاد سۇلتان، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، ئەھەد تۇردى، باتۇرگۈل ئەخمەت، خالىدە ئىسرائىل، سارەم ئىبراھىم، قۇربان مامۇت، قۇربان باسىن، مۇھەممەت شاۋۇدۇن، مۇختار مەخسۇت، مۇھەممەت باغراش، مۇھەممەت پولات، مۇھەممەت تۇردى مىرزىئەخمەت، ھېيتەم ھۇسەيىن، ئوسمانجان ساۋۇت، ۋاھىدجان غوپۇر، ئىمىن ئەھمىدى، ئىمىن تۇرسۇن، ياسىن زىلال.



ھەر ئاينىڭ 1 ــ كۈنى نەشردىن چىقىدۇ

ئومۇمىي 554 ــ سان


### باللار ئەدەبىياتى


كونا تۈگمەندىكى «جىن»لار (چۆچەك) ........................ ئابلىكىم ھەسەن 72


### ئەدەبىي خاتىرە


زوردۇن سابىر قانداق يازغۇچى........................ ئەكبەر قادىر 95

ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتلار........................ نۇرمۇھەممەد زامان 103


### مۇھاكىمە ۋە تەقرىز


ئەدەبىياتتا بايان دۇچ كەلگەن كرىزىس ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش يوللىرى........................ ئاينىسا نايۇپ 80

سەمىمىيەت كۆيى........................ مەھەممەت شاۋۇدۇن 124

«ئەنجانباي» رومانى ۋە ئۇنىڭ تىلى ھەققىدە........................ ئابدۇروسۇل ئۆمەر 138


### چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن


ئىككى ھېكايە........................ لوئىس بورخىس (ئارگېنتىنا) 142


### ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىدىن


كۆكۈلداش (چۆچەك) ........................ 151


※ ※ ※

مۇقاۋىنىڭ 1 ــ بېتىدە: **سەنئەت ماكانى** (مايبوياق $^{Cm}$ 81 × 130، 2007 ــ يىل) ........ **پەرھاد ئىبراھىم** سىزغان


ژۇرنالنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: قاھار نىياز

تېخنىكىلىق مەسئۇل كورېكتور (ئەگىلىنىش): قەييۇم تۇرسۇن

مۇقاۋا ــ خەت لايىھىلىگۈچى: قاھار نىياز، ھەۋزەگۈلى ئاخۇن

رەسسام: پەرھاد ئىبراھىم

[illegible]

www.uyghurkitap.com

مەمتىمىن باقى



# ئەجەل توشقاندا

(پوۋېست)

ئۇ تامامەن ئەركىن ئادەم ئىدى. يانچۇقىدا يېتەرلىك پۇلى بار، نەگە بارىمەن دېسە بارالايدىغان، نېمە قىلىمەن دېسە قىلالايدىغان ئادەم ئىدى. ئەمدىلىكتە ھەممىدىن مەھرۇم بولۇپ، نازارەت ئاستىدىكى مەھبۇسقا ئايلىنىپ قالدى!

ساقچىلار ئۇنىڭ قولىغا مۇزدەك كويزا سالغاندا، بىر پارچە ئوت ئۇنىڭ مېڭىسىدىن كىرىپ، تاپىنىدىن چىقىپ كەتكەندەك بولدى. نۇرغۇن چېلىش مەيدانلىرىدا ئالاي چېلىشچىلارنى يەر چىشلەتكەن بۇ ئادەمنىڭ كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ دەلدۈگىنىپ كەتتى، ساقچىلار ئۇنىڭ گەجگىسىدىن قامالاپ تۇتۇپ، نېرىراقتىكى ساقچى ماشىنىسىغا ئىتتىرىپ ماڭغاندا، ئۆزىنى

تولىمۇ بىچارە ھېس قىلدى. ئۇ شۇ تاپتا بىرەر ئادەمنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىككى ئېغىز لىللا گەپ قىلىپ، ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشىغا تەقەززا ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن بىر مەھەللىلىك كىشىلەر — بىر ئېرىقتىن سۇ ئىچكەن، ئەتىگەن - كەچتە سالام - سەھەت قىلىشقان، ئالدى - بەردى قىلىشىپ، بىر - بىرىگە ياردەم بېرىپ يېقىن ئۆتكەن كىشىلەر خۇددى تېلېۋىزوردىكى بىرەر قىزىقارلىق كۆرۈنۈشنى كۆرۈۋاتقاندەك قاراپ تۇرۇشاتتى. بىراق ھېچكىم ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇنىڭ ئۈچۈن گەپ قىلمايتتى. ئەنە ئاۋۇ كەنت باشلىقى ساۋۇر نۇر — ئادەتتە ھەرقانداق سورۇندا ھېچكىمگە گەپ بەرمەيدىغان، كەنتتىكى چوڭ - كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە قول تىقماي تۇرالمايدىغان، ئۈچ كۈندە بىر قېتىم ئۇنىڭ داستىخىنىغا داخىل بولمىسا، قاپىقى تۈرۈلۈپ ،باتناپ قالىدىغان، ئۇنىڭ زىياپىتىدە تويغۇچە يەپ، مەست بولغۇچە ئىچىپ ئاخىرىدا «قادىر، سېنىڭ ھەممە ئىشىڭغا مانا مەن ئىگە» دەيدىغان ئادەممۇ تاڭگا چېشلىۋالغاندەك لام - جىم دېمەي قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان، ئۇنىڭدىن جىق ياخشىلىقلارنى كۆرگەن جان - جىگەر دوستلىرىمۇ ھەيرانلىق ئىچىدە، نېمە قىلىشىنى بىلەلمىگەندەك داڭقېتىپ قاراپ تۇرۇشاتتى، ئۇ ساقچى ماشىنىسىغا ئىتتىرىپ چىقىرىلىۋاتقان پەيتتە كىشىلەرنىڭ ئارقا تەرىپىدىن چىقىۋاتقان قىيا - چىيا ئاۋازنى ئاڭلىدى، ئاۋاز ئاڭلىغانلىكى ئادەمنىڭ يۈرىكىنى جىغىلدىتاتتى. «ۋاي... جېنىم بالام! سېنى نېمىشقا تۇتۇپ كېتىدىكەن؟! سەن كەتسەڭ، مەن قانداق قىلىمەن؟!... بالامنى قويۇۋېتىڭلار!... مەن سىلەردىن ئىككى دۇنيا خۇش بولۇپ كېتەي... بالامدا گۇناھ يوق، ھەممىسى ئاشۇ نايۇپ ئەسكىنىڭ پېشكەللىكى... بالامنى قويۇۋېتىڭلار!» دەپ زار - زار قاقشاپ كېلىۋاتقان بۇ ئايال دەل ئۇنىڭ ئانىسى رىزۋانىخان ئىدى، ئۇ پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ، ساقچى ماشىنىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تىرەجەپ تۇرۇۋالدى، ئىككى ساقچى ئۇنى قانچە كۈچەپ ئىتتىرىپمۇ ماشىنىغا كىرگۈزەلمىدى، ئۇ بېشىنى قاتتىق بۇراپ كەينىگە قارىدى، ئانىسى رىزۋانىخان كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى يېرىپ ئۆتۈپ، ئۇنىڭغا قاراپ يېقىنلاشتى، ئۇنىڭ ئاپئاق چاچلىرى چۇۋۇلغان، ئىككى كۆزى چەكچەيگەن، قورۇق باسقان مەڭزى ياش بىلەن يۇيۇلغان ئىدى. رىزۋانىخان بىردىنلا پۈتلىشىپ، توپىلىق يولغا دۈم يىقىلدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئوتتا داغلىغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. شۇ ئەسنادا رىزۋانىخاننىڭ قېشىغا بىر چوكان پەيدا بولدى. بۇ ئۇنىڭ ئايالى ئايشەم ئىدى، ئايشەم ئېتىلىپ كەلگىنىچە رىزۋانىخاننى يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى. ئايشەمنىڭ بىر پۇتىدا ساپما كەش، يەنە بىر پۇتى يالاڭ ئاياغ، چاچلىرى چۇۋۇق، چىرايى قورقۇنچلۇق ئىدى، ئانا ۋە كېلىن بىر - بىرىنى يۆلەشكىنىچە ئالدىغا قاراپ تاشلاندى. ئەمما ساقچى ئۇلارنى تۇتۇۋالدى. ئانا ۋە كېلىن ئىنتايىن باتۇرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئىككى ساقچى بىلەن تۇتۇشۇپ كەتتى. ساقچى ماشىنىسى ئەتراپى ئوپۇر - توپۇر بولۇپ كەتتى، ئۇ پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ يۇلقۇنۇۋېدى، يەنە ئۈچ ساقچى ئېتىلىپ كېلىپ، ئۇنى ماشىنا ئىچىگە ئىتتىرىپ كىرگۈزۈۋەتتى.

ئۇنىڭ مېڭىسى زىڭىلداپ، بولۇۋاتقان ئىشلارغا ئەقلى يەتمەي قالدى. ئۇ ئەتىگەندە دەرۋازىسى ئالدىدا، ئانىسى ۋە خوتۇن - بالىلىرى بىلەن خوشلاشقاندا، ئانىسى «خۇدايىمغا ئامانەت! ئاق يوللۇق بولسىلا، بالام!» دەپ ئۇزاتقان ئەمەسمىدى؟ ئۇ بۈگۈن ئۇزاق سەپەرگە — ئىچكىرىگە تېرە يۆتكەپ ماڭماقچى ئىدى، بىر ئايىنىڭياقى ھەر تەرەپكە پالاقشىپ يۈرۈپ، سېتىۋالغان ئەللىك مىڭدىن ئارتۇق كالا، قوي، ئۆچكە تېرىسىنى چاتما كوزۇپلۇق يوغان بىر ئاپتوموبىلغا بېسىپ، شىجياجۇاڭغا ئاپىرىپ سېتىشقا تەييار قىلىپ قويغانىدى. شۇ تاپتا شەھەردە شوپۇر ئۇنى ساقلاپ تۇرۇۋاتاتتى، ئۇ بولسا تۈرمىگە قاراپ يول ئېلىۋاتاتتى. ئۇ ئەتىگەن ئۆيدىكىلەر بىلەن

www.uygurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى

خوشلىشىپ، قۇمبوستان كەنتى بىلەن ئارابوستان كەنتى پاسىلىدىكى چاسىغا كەلگەندە، بىر كىم
ئەتەي ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندەك ئۆيلىمىغان يەردىن خەق بىلەن جېدەللىشىپ قالدى. يەنە كېلىپ
«بالا ـ قازا كۆرۈنۈپ كەلمەس، پۇت ـ قولىنى ساڭگىلىتىپ» دېگەندەك توقۇناق بالاغا ئۇچرىدى.
ئاھ... خۇدا... بۇ ئەمدى ماڭا نېمە تارتقۇلۇق ـ ھە! مېنى بۇگۈن مۇنداق نەس باسىدىغىنىنى
بىلگەن بولسام، ئۆيۈمدىن ھېچنەگە بارماي ئولتۇرماسمىدىم؟ بىچارە ئانام نېمە بولۇپ كېتەر،
ئايالىمچۇ؟ بالىلىرىم قانداق قىلار؟ ئۇ باش ـ ئاخىرى يوق خىياللار ئىچىدە ماشىنا سىرتىغا قاراپ
يۇلقۇنۇپ باقتى. بىراق ئۇنىڭ ئالدى ـ كەينى ۋە ئىككى تەرىپىدە ئولتۇرغان ساقچىلار ئۇنى مىد-
دىر ـ سىدىر قىلدۇرمىدى. ساقچى ماشىنىسى ئورنىدىن قوزغالدى. ئۇ ئىختىيارسىز يەنە تىرك-
ىشىپ كەينىگە قارىدى. ئۇ تۆمۈر رېشاتكىلىق ماشىنا ئەينىكىدىن توپا ـ چاڭ ئىچىدە ئاللا ـ تۇۋا
سېلىپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئانىسى ۋە ئايالىنى چالا ـ پۇچۇق كۆرۈپ قالدى، رىزۋانىخان نېمى-
گىدۇر پۇتلىشىپ، يولغا دۈم چۈشتى. ئارقىدىنلا ئايشەممۇ يىقىلدى.

قادىر ئەلەم ئىچىدە ئۆرتىنىپ، ئورنىدىن تۇرۇۋېدى، ساقچىلار ئۇنى قامالاپ تۇتۇپ ئورۇن-
دۇقىا پۈكلەپ باستى. ساقچى ماشىنىسى ھوقۇيتقىنىچە ناھىيە مەركىزىگە قاراپ ئۇچقاندەك يۈ-
رۈپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى تېگى يوق ھاڭغا موللاقلاپ چۈشۈۋاتقاندەك سەزدى.

بۇ مەھبۇس قۇمبوستان كەنتىدىكى داڭلىق چىلىشچى، تىرە سودىگىرى قادىر نامان ئىدى.

قومبۇستان كەنتىدە ئىككى مىڭدىن ئارتۇق نوپۇس بولسىمۇ، كەنتتە ئۆزى بەگ ئۆزى خان
ئادەمدىن پەقەت ئۈچەيلەنلا بار ئىدى. كەنت باشلىقى ساۋۇر نۇر پۈتۈن كەنتنى چىمچىلىقىدا
ئوينىتاتتى، پەقەت ئىككى ئادەمنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئايال دېھقاند-
لارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىپ، سىزغان سىزىقىدىن چىقمايتتى. ئۇنىڭغا قىر چىد-
قىرالايدىغان ئىككى ئادەمنىڭ بىرى مۇشۇ قادىرنامان بولۇپ، ئۇنىڭدا كۈچ ـ قۇۋۋەت، پۇل ـ پۈ-
چەكنىڭ ھەر ئىككىلىسى بار ئىدى. ئۇ ناھىيە بويىچە، ھەتتا ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن
نۇرغۇن چېلىش مۇسابىقىلىرىدا بىرىنچىلىكنى ئېلىپ، داڭق چىقارغاندىن كېيىن، تىرە سودىسى
قىلىپ، بېيىپ كەتكەنىدى.

ساۋۇر نۇرغىمۇ، قادىر نامانغىمۇ خىرىس قىلىدىغان يەنە بىر نوچى بولسا ساۋۇر نۇرنىڭ
قېيناكىسى ــ قۇمبوستان كەنتىنىڭ سابىق شۇجىسى قۇددۇس ناسىرنىڭ يالغۇز ئوغلى، ناھىيە
بويىچە نامى بار ھاراقكەش نايۇپ ھاراق ئىدى. كەنت شۇجىسى نايۇپ ھاراقتىن بەكلا ئەيمىنەتتى.
خۇدانىڭ كۈنى مەست ـ ئەلەس يۈرىدىغان نايۇپ دادىسىدىن قالغان مال ـ دۇنياغا ۋە ھۆددىگە ئالغان
كەنتنىڭ 300 مولۇق بېغىغا تايىنىپ باياشات ياشاپ، ھېچكىمدىن ئەيمەنمەيتتى، ئۇ ئاشكارا
سورۇنلاردا:

ــ ساۋۇر نۇر قانچىلىك بىر نېمىتى؟ ناھايىتى رەھمەتلىك ئاتامنىڭ سايىسىدا يۈرۈپ جان
باققان ئەبگا. ئەگەر سىڭلىم نۇرزادە دېگەن قانجۇق ئاشۇ تاز گەدەنگە تېگىمەن دەپ تۇرۇۋالمىغان
بولسا، مۇنداق ئاغزىدا شەھەر ئالىدىغان تومپايغا چۈشۈپ قالغان ئەمەل نەدىتى؟! قادىرمۇ تايىنلىق،
ئۇنداق قارا كۈچ ئات ـ ئېشەكتىمۇ بار، ئەگەر مەن بويتۇ كۈن ئالسۇن دېمىگەن بولسام، ئۇنىڭ
تېرە ئېلىپ ـ سېتىپ پۇل تاپىمىقى يوق ئىش ئىدى، ــ دەپ چالۋاقاپ يۈرەتتى.

بۇ گەپلەر ئۇدۇللۇق ساۋۇر نۇر بىلەن قادىر نامانىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇلار
نايۇپ قۇددۇسقا چىش يېرىپ بىر نېمە دېمەيتتى، چۈنكى دېھقانلار نايۇپنى ھاراقكەش دەپ كەي-
نىدىن يامان كۆرگىنى بىلەن، بۇ ئادەمنىڭ يېزا ۋە ناھىيىدىكى يۈز ـ ئابرۇيلۇق كاتتىلار بىلەن

6

قويۇق ئالاقىسى بارلىقىدىن ئەيمىنەتتى. نايۇپ كىچىكىدىن باشلاپ دادىسىغا ئەگىشىپ يۈرۈپ، راپاۋەتچىلىكنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئۆگەنگەنىدى. ئۇ ھاراقتىن ئىبارەت شەيتانىنىمۇ ۋەسۋەسىگە سالالايدىغان ئىچىملىكنى ۋاستە قىلىپ، ئوغرى بىلەنمۇ، توغرى بىلەنمۇ، باي بىلەنمۇ، كەمبەغەل ـ نامرات بىلەنمۇ ئارىلىشىپ، ھەممىسىگە ئاز ـ تولا نەپ بېرىپ، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئۇلاردىن تېگىشلىك نەپ ئېلىپ يۈرۈپ، كىرمەيدىغان يوچۇقى، بىلمەيدىغان مەخپىيەتلىكى يوق ئىدى.

قادىر دەل مۇشۇ نايۇپ قۇددۇس تۇپەيلىدىن مەھبۇسقا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇ تۇنجى سوراقتا تېخىمۇ گاڭگىراپ قالدى:

—سەن نېمىشقا نايۇپ قۇددۇسنى ئۆلتۈردۈڭ؟!

سوئال ئۇنىڭغا تاغدىنمۇ ئېغىر تۇيۇلدى.

—ماۋۇ ساقچىلار نېمە دەۋاتىدۇ؟ مەن نېمىشقا نايۇپ ھاراقكەشنى ئۆلتۈرگۈدەكمەن؟ مەن ئەزەلدىن ھېچكىمنى ئۆلتۈرۈشنى ئويلاپ باقمىغان. ئادەم ئەمەس، كالا، قوي، توخۇ ئۆلتۈرىدىغان ئىش بولسىمۇ، ئىلاجى بار خەققە ئۆلتۈرگۈزىمەنغۇ؟ نېمانداق قاملاشمىغان سوئال بۇ؟ ياق... ياق، مەن ھېچكىمنى ئۆلتۈرمىدىم، ئۇ بۈگۈن ئەتىگەندە ئالدىمنى توسۇۋېلىپ ئۇششۇقلۇق قىلمىغان بولسا، مەن يولۇمغا كېتىۋەرمەسمىدىم؟ ناھايىتى شۇ ئۇ گويىنى يانپاشقا ئېلىپ يەرگە تاشلىۋەتتىم. مۇنداق ئىش بۇرۇن تولا بولغان، نۇرغۇن ئادەملەرنى ئاشۇنداق دەست كۆتۈرۈپ تاشلىۋەتكەندە، ھېچكىم ئۆلۈپ قالمىغان. بۇ ھاراقكەش ھاراقنى تولا ئىچىپ، جېنى تۇمشۇققىغا كېلىپ قالغان ئىكەن، يەرگە چۈشكەن پېتى ئۆلۈپ قالدى. بۇ مېنىڭ گۇناھىم ئەمەس. ئۇ ئۆزىگە ئۆزى قىلدى. مەن ئۇنى ئۆلۈپ قالسۇن دەپ ئويلىمىغان. ئەستاغپۇرۇللا، ماڭا ئۇۋال قىلماڭلار مەن ئادەم ئۆلتۈرمىدىم. پىچاق سالغان بولسام، ياكى كارنىينى سىققان بولسام ياكى مەيدىسىگە، قورسىقىغا دەسسىگەن بولسام، مېنى ئادەم ئۆلتۈردى دېسەڭلار بۇنى بوينۇمغا ئالاتتىم. ئىللا، بىللا... مەن ئۇنى ھېچنېمە قىلمىدىم. ئۇ مېنى يولۇمغا ماڭغىلى قويمىدى، شۇڭا مەن ئۇنى كۆتۈرۈپ تاشلىۋەتتىم. ھەممە گۇناھ ئۇنىڭ ئۆزىدە، مەن ئادەم ئۆلتۈرمىدىم.

—ياۋاشلىق بىلەن راستىڭنى ئېيت! نايۇپ قۇددۇسنى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈردۈڭ؟ ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ، يەنە ئۆزۈڭنى ئاقلىماقچىمۇ؟ بىلىپ، قوي، ئىقرار قىلساڭ كەڭچىلىك قىلىدۇ، جاھىللىق قىلساڭ قاتتىق جازاغا تارتىلىسەن!

—نېمە دەپ ئادەم ئۆلتۈردۈم دەيمەن؟ مەندە ھېچبىر گۇناھ بولمىسا، سىلەر ئوبدان ئېنىقلاپ بېقىڭلار. نايۇپ ئەتىگەندە مېنى توسۇۋالغاندا، جىق ئادەملەر كۆرگەن. مەن ئۇنى ئۇرمىدىم، پەقەت كۆتۈرۈپ تاشلىۋەتتىم، بۇنى ئادەم ئۆلتۈردۈڭ دېسەڭلار، ماڭا ئۇۋال بولىدۇ، مەن گۇناھسىز، مېنى قويۇپ بېرىڭلار... نايۇپنىڭ ئەجىلى توشۇپتىكەن. قانچىلىك تۆلەم بەر دېسەڭلار شۇنچىلىك بېرەي. ئەمما مېنى ئادەم ئۆلتۈردۈڭ دېسەڭلار، مەن بۇنىڭغا قەتئىي قايىل ئەمەس.

قادىرنىڭ كۆز ئالدىدا ئەتىگەندىكى ئىشلار قايتا ئايان بولدى...

قادىر پۇل ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرى سېلىنغان ئەپچىل سومكىسىنى كۆتۈرۈپ، قۇمبوستاندىن ناھىيە بازىرىغا بارىدىغان چاسىغا كەلگەندە يول بويىدىكى ئاشخانىدىن بىر ئادەم دەلدەڭشىگىنىچە چىقىپ، ئۇنىڭ يولىنى توستى. قادىر قاراپلا ئۇنىڭ نايۇپ قۇددۇس ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئەرۋاھى ئۇچتى.

—ھوي... قادىر! قاق ناشتىدا نەگە ماڭدىڭ؟! — دېدى نايۇپ ئالدى ـ كەينىگە سەنتۈرۈلۈپ دەسسەپ، —سېنى كەنتىمىزنىڭ چېلىشچىسى دەپ قويساقزە، مەندىن كاتتا ئادەم يوق دەپ يو-

7

غانچىلىق قىلما! ئاكاڭ قارىغاينىڭ ئالدىدا سەن دېگەن بىر تېرىپۇرۇش. ئۇقتۇڭمۇ؟ مەنچۇ، سەن لىڭتاسىمىنى ئازراق پىتلىنىۋالسۇن دەپ يول قويمىغان بولسام، سېنىدەك ئەبگا نېمىگە پۇل تاپىدىغان ئامەت نەدىتى؟! باجگىر ئاغىنىلەردىن ئاڭلىسام، نۇرغۇن باج تۆلىمەپسەن!... بولە... مېنى ئاشخانىغا باشلا، بۈگۈن مېنى ئوبدان مېھمان قىلماي مەندىن قۇتۇلالمايسەن، نەچچە ۋاقىتتىنكىياقى باج تۆلىمەي تاپقان پۇللىرىڭنىڭ زاكىتىنى ئايرىيمەن، قانداق؟

قادىر يېپى ئۈزۈلگەن لەگلەكتەك لەپەڭشىپ تۇرغان نايۇپنىڭ ئەپتىگە زەن سالدى، كۈندە دېگۈدەك ئىچكەن هاراق ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى كۈچ-قۇۋۋەتنى خورىتىپ، ئەسلىدىكى سېرىق چىرايىنى تېخىمۇ خۇنۇكلەشتۈرۈۋەتكەن ئىدى. كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، ئەتراپى كۆكىرىپ، جىنچىراغتەك پىلىلداپ قالغانىدى. قادىر ئۇنىڭدىن كېلىۋاتقان قاڭسىق پۇراقتىن سەسكىنىپ:

—ھەي نايۇپ، جىنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىسا بولمامدۇ؟ ئاشۇ ئېشەك سۈيدۈكىنى ئىچمىسەك، يېگەن-ئىچكىنىڭ تېنىڭگە سىڭمەمدۇھە! بۈگۈن مېنى يولۇمدىن توسما. ئىشىم بەك ئالدىراش، مېھمان قىلىدىغان ئىش ماڭا قەرز بولۇپ تۇرسۇن. باشقا بىر كۈنى قانداق قىل دېسەڭ شۇنداق قىلاي. بولامدۇ؟ مەن بۈگۈن ئىچكىرىگە ماڭماقچى، — دېدى.

—كۆتۈر ئۇنداق قۇرۇق باھانەڭنى! بۈگۈن ساڭا پۇل خەجلىتىپ، ئەل-ئاغىنىلىرىمنى مېھمان قىلدۇرمىسام، نايۇپ دېگەن ئىسمىمنى يۆتكىۋېتىمەن!

—نايۇپ، كۆكەملىك قىلما! مەن هازىر دېدىمغۇ، مېنى تېرە باسقان ماشىنا ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ. مېنى ئىشىمدىن قويما.

—قادىر، مەن سېنى ئۆزۈم بىلەن تەڭ كۆرۈپ، مېھمان قىلىۋال دەۋاتىمەن! بولمىساچۇ... ۋاي، نايۇپكا، خىزمەتتە بولايلى دەيدىغانلار سامانىدەك! مەن سېنى يۈز-ئابرۇيى تېپىۋالسۇن دەپ بۈگۈن شۇنداق دەپ قويدۇم. بولمىسا، مېنىڭ تۈكۈرگەن تۈكۈرۈكۈمدىنمۇ سەندەك قوڭالتاقتىن نەچچە يۈزى سەكرەپ چۈشىدۇ! قانداق؟ ئەگەرچۇ... يانچۇقۇڭدا ئىككى-تۆت تىزا بولمىسا، ماۋۇ قاراپ تۇرغانلار ئالدىدا نايۇپ ئاكا، جېنىم ئاكا، بۈگۈن يانچۇقۇم قۇرۇقتى دەپ يالۋۇرساڭمۇ مەيلى، مەن رازى، بۇنىڭغىغۇ ماقۇل دەرسەن؟!

قادىرنىڭ غەزەپتىن پۈتۈن بەدىنى ئوت ئېلىپ كەتتى، ئىككىيلەننىڭ ۋارقىراشقان ئاۋازىنى ئاڭلىغان 30 – 40 ئادەم ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ تاماشا كۆرۈپ تۇراتتى، نايۇپ ئۇنى ئاپئاشكارا كەمسىندۈرۈۋاتاتتى. قادىرنىڭ جۇدۇنى ئۆرلىدى، بىراق ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغان شوپۇر ئېسىگە كېلىش بىلەنلا قايناپ-تاشقان ئاچچىقىنى بېسىۋالدى.

خەپ نايۇپ! بۈگۈن مەن ساڭا يول قويياي، بىراق مۆرىتى كەلگەندە، مۇشۇ نوچىلىقىڭنى كۆزۈڭگە بىر كۆرسەتمىسەم ھېساب ئەمەس! يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقىنى يەڭگەن باتۇر دەپتىكەن. سەن بىلەن تەڭ تۇرىمەن دەپ، سودامدىن قالسام بولمايدۇ. ئەسلىي مەقسىتىڭ مېنىڭ تۆت تىزامنى خەجلەش بولىدىغان بولسا، باش-كۆزۈمنىڭ سادىقىسى ئورنىدا بېرىۋېتەي.

قادىر يانچۇقىدىن ئۈچيۈز كوي چىقىرىپ، نايۇپقا تەڭلىدى.

—ئاله... مانا پۇل... هاراق ئېلىپ ئىچەمسەن ياكى خوتۇنۇڭغا ئۇسما ئېلىپ بېرەمسەن ئىختىيارىڭ. مەن مېھمان قىلغان ھېسابتا بولسۇن، ئەمما يولۇمنى توسما! مەن هازىرلا ماڭمىسام بولمايدۇ!

—ھەي... قادىر... مەن سەندىن پۇل تىلىمىدىم، مېنى مېھمان قىل دېدىم. پۇل دېگەنچۇ مانا مەندە سامانىدەك جىق. سەن ئۆز قولۇڭ بىلەن قۇيغان هاراقنى ئىچىمەن دېدىم، ئوغۇل بالا بولساڭ، پۇ-

لۇڭنى ماڭا تەڭلىمەي، دۇكانچىغا تەڭلەپ ھاراق ئېلىپ بىر شىرە قورۇما تەييارلا، ئاندىن يولۇڭغا ماڭغىلى قويىمەن!

قادىر ئەمدى يەنە تالىشىپ ئولتۇرۇشنى لايىق كۆرمەي، قولىدىكى پۇلنى نايۇپنىڭ تۆش يانچۇقىغا كەپلەپ سالدى ـ دە، ئۇنى يانداپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدى. بىراق نايۇپ شاققىدە يانغا ئۆتۈپ، دېۋەيلىگىنىچە ئۇنىڭ يولىنى توسۇۋالدى.

قادىر كەينىگە بۇرۇلۇپ كەتمەكچى بولۇۋېدى، نايۇپ كاپىلا قىلىپ ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىدىن تۇتۇۋالدى:

ــ قورقتۇڭمۇ!؟ قورققان بولساڭ، ئاكا، جېنىم ئاكا دە! بولمىسا، سەن مېنى بىر قوللۇق مېھمان قىلماي قولۇمدىن تىرىك چىقىپ كېتەلمەيسەن! سەندەك تېرىپۇرۇشقا تېتىيالمىسام، ماڭا بۇنداق جاننىڭ لازىمى يوق!

ــ مانا ئەمىسە!

قادىر ئۇنى ئەدەپلىمەكچى بولۇپ، مۇشتىنى تۈگۈپ دېۋەيلەپ بولۇپ توختاپ قالدى. ماۋۇ رەزگى مۇناپىقنى ئۇرۇپ مېجىقىنى چىقىرىۋەتسەم قانداق بولار؟ خەپ نايۇپ، تازىمۇ بىر ئالدىراپ تۇرغاندا يولۇمنى توسۇۋالدىڭ. نوخۇلاڭنى بىر ئالدىغان پۇرسەت كەپقاپتىكەن. بوپتۇ، ھايانىنى سەن ئالغان بول، بۇگۈن ئېغىرلىق قىلاي، سەندەك لۈكچەك بىلەن ئۇرۇشسام، ئەلە ـ مەلە ئەلۈەتتە گۇناھنى ماڭا ئارتىدۇ! شۇ كەمگىچە بىرەرسى بىلەن ياقىلىشىپ باقماپتىمەن، ئەمدى بولغاندا يامان ئاتىلىق بولۇپ قالماي.

ــ توختاپ قالدىڭغۇ قادىر نوچى! ــ نايۇپ ئۇنىڭغا دېۋەيلىدى، ــ بىرنى تاك ئېتىپ چېكىپ باققىنا، يەتمىش پۇشتۇڭغىچە سولىتىۋەتمىسەم مەن نايۇپ قۇددۇس بولماي كېتەي! مېنى ئۇرالايدىغان ئادەم ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن چۈشمىدى تېخى... ئالە سېسىق پۇلۇڭنى... بايا دېدىمغۇ... يا غوجىكا دەپ يالۋۇرىسەن، يا چىرايلىقچە مېھمان قىلىپ، ماڭا ناماقۇل بولىسەن.. بولمىسا ساڭا ياخشىلىق يوق. ھۇ... تۈل خوتۇننىڭ كۈچۈكى!

ھاراقنىڭ كەيپىدىن شۇ تاپتا نايۇپنىڭ يۈرىكى قاپتەك يوغىناپ كەتكەن ئىدى. قادىر ئېگىشىپ چاپىنىنىڭ پېشىنى تارتىپ ئاجراتماقچى بولۇۋېدى، نايۇپ كاپپىدە ئۇنىڭ بوينىنى قولتۇقىغا قىسىۋالدى. ئىككىيلەن نەق يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇتۇشۇپ قالدى. ئۇلارنى ئاجراتقۇدەك بىرەر كىم چىقمىدى. قادىر ئوڭ قولى بىلەن نايۇپنىڭ گەۋدىسىنى قامالاپ سول قولى بىلەن بىر پۇتىنى تۇتۇپ پىرقىرىتىپ تاشلىۋەتتى. نايۇپ «ئېھ» دېگىنىچە جىممىدە يېتىپ قالدى. ئەتراپتا قارىشىپ تۇرغانلار گۇررىدە يېقىنلاپ كېلىشتى، كىمدۇر بىرى ئېگىشىپ نايۇپنى يۆلەپ قوپۇرماقچى بولدى، بىراق نايۇپنىڭ بېشى ئۆلۈك خورازنىڭ بېشىدەك ساڭگىلاپ قالدى. ھېلىقى ئادەم قولىنى ئۇنىڭ بۇرنىغا تۇتۇپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن بىردىنلا ۋارقىرىۋەتتى:

ــ ئۆلۈپتۇ! نايۇپباي ئۆلۈپتۇ!

قادىرنىڭ مېڭىسى تارسىلدە يېرىلىپ كەتكەندەك زىڭىلداپ كەتتى. ماۋۇ پېشكەللىكنى! راستىنلا ئۆلگەنمىدۇ؟ يالغاندىن ئۆلگەن بولۇپ يېتىۋېلىپ، مېنى قورقۇتاي دەۋاتامدۇ ـ يا! ئۆزۈم قاراپباقاي، ھوشىدىن كەتكەن بولسا، دوختۇرغا ئاپىراي. تازا ئالدىراپ تۇرغاندا مائىشنى قارىمادىغان.

قادىر ئېگىشىپ نايۇپنىڭ بۇرنىغا قولىنى تۇتتى. نايۇپنىڭ تىنىقى توختاپ قالغانىدى. چېرايى تامدەك تاتىرىپ، ئېڭىكى ساڭگىلاپ چۈشكەنىدى. قادىر ئىختىيارسىز ئورنىدا ئولتۇرۇپ

www.uyghurkitap.com

قالدى. ئۇ بۇنداق بولۇشىنى زادى ئويلاپ باقمىغانىدى. هايال ئۆتمەي ساقچىلار يېتىپ كېلىشتى، كىشىلەر ئۇۋىسى چۇۋۇلغاندەك ھەربىلەردەك ئۆرتۆپە بولۇپ كېتىشتى، نايۇپنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى قىنىيا-چىيا ئىچىدە يېتىپ كېلىپ ھازا ئىچىشتى. قادىر ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغان شوپۇرغا بولغان ئىشنى دەپ، يەنە بىر-ئىككى كۈن ساقلاشنى جېكىلەش نىيىتىدە بازارغا قاراپ ماڭماقچى بولۇۋېدى، قومبۇستان كەنتىنىڭ ئامانلىق ساقلاش مۇدىرى بارات تاش ئۇنى ماڭدۇرمىدى:

— قادىراخۇن! بالانى تېرىغان ئۈزۈڭلار، ئادەم ئۆلگەن تۇرسا، نەگە بارىسىلەر؟! ساقچىلار تەكشۈرۈپ بىر نېمە دەپ خۇلاسە چىقارمىغۇچە، مەن سىلىنى ھېچيەرگە ماڭغۇزمايمەن، بۇ دېگەن قانۇنغا چېتىلىدىغان ئىش. مەن سىلىنى تۇتۇپ تۇرمىسام بالانىڭ چوڭىغا قالىمەن...

دېلودىن دەماللىققا خۇلاسە چىقارغىلى بولمايتتى، نايۇپ قۇددۇس چوڭ جەمەتىنىڭ ئادىمى ئىدى، قومبوستاندىكى دېھقانلارنىڭ يېرىمى ئۇنىڭ بىلەن قان قېرىنداش كېلەتتى. يېزا ۋە ناھىيىدىكى كاتتىلار ئارىسىدىمۇ يېقىن-يورۇقلىرى كۆپ ئىدى، ئۇلار ھە دېگەندە قادىرنى قاتىل دەپ بېكىتىپ قاتتىق جازالاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشتى.

قادىرنىڭ تەرىپىنى ئالىدىغانلارمۇ جىق ئىدى، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى قادىردىن كۆپ ياخشىلىق كۆرگەن نامراتلار بولسا، يەنە بىر قىسمى نايۇپنىڭ قاقتى-سوقتى قىلىنىشىغا ئۇچرىغانلار ئىدى. تارازىنىڭ تەڭشەلمىگى تەس. ئاخىرىدا ساقچىلار ئاۋۋال قادىرنى ئادەم ئۆلتۈرگەن گۇمانلىق جىنايەتچى قاتارىدا تۇتۇپ تۇرۇشنى قارار قىلىشتى.

2

«كالىنىڭ مۈڭگۈزىگە ئۇرسا، تۇيىقى سىقىراپتۇ» دېگەندەك، قادىرنىڭ پېشكەللىككە ئۇچراپ تۇرمىگە كىرىپ قېلىشى ئۇنىڭغا نەۋرە تۇغقان كېلىدىغان قاسىم سۇلايماننى قاتتىق بىئارام قىلىۋەتتى.

قاسىمنىڭ ئاتىسى سۇلايمان ناھىيە بازىرىدىكى داڭلىق زەرگەر بولۇپ، ئۇ قادىرنىڭ ئاتىسى نامان مىراپ بىلەن دادا بىر، ئانا باشقا ئاكا-ئىنىلار ئىدى، سىياسەت ئىنچىكە، سىنىپىي تەركىب ھەممىنى بەلگىلەيدىغان يىللاردا ئاكا-ئۇكىلار ئۆزىنىڭ غېمى بىلەن بولۇپ كېتىپ تاشلىشىپ كېتىشكەن، كېيىن زامان ئوڭشىلىپ قادىر چېلىشتا داڭق چىقارغان كۈنلەردە قايتىدىن تېپىشقانىدى.

قادىر بىلەن قاسىم شېرىكلىشىپ تېرە سودىسى قىلاتتى. قاسىم دەسمايە ئۇچۇن پۇل چىقىراتتى، قادىر بولسا، يېزىلارنى ئارىلاپ تېرە يىغىپ، ئىچكىرىگە ئاپىرىپ، خۇرۇم زاۋۇتلىرىغا توپ ئۆتكۈزەتتى. ئۈچ-تۆت يىلنىڭىياقى ئىككىيلەننىڭ ئىش-ئوقىتى ئوبدان يۇرۇشۇپ، دەسمايىنى نەچچە قاتلىغانىدى. ئەمما بۇ نۆۋەت ئىككىيلەننى بىراقلا نەس باستى.

نايۇپ ئۆلگەن كۈنى قادىر تۇرمىگە سولاندى، ئۇ ئۆزى بىلەن ئىچكىرىگە بىللە بارماقچى بولغان يۈك ئاپتوموبىلى شوپۇرىغا ياكى قاسىمغا خەۋەر بېرىشكە ئۈلگۈرەلمىدى. قاسىم ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، شوپۇرنى ئىزدىۋېدى، ئەللىك مىڭ پارچە تېرە بېسىلغان ئاپتوموبىل بىلەن شوپۇرنى تاپالمىدى، نەچچە مىليونلۇق مال بىلەن شوپۇر سىرلىق ھالدا يوقاپ كەتكەنىدى. ئەگەر قادىر ئۆزى بولغان بولسا، مال بىلەن شوپۇرنى سۈرۈشتە قىلىش كۆپ ئاسان بولاتتى. ھازىر ھەممىدىن مۇھىمى قادىرنى ئامال قىلىپ قۇتۇلدۇرۇپ چىقىش ئىدى، دەپ ئويلىدى. قاسىم زەرگەر دېسە بۇ يۇرتتا مېنى بىلمەيدىغان ئادەم يوق. ئالمادىس قادىر ئىغىر كېسىلىپ كەتسە مېنىڭمۇ ئىناۋىتىم

بىر تىپىن بولىدۇ. توشقاننى قومۇش ئۆلتۈرەر، ئەرنى نومۇس دېگەن گەپ بار. ئىناۋەت ھەممىدىن مۇھىم. قادىرنى قۇتۇلدۇرالمىسام ماڭا بۇ يۇرت ھارام بولمامدۇ؟ قادىرنى قاتىل دېگەن گۇيلارغا ئۆزۈمنى تونۇتۇپ قويمىسام ھېساب ئەمەس، پۇل دېگەننى مانا مۇشۇنداق باشقا كۈن چۈشكەندە خەج - خىراجەت قىلارمىز دەپ تاپىدىغان گەپ. بولمىسا، پۇل دېگەن بۇ رەڭلىك قەغەزدە ئىشتان - چاپان كىيگىلى بولمايدۇ - دە. ياخشىسى دېلودا پېچىقى كېسىدىغان ئادەملەرنىڭ گېلىنى ياغلاپ، يوللۇق قوغدانغان دېگەن گەپنى دېلوغا كىرگۈزۈشۈم كېرەك. بىچارە ئۇكام، تۈرمىدە نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتقانسەن؟ بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر. سەن ھامان ئاقلىنىپ چىقىسەن، ئۇ چاغدا يەنە كىم دېسە قادىر چېلىشچى، قاسىم زەرگەر دەپ مەيدىمىزنى كېرىپ، ئوقتىمىزنى سۈدەك ئاقتۇرىمىز. بىزنى كۆرەلمىگەنلەر ئىچى زەردىگۈش بولۇپ كېتىدۇ تېخى.

قاسىمنىڭ ئىشلىرى ھە دېگەندىلا ئوڭدىن كەلمىدى، ئىشەنگەن تاغدا كېيىك ياتماپتۇ دېگەن شۇ ده، دەپ ئويلايتتى قاسىم؛ نەچچە يىلنىڭياقى ئۆلپەتلىشىپ، شۇنداق يېقىن ئۆتكەن تۇرۇقلۇق، پېچاق سۆڭەككە قادالغاندا، ماۋۇ تەۋەككۇل سوتچى دېگەن ئەزمە ئاداشنىڭ قېيقىزىل پرىنسىپچى بولىۋالغىنىنى كۆرمەمدىغان! ئەللىك مىڭ كويغا قارايمۇ قويمىدى تېخى. سەن بىلەن بىز شۇنداق يېقىن ئاغىنە تۇرۇپ بۇنداق سودىلىشىدىغان ئىشنى قىلساق بولمايدۇ، دېلو ئېنىق جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ قولىدا، ئاۋۋال ئۇلار قانۇن بويىچە تەھقىقلەپ باقسۇن، دېلو بىزنىڭ قولىمىزغا ئۆتكەندە، قانداق بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىك بولسا، شۇنداق قىلىمىز، قادىرنى مەنمۇ بىلىمەن، تېگىدىن ئوبدان ئادەمنىڭ بالىسى، ئۇۋال قىلىنماسلىقىغا پۇل بەرمىسەڭمۇ كاپالەتلىك قىلىمەن دېگەن چىرايلىق گەپلىرىگە چىچاي. ئاۋۇ ئابدۇرېھىم دېگەن ساقچىنى خېلىلا دۇرۇس ئادەم دەپ يۈرسەم، بۇمۇ ئىشتاننى سېلىپ ئوسۇرىدىغان بىر نېمىكەن ئەمەسمۇ! ئۇنىڭ پۇلۇڭنى ماڭا تەڭلىمە، مەن ئۇنداق قارىغۇنى تار يەردە قىستاپ نەپ ئالىدىغان ئادەم ئەمەس، پەمىمچە يوللۇق قوغدىنىشنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىككە ياتىدىغاندەك قىلىدۇ، خاتىرجەم بول، قادىر بىلەن مەنمۇ ئوبدان تونۇشاتتىم، ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلىنىپ كەتمەيدۇ، دېگىنىنى بالام يىغلىما، ئەتە پۇل تاپسام، ساڭا كەمپۈت ئېلىپ بېرىمەن دېگەنلىكى بولماي نېمە؟ مەن راستىنىلا ئىشنىڭ ئېپى - جېپىنى بىلمەي قالغاندەك تۇرىمەن. ئۇجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش دەپ ساقلاپ تۇرسام ئالىمادىس ئىش يامىنىغا مېڭىپ، دېلو يامان يەرگە بېرىپ تاقالسا، پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا تاپالماي قالماي يەنە، دېلونى ساقچىلار 50 - 60 كۈندە بىجىرىپ بولۇپ تەپتىش مەھكىمىسىگە ئۆتكۈزىدىكەن. ئۇلارمۇ بىر ئاي كوچىلاپ تەكشۈرۈپ سوتقا ئۆتكۈزىدىكەن. ئاچقۇچ يەنىلا ساقچىلارنىڭ تەكشۈرۈشى ئىكەن، كېسەر پىچاق بىر - ئىككىسىنى تېپىپ، دېلونىڭ ھالقىسىنى ئوبدان بىر يەرگە باغلىۋەتمىسەم بولمىغۇدەك.

قاسىمغا ئەقىل كۆرسىتىپ، مەسلىھەت بېرىدىغانلار جىق ئىدى، ئۇ بىر نېمە دەپ، بۇ بىر نېمە دەپ، ئاخىرى بۇ ناھىيىدە قولىدىن ھېچقانداق ئىش قىچىپ قۇتۇلالمايدىغان بىر ئادەمنىڭ بارلىقى مەلۇم بولدى، قاسىم بۇ ئادەمنى بۇرۇندىنلا بىلىسىمۇ، ئەمما ئۇنى باشلىقلارنىڭ چاپانچىلىقىنى قىلىپ جان باقىدىغان داستىخان چۈۋىنى، پىچاقتا ساپ بولغۇدەك بىڭىسىسى يوق بىر نېمە دەپ كۆزگە ئىلماي كەلگەنىدى. «كۆزگە ئىلمىغان پۇتتا چوماق» دېگەن گەپ راست ئىكەنده! بۇ ئادەم قولىدا ئاز - تولا ئەمىلى بار قايىم نۇر دېگەن كىشى ئىدى.

—قاسىمجان، سىلى ئالتۇن - كۈمۈشنى بىر كۆرۈپلا جىنىڭ - جالىغىنى ئايرىيالىغانلىرى بىلەن، بۈگۈنكى كۈندە كىمنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغانلىقىنى بىلمەي يۈرۈپتىلا، قايىم نۇر

يەتتە ـ سەككىز ئادەم ئىشلەيدىغان كىچىككىنە بىر ئورۇننىڭ باشلىقى بولغان بىلەن، هازىر ناهىيىدە ئۇ ئارىلاشسا هەل بولمايدىغان ئىش يوق، بىنا قۇرۇلۇشىنى هۆددىگە ئالىدىغان، بىرىنچى دەرىجىلىك تاشيول قۇرۇلۇشىنى تالىشىدىغان، هەتتا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن باللىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئادەملەر مۇشۇ ئادەمنىڭ قولى بىلەن ئىش پۈتتۈرىدۇ. مىش ـ مىش گەپلەرگە قارىغاندا، بۇ ئادەم پات ئارىدا يەنە ئۆسكۈدەكمىش. مەن سىلى بىلەن ياخشى ئەسرالىشىپ ئۆتكەچكە، كۆڭلۈمنى يېقىن بىلىپ، بۇ ئادەمنى سىلىگە سايە قىلىۋاتىمەن، ـــ دېدى ئۇنىڭغا مەسلىهەت بەرگەنلەرنىڭ بىرى.

قاسىم دەماللىققا تازا ئىشىنىپ كېتەلمەي سۈرۈشتۈرۈپ كۆرۈۋېدى، باشقىلارمۇ شۇ هامان تەستىقلاشتى.

قاسىم ئەللىك مىڭ يۈەننى تەييارلاپ، بىر كۈنى كەچتە قايىم نۇر بىلەن «يەنە كېلىڭ» رېستورانىنىڭ ئايرىمخانىسىدا كۆرۈشتى. يۈزى چوقۇر، خامسېمىز، ئوتتۇرا بوي، پال كۆز قايىم نۇر قاسىمنىڭ ئىلتىجاسىنى ئاڭلاپ:

ـــ هە... هە... بۇ دېلودىن خەۋىرىم بار. چاتاق يوق، خەق چاتاق چىقىرىپ، يولىنى توسۇۋالسا، كىمنىڭ ئاچچىقى كەلمەيدۇ؟! قادىر دېگەن ناهىيىمىزگە شان ـ شەرەپ كەلتۈرگەن چېلىشچى باتۇر تۇرسا، ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلىنسا، كىم راۋا كۆرىدۇ؟ سىلى خاتىرجەم بولسىلا، مەن ساقچى ئىدارىسىدىكىلەرگە هايت دەپ قويسamla بولىدىغان ئىشكەن، ـــ دېدى ـ دە، ئالدىغا قويۇلغان بەش باغلام پۇلنى بەخىرامان ئېلىپ سومكىسىغا سالدى، ئۇ شىرەدىكى قوزۇمىلاردىن بەهۇزۇر يەپ، ئىككى رومكا هاراق ئىچكەندىن كېيىن، جىددىي ئىشى بارلىقىنى ئېيتىپ، قاسىم بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

قاسىم ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، قايىم نۇر «شادلىق باغچىسى» رېستورانىنىڭ ئايرىمخانىسىدا يەنە بىر ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ، كاتتا زىياپەتتە بولۇۋاتاتتى. قايىم نۇر چىرايىدىن كۈلكە ياغدۇرغان هالدا پومپايغان سومكىسىنى تىزىغا قويۇۋېلىپ كېرىلىپ ئولتۇراتتى، ئۇ ساھىبخان سۇنغان رومكىنى سىلىق رەت قىلىپ، زىياپەت ئەھلىگە قارىغىنىچە چوڭقۇر خىيال سۈرمەكتە ئىدى. خۇدا بەرسە قولىغا، كەلتۈرۈپ بېرەر يولىغا دېگەن گەپ بىكار ئېيتىلماپتىكەن، مانا، ئوخشاش بىر ئىش خۇسۇسىدا ئون كاللەك پۇل چونتەككە كىردى. ماۋۇ ساۋۇر نۇر دېگەن كەنت باشلىقىنىڭ ئەللىك مىڭ يۈەن خەجلەپ، قادىر چېلىشچىنى قەستەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرگەن دەپ بېكىتىپ بەر، دېگىنىگە قارىغاندا، قادىردا ئالالمىغان ئۆچى باردەك قىلىدۇ. قانداق قىلىش ئۆزۈمنىڭ ئىختىيارى، ۋاقتى كەلگەندە، كىمنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە ماڭا ئەسقاتىدىغانلىقىغا قاراپ باقمامدىم. ئاتام رەهمەتتى ئالامەت ئەقىللىق ئادەمكەن. ئۇنىڭ «بالام ئەقىللىق بولۇشنى ئۆگەن، ئاۋۋال كاللاڭنى، ئاندىن تىلىڭنى ئىشقا سېلىشنى بىلىۋال، ئادەمگە ئامەت كەلتۈرىدىغانمۇ، ئاپەت ئېلىپ كېلىدىغىنىمۇ مۇشۇ ئېغىزىڭدىكى تىل، ئاغزى يۇمشاق مىڭنى ئېمەر، ئاغزى قاتتىق بىرنى دېگەن گەپنى ئۇنتۇما. خەقنىڭ، بولۇپمۇ باشلىقلارنىڭ بۇرنىدىن كىرىپ ئاغزىدىن چىقىشنى بىلىۋالساڭ، كېيىنكى كۈنلەردە كۈنلىرىڭ ياخشى ئۆتىدۇ. هەممە ئادەم ئۆزىنى ماختايدىغان، تاتلىق گەپلەرگە ئامراق، يۇڭ توقماق بىلەن يۇڭ قوزۇقنى يەرگە ئۇرۇپ كىرگۈزگىلى بولىدۇ دېگەن گەپنىڭ مەنىسى مۇشۇ» دېگەنلىرى هېلىهەم يادىمدا. ئاغزى گەپكە قىرىقلىق قىلالمايدىغان رەهمەتلىك ئاتامنى كىشىلەرنىڭ كەينىدىن «نۇراخۇن قۇشقاچ» دېگەننى ئاڭلاپ، دەسلەپتە بەك نومۇس قىلغانىدىم، كېيىن ئاتامدىن «نېمىشقا كىشىلەر سىلىنى نۇراخۇن قۇشقاچ

دەيدۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: «مەن گەپ قىلىشقا ئېرىنمەيمەن، گەپ قىلىشقا دەسمايە كەتمەيدۇ، مەن ئاغزىمنى ئىشقا سېلىپ، ئالدى ـ ساتتىدا كېلىشەلمىگەنلەرنى كېلىشتۈرۈپ، بېدىكلىك قىلىپ پۇل تاپىمەن، مېنى قۇشقاچقا ئوخشاتقان بولسا، تازا جايىدا دەپتۇ، قۇشقاچ دېگەن بۇ جانىۋارنىڭ يا ئۆي ـ ماكانى يوق، دان ساقلايدىغان خالتىسى، قورسىقىنىڭ قانداق دەپ كۆڭۈل بۆلىدىغان ئاتا ـ ئانىسى يوق. بىراق ئاشۇ كىچىككىنە جانىۋار تاڭ يورۇماستىنلا چۇرۇقلاپ يۈرۈپ، تېگىشلىك رىزقى ـ نېسىۋىسىنى ئىزدەپ تېپىپ يەيدۇ. قەھرىتان قىشتا، پىژغىرىم ئىسسىقتا جېنىنى ساقلاپ، بالىلاپ كۆپىيىدۇ، نەدە يېگۈدەك دان، ئوتنىڭ ئۇرۇقى، قۇرت ـ قوڭغۇز بولسا شۇ يەرگە ئېرىنمەي بارىدۇ. دان ـ ئوزۇق تاپسا، ھەمراھلىرىنى چۇرۇقلاپ چاقىرىپ، تەڭ دانلايدۇ. بەزى ئادەملەرنىڭ ئاشۇ قۇشقاچچىلىك ئەقلى ۋە غەيرىتى يوق، خەق مېنى قۇشقاچ دېسە، ئۆزىنىڭ ئاغزى، ھەممىدىن جاننى ئوغرىغا ئالدۇرماي، گۈلدەك باققان ئەلا» دېگەن ئىدى.

ئۇ كۆپ ئوقۇمىغان بىلەن، خېلىلا ساۋاتلىق ئادەم ئىدى، خەنزۇچە تىل ـ يېزىقنى ئوبدانلا يامىدايتتى، چوت سوقۇشقا، ھېساب ـ كىتابقا ماھىر ئىدى. ماڭا بەش يېشىمدا چوت سوقۇشنى ئۆگىتىپ، ھېساب ـ كىتابنىڭ ئېپى ـ جېپىنى بىلدۈرگەنىدى. ئۇنىڭ ھېكمەتلىك نەسىھەتلىرى ۋە كەينىدىن يۈرۈپ كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ئىشلار مېنىڭ بۈگۈنكىدەك ئادەم بولالىشىمدا ئاجايىپ رول ئوينىدى. تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپلا ئاتامنىڭ يول مېڭىشى بىلەن تۆمۈر تاۋاقلىق دۆلەت كادىرى بولدۇم. كېيىنكى كۈنلەردە ئاتامنىڭ يولىنى تۇتۇپ، تەلەي يۇلتۇزۇم بارغانسېرى يورۇق بولدى. مېنى دائىمىي ھەيئەت بولغۇدەك دېگەن گەپنىڭ تارقالغىنىغا خېلى ئۇزۇن بولدى، دائىمىي ھەيئەتلىك دېگەن قانچىلىك ئىشتى؟ ئەمدى 41 ياشقا كىرىپتىمەن، ئەزىز بېشىم ئامان بولسىلا، ھاكىملىك، ۋالىيلىق دېگەن ئەمەللەر مەندىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئەمما ـ زە، يەنىلا سەگەك بولمىسام بولمايدۇ، يېقىنىنىڭقىياقى ئاقساقال ماڭا ئىلگىرىكىدەك ئېچىلىپ گەپ قىلماس بولۇۋالدى، تايىنلىق بىرەر كۆشەندە كەينىمدىن چىشلەپ تارتىپ، يامان گېپىمنى قىلغاندۇ؟! مەن ئاشۇ ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىدىكى يېڭى تەرەققىيات رايونىدا داچىسىمان قورۇ ـ جاي سالدۇرۇپ، خاتا ئىشتىن بىرنى قىلغاندەك تۇرىمەن. ھەممىسىگە ناھىيە مەركىزىدىكى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بازىرى قۇرۇلۇشىنى ھۆددە ئالغان ھېجايىغاق خوجايىن ئەيىبلىك. ئىنىس ـ جىنغا تۇيدۇرماي، باشقا كىشىلەرنىڭ نامىدا سېلىپ بېرىمەن، كېيىن بۇ جايدا ئۆينىڭ باھاسى ئۆرلەپ كېتىدۇ، نەچچە ھەسسە قىممەت باھادا ساتالايدىلا دېسە، كالتە پەملىك قىلىپ ماقۇل دەپتىمەن. «جان بولسا، جاھان، ئاش بولسا قازان» دەپتىكەن. كىچىككىنە نەپنى دەپ، ئوتقا سەكرىگەنلىك ـــ ئەقلى گەجگىسىگە ئۆتۈپ قالغان ئادەملەرنىڭ ئىشى، بۇ ئىشنى ئوبدان بىر توغرىلاپ، ئۆزۈمنى چېقىمدىن خالاس قىلمايمەنمۇ؟ ھازىر يېتىم بالىلارنى يىغىپ تەربىيىلەش ئورنى قۇرىمىز دەپ داۋراڭ قىلىشىۋاتىدۇ. ئۇنىڭغا سالىدىغان مەبلەغ، جايلىق ئورۇن ھەممىسى ئاسما قوزۇقتىكى گەپ. مەن بۈگۈن كېچىدىلا شۇ ئۆيگە ئاپىرىپ قويغان تەئەللۇقاتلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ، ئۆينى بىكارلىۋېتەي. ئەتە ھېلىقى خوجايىننى چاقىرتىپ كېلىپ، ئاچقۇچنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بۇ ئۆينى ئۇنىڭ نامىدا يېتىم بالىلارنى يىغىپ تەربىيىلەش ئورنى قىلىشقا ئىئانە قىلدۇراي، بوپتۇ، بۇ نام ـ ئاتاقنى ئاشۇ گۆي ئالسۇن، ھېلىمۇ ياخشى بۇ داچىنىڭ ئىشىنى خوتۇنغىمۇ دېمەپتىكەنمەن. ئاقساقال ئاڭلاپ راسا ھاڭ ـ تاڭ قالسۇن. توختا... توختا. بۇنىڭ بىلەن ھەممىنى بېسىقتۇرۇپ بولغىلى بولمايدۇ. ماۋۇ سومكىدىكى ئۈزلۈكىدىن كېلىپ قالغان يۈز مىڭ يۈەنىمۇ ئاقساقالنىڭ خانىمىغا سوڭگۇتۇۋېتەي، بۇ خېنىم پۇلغا كارامەت ئامراق، ئۆتكەندە ئۇنىڭ يۇرتىدا سۇ ئاپىتى بولۇپ،

www.uygurkitap.com

بىرقانچە تۇغقىنى ئاپەتكە ئۇچراپتىكەن. ھەببەللى، ئۆز ۋاقتىدا ياردەمدە بولالمىدىم، ئاز بولسىمۇ تۇغقانلىرىغا ئەۋەتىپ بىرەرلا دېسەم، سۆزسىز ئالىدۇ... قايىم ئەنە شۇنداق خىيال سۈرۈۋاتقاندا، ئۇنىڭ يانفونى جىرىلداپ سايراپ كەتتى. بۇنداق كەچتە تېلېفون قىلغان كىمدۇر؟ ئۇ ئالدىراپ يانفونىنى ئالدى.

يانفوندىن بىر ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، ئەندىكىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن قايىم نۇر، قولىدىكى سومكىنىڭ يەرگە چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالدى.

3

قايىم نۇرنىڭ ئۇخلىسا چۈشىگە كىرمەيدىغان بىر ئىش يۈز بەردى. ئۇنىڭ يېڭى تەرەققىيات رايونىدىكى ئۈچ قەۋەتلىك، باغۋارانلىق داچىسىغا ئوغرى چۈشكەنىدى، قايىم نۇر ياقا يۇرتتىن كەلگەن بىر جۈپ ئىشلەمچى ئەر-خوتۇننى ھويلىنىڭ بۇرجىكىدىكى ئىككى ئېغىزلىق ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، كۆزەتچىلىك قىلىپ باغۋارانغا قاراشقا قويغان، ئىككى بۆرە ئىت سېتىۋېلىپ، بىرىنى ھويلىغا، يەنە بىرىنى باغقا قويۇۋەتكەنىدى.

شۇ كۈنى ئىشلەمچى ئەر-خوتۇنلار ناھىيە مەركىزىدىكى كەچلىك بازارغا بېرىپ خېلىلا ھايال بولۇپ قالدى، بۇنىڭغا ئەر ئىشلەمچىنىڭ يۇرتدىشى ئۇچراپ قېلىپ، بىردەم ھال-مۇڭ بولمىسىز دەپ تۇرۇۋالغانلىقى سەۋەب بولدى. ئەر-خوتۇنلار سائەت ئون ئىككىلەردە داچىغا قايتىپ كېلىپ ھاڭ-تاڭ قالدى. ئادەتتە قايىم نۇردىن باشقا ئادەم كىرمەيدىغان ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئۆينىڭ چىرىغى يېنىقلىق ئىدى، ھويلىدىكى بۆرە ئىت نېمە سەۋەبتىندۇر ئۆلگەن، باغدىكى ئىتمۇ بىر تۈپ ئۆرۈككە ئېسىپ قويۇلغانىدى، ئەر-خوتۇن ئىشلەمچىلەر ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ، تېخىمۇ ھەيران قالدى، ئىككىنچى قەۋەتتىكى مېھمانخانا ئۆينىڭ نەق ئوتتۇرىسىدا نانتونۇش، قارىمۇتۇق ئەركىشى ئىشتىنىنى سىيرىپ قويۇپ، چوڭ تەرەت قىلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ يېنىدا ئىككى چامادان تۇراتتى، ئۆينىڭ ئىچىدىكى ساندۇق-ئىشكاپلار مالىماتاڭ قىلىۋېتىلگەن ئىدى.

ئەر ئىشلەمچى دەرھال سىرتقا قايتىپ چىقىپ، ئىشىكنى ياپتى-دە، خوتۇنىغا:

—تېز بول، 110گە تېلېفون بەر! — دەپ ۋارقىرىدى.

مېھمانخانىدىكى ھېلىقى ئەر تېخىچە ئىنجىقلاپ ئولتۇراتتى.

نېمىدېگەن قاپ يۈرەك ئوغرى بۇ؟! ئىككىمىزنى كۆرۈپ قاچايمۇ دېمەي ئولتۇرىدىيا؟! ئۇلار نېمىلەرنى ئوغرىلىغاندۇ؟! قايىم ئۆينى يالغۇز تاشلاپ ئوغرىغا ئالدۇرۇپسىلەر دەپ قوغلىۋەتسە قانداقمۇ قىلارمىز؟! ئاۋۋال ساقچىلار كېلىپ ئوغرىنى تۇتسۇن، ئاندىن ئۇنىڭغا خەۋەر قىلاي. ئوغرى تۇتۇلغاندىكىن، مېنى ھەيدەۋەتمەس، ھېلىمۇ ياخشى يۇرتلۇقۇم يەنە ئازراق ئىچىشەيلى دېگەندە ئۇنىماي، قايتىپ كەپتىمەن. پېشانەم ئوڭ ئىكەن، نېمىلا بولمىسۇن، ئوغرىنى ئۆيگە سولىۋالدىم. مۇشۇلارنى ئويلىغان ئەر ئىشلەمچى خوتۇنىغا بىر تال كالتەك ئەكەلدۈرۈپ، ئىشىكنى ساقلاپ تۇردى.

بۇگۈن ساقچىلارنىڭ ھەرىكىتى ناھايىتى تېز بولدى، ھەش-پەش دېگۈچە ئون بەشتىن ئارتۇق ساقچى ماشىنا ۋە موتسىكلىتتا ئارقا-ئارقىدىن يېتىپ كېلىشتى، ئەر ئىشلەمچى ئوغرىنىڭ ئىككىنچى قەۋەتتىكى مېھمانخانىدا ئىكەنلىكىنى ئېيتىۋىدى، ساقچىلار ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ، ئوغرىنىڭ يەنىلا ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى ۋە كېلىپلا قولىغا كويزا

سالدى. ساقچىلار ئوغرىنىڭ يېنىنى ئاختۇرۇۋېدى، ئۇنىڭ ئىچىگە كىيىۋالغان كۆپ يانچۇقلۇق جىلىتكىسىنىڭ يانچۇقلىرىدا ئالتۇن زىبۇ زىننەتلەرنى كۆرۈشتى. چامادانىنى ئېچىۋېدى، ھەممەيلەننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىشتى، چامادانىدا لىق پۇل بار ئىدى. نەدىن كەلگەن شۇنچە جىق پۇل بۇ؟!

ئەر ئىشلەمچى ئايالىغا دەرھال قايىم نۇرنىڭ يانفونىغا تېلېفون قىلىشنى بۇيرۇدى، ھايال ئۆتمەي، قايىم نۇر ئۆكسۈلى ئۆچكەن ھالدا يېتىپ كەلدى. ساقچىلارنى كۆرۈپ ئۇنىڭ چىرايى ساماندەك سارغىيىپ كەتتى، تۈگەشتىم، بىراقلا تۈگەشتىم، ماۋۇ كالۋالار نېمىدەپ ساقچىلارنى چاقىرىپ كەلگەندۇ؟! ماڭىلا تېلېفون قىلغان بولسا، بۇ ئىشنى غىمىسسىدە بېسقتۇرۇپ، ماۋۇ شۇم پېشانە ئوغرىنى راسا ئەدەپلەپ، يولغا سېلىۋەتمەسمىدىم! خەپ، ئەمدى ماۋۇ بالا ـ توقۇناقتىن قانداق قۇتۇلارمەن؟ شۇنچە جىق پۇلنى نېمىدەپ بۇ ئۆيگە يوشۇرۇپ قويغاندىمەن؟ بۇ پۇللار نەدىن كەلگەن دەپ سورىسا، نېمىدەپ جاۋاب قىلارمەن؟ مۇشۇ ئىشقا كەلگەندە، ئەجەب ئەقىللىق كاللام ئىشلىمەي قاپتۇ. ماۋۇ نەس ئوغرى ئوغرىلايدىغان يەر قالمىغاندەك، نەق مېنىڭ داچامغا چۈشۈپ ئوغرىلىق قىلغىنىنى دەيمىنا! ئەستاغپۇرۇللا، ئەجەب نەس باستىغۇ مېنى... قايىم نۇر خىيالىنى داۋاملاشتۇرالماي تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ساقچىلار ئۇيۇر ـ تورۇپ بولۇشۇپ ئۇنى يۆلەشتۇرۇپ، پەسكە ئېلىپ چۈشتى ـ دە، دەرھال ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ تېز قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە ئەپكىلىشتى.

ــ يۈرەك تىقىلمىسىدەك قىلىدۇ، ــ دېدى نۆۋەتچى دوختۇر تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ــ جىددىي قۇتقۇزمىساق، ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن، قان بېسىمى بەك يۇقىرى.

دوختۇرلار قايىم نۇرنى تېز قۇتقۇزۇشقا باشلىدى.

ساقچىلار ئىدارىغا كېلىپلا جىددىي سوراقنى باشلىۋەتتى. قايىم نۇرنىڭ داچىسىغا چۈشكەن قارىمۇتۇق ئوغرى دەسلەپتە «قورسىقىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ» دەپ نالە ـ پەرياد قىلىپ، ھېچقانداق سوئاللارغا جاۋاب بەرمىدى. تۈرمە دوختۇرى كېلىپ، تەكشۈرۈپ بېقىۋېدى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىدى. بىراق بۇ ئوغرى يەنىلا قاقشاپ زارلىناتتى، پېشقەدەم رازۋېدكىچى تۇختى داۋۇت كىرىپ كېلىش بىلەنلا، ئوغرى جىمىپ قالدى.

ــ ھۇي، مەتەك ئوغرى! يەنە ئوغرىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپسەنغۇ! بولدى، بۇ ھۈنىرىڭنى يىغىشتۇر. ماۋۇ ياش باللارنى ئەخمەق قىلالىغىنىڭ بىلەن مېنى كولدۇرلىتالمايسەن، تاماكا چېكەمسەن؟ ساپ موخۇركىنىڭ يىلتىزىدىن ياسالغىنى، تۇتە چېكە! خېلى نوچى ئوغرى ئىدىڭ، سوراقتا قىلغانلىرىڭدىن تانماي ئىقرار قىلاتتىڭ، ئەمدى شۇ نوچىلىقلىرىڭ نەگە كەتتى؟ نەق



مەيداندا هارام مال بىلەن قولغا چۈشۈپسەن، ھىتتى-پىتتى دەپ ئۆلتۈرماي، قىلغانلىرىڭنى گەدى-
نىڭگە ئال، تۈرمە دېگەن سېنىڭ ئىككىنچى ئائىلەڭغۇ! ھەببەللى، تاماكىنى چېكىپ، سوئال-
لارغا جاۋاب بەر، بولمىسا مېنى ئوبدان بىلىسەنغۇ. ئوغرى دېگەننىڭ ئاللا-تۈۋىسىنى چىقىرى-
دىغان توختى بازغان دېگەن مەن. جەمئىيەتنىڭ داشقىلى، هارام يېمىسە ئۆلىدىغان پەسەندى! گەپ
قىل دەۋاتىمەن! — توختى داۋۇت بىردىنلا ۋارقىراپ كەتتى. جاھان نېمىدېگەن تار ھە! ماۋۇ قېرى
ساقچىنى بۇچاقىچە ئۆلۈپ كەتكەندۇ دېسەم، تېخىچە ھاياتكەن، يەنە كېلىپ تۇتۇلۇپلا مۇشۇ
ئالغۇر بۇركۈت بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالغىنىمنى كۆرمەمدىغان! بۇ قېرى قاقۋاش ھېلىمۇ بۇرۇنقى
يامانلىقىدىن قالماپتۇ. 30 ياش ۋاقتىمدا تۇتۇلۇپ قالغاندا مۇشۇ ساقچى ئۈچ كېچە-كۈندۈز سوراق
قىلىپ ۋايجېنىمنى چىقىرىۋەتكەن. مەن خېلى-خېلى مۇشت-تېپىكلەرگە ۋاي دەپ باققان ئە-
مەستىم، بىراق-زە، بۇ توختى بازغاننىڭ مۇشتۇمى ئاجايىپ قاتتىق، بىرنى سالسىلا ئادەمنى يې-
رىم جان قىلىپ قويىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا مۇشۇ ساقچىنىڭ ھەيۋىسى ھەم تايىقىغا چىدىماي، ھەممىنى
ئىقرار قىلىپ، ئون يىل كېسىلىپ كەتكەن ئىدىم. ئەمدى قېرىغاندا ئۇنىڭ مۇشتۇمىغا چىدى-
يالمايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە نەق مەيداندا قولغا چۈشۈپ قالدىم. ھەممىسىگە تۈيۈقسىز قوزغى-
لىدىغان قورساق ئاغرىقىم سەۋەب بولدى، بۇ داچىنى بەش كۈن پايلاپ يۈرۈپ، ھېلىقى ئەر-خوتۇن
ئىشلەمچىلەر كەچلىك بازارغا كەتكەندە دەرۋازا قۇلۇپىنى ئېچىپ كىردىم، بۆرە ئىتنى كۆچۈلا
دورىسى ئارىلاشتۇرۇلغان قىزا بىلەن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈپ، باغدىكى بۆرە ئىتنى قۇلىقىدىن تۇتۇۋې-
لىپ، كانىيىنى بوغۇپ، ئۆرۈككە ئاستىم، خەقلەر بۆرە ئىت ئانداق يامان، مۇنداق يامان دەپ كې-
تىدىكەن. ئىت دېگەن ھەرقانچە ئېسىل نەسلىدىن بولسىمۇ، بەرىبىر گالغا ئامراق، ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە ھەرقانداق يامان ئىشنىڭمۇ قۇلىقىدىن تۇتۇۋېلىپ، ئىككىلا سىلكىسەڭ، ھاۋشىيالماس بو-
لۇپ قالىدۇ. بۇ داچىنىڭ ئىگىسى تازا هارامدىن بېيىغان ئادەمكەن، ئۇ يەر-بۇيەرنى ئاختۇرۇپ، ھە
دېگەندە بىرمۇنچە ئالتۇن زىبۇ زىننەت بىلەن پۇلنى تاپتىم، ھەممىنى جايلاشتۇرۇپ ماڭاي دېگەندە،
قېرىشقاندەك قورسىقىم ئاغرىپ، پەقەت چىدىيالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئورنۇمغىلا ئولتۇردۇم، ئا-
لاھەزەل بىر سائەت قىينالدىمغۇ دەيمەن. بۇ كېسەل ماڭا قانداق چاپلاشقانىكىن، يېمىگەن دورا،
كۆرسەتمىگەن تېۋىپ قالمىدى. مانا ئاخىرى مۇشۇ نەس كېسەل مېنى تۇتۇپ بەردى. زادى پېشانەم
تەتۈركەن، بەش-ئون كۈن ئىشىم ئوڭدىن كېلىدىيۇ، يەنە بىرەر سەۋەب بىلەن تۇتۇلۇپ قالىمەن.
ساقچى دېگەن نېمىلەرمۇ يەردىن ئۈنگەندەك پەيدا بولىدۇ. مۇشۇ ساقچىلارنىڭ دەستىدىن بىزدەك-
لەرگە ياخشى كۈن يوق. بىر زامانلار ئىشچىلار رەھبىرى سىنىپ دەپ بەك ئەتىۋارلىنىپ كەتكە-
نىدى. كېيىنچە بېرىپ، ھەممىسى ئىشتىن قالدۇرۇلۇپ، ئىستاژىنى سېتىپ تىلەمچىدەك ئەتى-
ۋارسىز بولۇپ كېتىشتى، مۇشۇ ساقچى دېگەن نېمىلەرمۇ ئاشۇنداق يامان كۈنگە قېلىپ، ھېچ-
كىم ئەتىۋارلىمايدىغان بولۇپ كەتسە، بىز ئوغرىلار قانچە ئەركىن-ئازادە بولۇپ كېتەتتۇق ھە!
بۇدا ئىشىم راستىنلا چاتاق بولىدۇ. چۈنكى توختى بازغانغا ئۇچراپ قالدىم. بۇ ساقچى ئەسكى
مازنى چۇۋۇغاندەك ھەممىنى سۇرۇشتە قىلىپ، ئىقرار قىلدۇرمىغۇچە، ھەرگىز بولدى قىلمايدۇ.
ئەستاغپۇرۇللا. ئۆزۈن كېسىۋەتسە قانداق قىلارمەن. پېشانەمگە پۈتۈلگىنى مۇشۇ تەقدىر-قىسمەت
ئوخشايدۇ. بېشىمغا كەلگەننى كۆرەي. ھەممىنى ئىقرار قىلىۋەتسەم جىنايىتىنى تونۇش پوزىت-
سىيىسى ياخشى دەپ كەڭچىلىك قىلسا ئەجەب ئەمەس، ماڭا كارامەتلىك ئاچقۇچ ياساپ بەرگەن
ئادەمنىمۇ پاش قىلاي، يەنە مەن بىلىدىغان ئوغرىلارنىمۇ پاش قىلاي، خىزمەت كۆرسەتتى دەپ
جىنايىتىمنى يەڭگىللەتسە، تېخى تەلىيىمنىڭ ئوڭدىن كەلگىنى. مەتەك ئوغرى مۇشۇ خىياللار

16

بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ توختى داۋۇتتىن سورىدى.

—سوجاڭ، گەپلىرىنى ئۇزەمبىللا ئاڭلايمەن. سىلىگە ئىشىنىمەن، ئەمما بىر گەپنى سورۋالمىسام زادى بولمايدۇ!

—نېمىنى سورايسەن؟

—ئەمدى... مەن دېمەكچى... مەن سىلەر ئۇقمايدىغان مۇھىم بىر ئىشنى قوشۇپ ئىقرار قىلسام، كەڭچىلىك قىلامسىلەر؟ يەنى دېمەكچى... ماڭا جازا كەسكەندە، مۇشۇ ئۆزلۈكىمدىن ئىقرار قىلغانلىقىمنى ھېسابقا ئېلىپ يېنىكلىتىپ جازا بېرەمسىلەر دېمەكچى؟

—ھەي ھىيلىگەر ئوغرى، بۇ يەر سېنىڭ سودىلىشىدىغان بازىرىڭ ئەمەس، ئەمما ئالدىن دەپ قوياي، دېگەنلىرىڭ ھەقىقەتەن بىز بىلمەيدىغان ئەھۋاللار بولسا، ئەلۋەتتە ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك قىلىش دېگەن سىياسەت بويىچە جازا بەرگەندە ئويلىشىپ كۆرۈشكە بولىدۇ. بىراق كاززاپلىق قىلىمەن دەپ خام خىيال قىلما! جىنايىتىڭدىن بىرەر - يېرىمىنى يوشۇرۇپ، يالغانچىلىق قىلغانلىقىڭ ئېنىقلانسا، ئېغىرلىتىپ جازالىنىسەن، بىلدىڭمۇ!؟

—بىلدىم، سوجاڭ، يالغان سۆزلەشكە ھەددىم ئەمەس. بۇدا مەن راستىنىلا ئىقرار قىلىمەن.

مەتەك ئوغرى ئىقرار قىلىشنى باشلىۋەتتى. ئۇ تۆت قېتىم تۇتۇلۇپ تۈرمىگە كىرگەچكە سوراق تەرتىپىنى بەش قولدەك بىلەتتى. ساقچىلارنىڭ تېخىمۇ كۆپرەك ئىقرار ماتېرىيالىغا ئېگە بولۇشنى كۆزلەيدىغان پسىخىكىسىنى چۈشىنەتتى.

مەتەكنىڭ ئەسلىي ئىسىم - فامىلىسى مەمەتتۇرسۇن مەمەتتوختى بولۇپ، باشقىلار ئۇنى ئىخچاملاپ «مەتەك» دەپلا ئاتىشاتتى. ئوغرىلىق ئۇنىڭ ئاتا مىراس كەسپى ئىدى. ئۇنىڭ ئاتىسى مەمەتتوختى مەمەتىرېھىم چوڭ چارۋا ئوغرىسى ئىدى. مەتەك بولسا ئوغرىلانغان ئات، كالا، تۆگە، قېچىرلارنى سېتىپ پۇل قىلىشنى تەس كۆرۈپ، ئۆيگە ئوغرىلىقا چۈشۈشنى تاللىۋالغانىدى، ئۇ ئوغرىلىق قىلىشنى باشلىغان زاماندا، يېزا - كەنتلەردىكى ئۆيلەرنىڭ دېرىزىسى يوق، پەقەت تۈڭلۈك ۋە ئىشىكلا بار ئىدى. تۈڭلۈكنىڭ شادىسىنى قايرىپ، ئۆيلەرگە ئوغرىلىقا چۈشۈش تام تېشىشتىن كۆپ ئاسان ئىدى، ئۇ ئىككى قولىغا ئۇزۇن پىچاق ئېلىپ تام - تورۇسلارغا سانجىپ، بەھۇزۇر ئۆمىلەپ ماڭالايتتى. ئۇنىڭ يەنە ئۆي ئىگىلىرىنى قورقۇتۇپ، پۇت - قولىدا جان قويمايدىغان ئالاھىدە «ھۈنىرى» بار ئىدى، كېچىسى تۈڭلۈكتىن چۈشۈۋاتقاندا، ياكى ساندۇق، لىمتاقلارنى ئاختۇرۇۋاتقاندا، ئۆي ئىگىسى ئويغىنىپ كېتىپ، ئۇنى تۇتىۋالماقچى بولغاندا ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرى يېشىل نۇر چىقىرىپ، بەئەينى ئالۋاستىدەك قورقۇنچلۇق بولۇپ كېتەتتى. ئۆي ئىگىسى يۈز - قوللىرىدا ئالىيېشىل ئوت پالىلداپ تۇرغان مەتەكنى كۆرۈپلا نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالاتتى. مەتەك بولسا، ئۆي ئىگىسىنى ئىتتىرىۋېتىپ، ئولجىسىنى بەخۇدۇك كۆتۈرگىنىچە ئىشىكتىن چىقىپ كېتەتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ھەر قېتىم كېچىلىك ئوغرىلىقا چىققاندا، يۈز - قوللىرىغا بىر خىل توپىنى سۇرتىۋالاتتى. بۇ توپا ئۇنىڭ يۇرتىدا «كۈمۈش كۆزلۈك بۇزرۇك غوجام مازىرى» دەپ ئاتالغان كونا مازارنىڭ ئۆلۈك توپىسى ئىدى. ئۇستىنى ئېشەك قومۇچى باسقان، قەبرە ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان بىر موچە چوڭلۇقتىكى بۇ خارابە تەكلىماكانغا تۇتاش توغراقلىق ئىچىدىكى تاشلاندۇق مازار ئىدى، مەتەك نەچچە كۈن يول يۈرۈپ، بۇ مازارغا كېلىپ، دۆڭلۈكنى كولاپ، بىرەر مېتىرچە توپا ئاستىدىن كۆل رەڭگە مايىل بىر ئىلىك قېلىنلىقتىكى توپا قەۋىتىنى ئېچىپ، يېنىدىن ئايرىمايدىغان سەگازخالتىغا قاچىلاپ ئېلىپ كېتەتتى، بۇ سىرنى ئۇنىڭغا ئاتىسى، ئاتىسىغا بولسا ئوغرى ئۇستازى دەپ بەرگەنىدى. كۆل رەڭ

17

www.uyghurkitap.com

توپا ئەمەلىيەتتە ئاق فوسفور تەركىبى بار سېغىز ئىدى. توك چىراغىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، مەتەكنىڭ ئالاھىدە ھۈنىرى كارغا كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ يۈزىگە سۈرتۈۋالىدىغان توپىسى پەقەت قاپقاراڭغۇ كېچىدىلا كارامىتىنى كۆرسىتەلەيتتى. ئۇ شۇ ۋەجىدىن كۆپ قېتىم تۇتۇلۇپ قالدى. ئۇ ئىككىنچى قېتىم تۇتۇلغاندا، تۈرمىدە ياپياشلا بىر مەھبۇس بىلەن تونۇشۇپ قالدى. ئۇ كوچىلاپ سوراپ يۈرۈپ، بۇ مەھبۇسنىڭ گۇمان بىلەن قاماققا ئېلىنغانلىقىنى بىلدى.

ياش مەھبۇسنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇنىڭ ئاتىسى ناھىيە بازىرىدا تونۇلغان زەرگەر ئىكەنمىش. بۇ زەرگەرنىڭ خوتۇنى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئەلا باي ئىسىملىك مۇز داۋاندا قار كۆچكۈنىدە ئۆلگەن سودىگەرنىڭ تۇل قالغان خوتۇنى ئالتۇنخان بىلەن توي قىلغانمىش. بىرەر يىلچە ئۆتكەندە، ئالتۇنخان تۇيۇقسىز يوقاپ كەتكەنمىش، ئالتۇنخان بۇ زەرگەرنىڭ ئۆمۈر بويى يىغىپ ساقلاپ كەلگەن خام ئالتۇن، تىللا تەڭگىلىرىنى قويماي يىغىشتۇرۇپ، ئۈرۈمچى ـ قەشقەر تاشيولىدا بىر ماشىنىنى توسۇپ، كېتىپ قالغانمىش. دەسمايىسىدىن بىراقلا ئايرىلغان زەرگەر دەردكە چىدىماي، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغىنىچە شىپا تاپالماي ئۆلۈپ كەتكەنمىش. ياش مەھبۇس دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، زەرگەرلىككە دەسمايە تاپالماي، ئالتۇنخاندىن قالغان قورۇ ـ جايىنى ئېلىشقا سېتىپتۇ. قورۇ ـ جايىنى ساتقان پۇلغا قاراڭغۇ بازاردىن خام ئالتۇن سېتىۋېلىپ، زەرگەرلىكنى ئىزىغا سالاي دېگەندە، ئۇنىڭغا ئالتۇن ساتقان ھايانكەشلەر تۇتۇلۇپ، ئۇنىمۇ چىشلەپ تارتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئېغىر جەرىمانە قويۇلۇپ، قاقسەنەم بولۇپ كېتىپتۇ. ماڭىدىغانغا يول تاپالمىغاندا، ئۇنىڭ كۆپ يىللىق قوشنىسى راخمان تاتۇق دېگەن قۇلۇپساز ئۇنى شاگىرتلىققا ئاپتۇ، كىچىك ۋاقتىدا ئوت كەتكەن ئۆيىنىڭ ئىچىدە قېلىپ يۈزى كۆيۈپ تاتۇق پېتى ساقايغان راخمان قۇلۇپساز قۇلۇپ رېمونت قىلىش، ئاچقۇچ ياساشقا بەكمۇ ئۇستا ئىكەن. ھەتتا ئورۇسنىڭ كونا قۇلۇپلىرىغىمۇ ئاچقۇچ ياسىيالايدىكەن، ئاتا ـ ئانىسىدىن مىراس قالغان قۇلۇپلىرىنىڭ ئاچقۇچىنى يىتتۈرۈپ قويغان كىشىلەر خېلى يىراق يۇرتلاردىن كېلىپ، راخمان قۇلۇپسازغا ئاچقۇچ ياسىتىدىكەن.

راخمان قۇلۇپساز ئۇنىڭغا يېرىم يىلدا ھەممە ھۈنەرلىرىنى ئۆگىتىپ بولۇپ، دۇئا بېرىپتۇ. ئۇ دادىسىدىن قالغان زەرگەرلىك دۇكىنىنى قۇلۇپسازلىق دۇكىنىغا ئۆزگەرتىپ ھەرھالدا يامان ئەمەس جان بېقىپ كەپتۇ، بىراق ئۇنىڭ چۈپقەتلىرى كۆپىيىپ، قولىغا ئاز ـ تولا پۇل كىرىشكە باشلىغاندا، ئۇنى يەنە نەس بېسىپ تۈرمىگە كىرىپ قاپتۇ.

ئەسلىدە ئۇ سېتىۋەتكەن قورۇ ـ جايىنى سېتىۋالغان ئادەم ھويلىغا كۆكتات ئورىسى كولىماقچى بولۇپ، ھويلىنىڭ بىر بۇرجىكىنى كولاپتىكەن. كولانغان جاي قاچانلاردىدۇر تىندۇرۇۋېتىلگەن كونا كۆكتات ئورىسى بولۇپ چىقىپتۇ. ئۇ ئادەم ئەسلىدىكى ئۆرەكنى كېڭەيتىپ ۋە چوڭقۇرراق كولاۋاتقاندا، توپا ئارىسىدىن لىققىدە بىر نېمە قاچىلانغان چىنگە تاغار چىقىپتۇ. ئۇ ئادەم تاغارنى تارتىپ چىقىرىپ، ئىچىنى مالتىلاپتىكەن، تاغارنىڭ ئىچىدىن تېخى چىرىمىگەن ئادەم ئۆلۈكى چىقىپتۇ. ئۆلۈكنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى تولۇق، چاچلىرى بىرەر غېرىچچە ئۆسكەن، تىرناقلىرى ئۇزۇن، چىرايى ساپسېرىق ئىكەن. بۇ ئادەم قورققىنىدىن «ئايەتەلكۇرسى»نى چالا ئوقۇپ، ئۇدۇل ساقچى ئىدارىسىغا يۈگۈرۈپتۇ.

ساقچىلار دەرھال كېلىپ، ئۆلۈكنى تەكشۈرۈپتۇ. ئەلە ـ مەلىدىكى مويسىپىت ئادەملەرنى چاقىرىپ، ئۆلۈكنى كۆرسەتكەنىكەن، مۇشۇ مەھەللىگە ئەڭ كونا بىر قانچە قېرىلار بىجىرىم ھالەتتىكى جەسەتكە سىنچىلاپ قاراپ:

— ھەي، قۇدرىتى ئۇلۇغ ئاللا ئىگەم! پاسىق بەندىلىرىڭنى كەچۈرگەيسەن! بۇ... بۇ

ھېلىقى مۇزداۋاندىن ئۇتتۇۋاتقاندا قار كۆچكۈندە قېلىپ ئۆلۈپتىمىش دەپ ئاڭلىغان ئەلا باينىڭ ئۆلۈكى ئەمەسمۇ! شۇ چاغدا رەھمەتلىك ئەلا باينىڭ كىچىك خوتۇنى جامائەتكە نەزىر بېرىپ، نەچچە كۈن يىغلاپ ھازا ئاچمىغانمىدى؟! مانا بىزلەر ئاشۇ نەزىرگە داخىل بولۇپ، تېخى رەھمەتلىكنىڭ روھىغا ئاتاپ خەتمەقۇرئان قىلغانىدۇققۇ! ھەي... بەندە دېگەننىڭ سىرتىغا قاراپ ئىچىدىكىنى بىلگىلى بولمايدىكەن، دېيىشىپ ھەيران قاپتۇ.

مەھەللىدىكىلەر شۇ ھامان ئالتۇنخاندىن گۇمانلىنىپتۇ. ئەمما ئالتۇنخان بەش-ئالتە يىل ئىلگىرى يوقاپ كەتكەن بولغاچقا، ساقچىلار ئالتۇنخاننى ئەمرىگە ئالغان زەرگەردىن گۇمان قىپتۇ. ئالتۇنخاننى تالاغا قاراپ، زەرگار بىلەن بىرلىشىپ ئەلا بايغا قەست قىلغان دەپ قاراپتۇ. ساقچىلار زەرگار ئۆلگىنى بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى بەلكىم بەزى ئىشلارنى بىلىشى مۇمكىن دېگەن پەرەز بىلەن ئۆزىنى تۇرمىگە سولاپتۇ. بىراق گۇمان دېگەن بەرىبىر گۇمان، ياش مەھبۇس ئەلا باينىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە ھېچنېمىنى دەپ بېرەلمەپتۇ.

مەتەك ئوغرى ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ:

—ۋاي بىچارە ئۇكام، پېشانەڭ تەتۈر ئىكەن ئەمەسمۇ! سەن ياش، جىق ئىشلارنى بىلمەيسەن، بۇ جاھان شۇنداق تەتۈر جاھان، سەن ھېچقانداق گۇناھلىق ئىش قىلمىساڭمۇ، نەس باساي دېسە، قەدەمدە بىر توقۇ-لەنەتكە قېلىۋېرىسەن، بەك ياۋاش بولۇپ كەتسەڭ، كۆرگەنلا كىشى سېنى ئېشەك قىلىپ مىنىمەن دەپلا تۇرىدۇ. خەقنى بابلاپ جان بېقىشنى ئۆگەن. مانا مەن ئەقلىمگە كەلسەم، رەھمەتلىك ئاتام ئوغرىلىق قىلاتتىكەن. ئۇ دائىم ماڭا: ھەي، بالام، ئوغرىلىق قىلىش بىز بەندىلەرگە ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن مىراس قالغان ئىش، ئادەم ئەلەيھىسسالام جەننەتتىكى چېغىدا ئاللاتائاللا يېمە دەپ چەكلىگەن مېۋىنى ئوغرىلاپ يەپ قويۇپ، جەننەتتىن قوغلىنىپتىكەن، ئوغرىلىقمۇ تىرىكچىلىكنىڭ بىر ئېپى، بۇرۇنقى زامانلاردا ھەر-ھەر كاتتا پادىشاھلار ئوغرىلىق قىلغانلارنىڭ پۇت-قولىنى چاناپ، پەيلىرىنى كېسىپ جازالىغان بولسىمۇ، ئوغرىلىقنى يىلتىزىدىن تۈگىتەلمەپتىكەن. ھەممە ئادەم ئۆز رىزقى-نېسىۋىسىنى يەيدۇ» دەيدىغان. ئەمدى ئۇكام، نەق گەپنى دېسەم، سەن قولۇڭدىكى ھۈنەرنى پەقەت جايىغا ئىشلىتەلمەپسەن. بايا دېدىڭغۇ ھەرقانداق قۇلۇپقا بىر قاراپلا قانداق ئاچقۇچ چۈشىدىغانلىقىنى دىتلاپ بىلەلەيدىكەنسەن. بۇنى بىلىۋالغىنىم بەلەن ئىش بولدى، مەن بۇ سېسىق تۇرمىدە يېتىۋەرمەيمەن. سېنىمۇ تاپىنلىق يەنە بىر-ئىككى ئايدىن كېيىن قويۇپ بېرىدۇ، مەن تۈرمىدىن چىقسىملا، سېنى تاپاي، ئىككىمىز بىرلىشىپ ئاشۇ كىچىك بالىنىڭ مۇشتۇمچىلىك چويۇن قۇلۇپىغا دادىسىغا ئىشەنگەندەك ئىشىنىدىغان قاپاقۋاش نېمىلەرنى ئوڭدا قويايلى! ماقۇل-دە دەيمەن بەتبەختنىڭ بالىسى، بىكا قوۋۇرغاڭنى ئوشتۇۋېتىمەن، مەن مەتەك ئوغرى دېگىنىمنى قىلىدىغان گاڭگۇڭ ئادەممەن! — دەپ دەيدەيگە سالدى.

نەدىكى ئاتام كۆرمىگەن بىر ئوغرىغا ئەگىشىپ ماڭا نېمە كەپتۇ دەپ ئويلىغان ياش مەھبۇس دەماللىققا ئۇنىڭغا ماقۇللۇق بىلدۈرمىدى.

4

ياش مەھبۇس دەل قادىر چىلىشچىنىڭ نەۋرە ئاكىسى قاسىم ئىدى. ئەينى چاغدا قاسىم قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن يەنە قۇلۇپسازلىقنى قىلدى. ئۇ ئەسلىدە زەرگەر بولغاچقىمىكىن، قولى

www.uyghurkitap.com



چېۋەر، پەمى تولا ئىدى، ئۇنىڭ قۇلۇپسازلىقتا تېزلا داڭقى چىقىپ كەتتى، خېرىدارلىرىمۇ بارغانسېرى كۆپىيىپ، كىشىلەر ئۇنى «قاسىم قۇلپا» دەپ ئاتىشىدىغان بولۇشتى.

قاسىم قۇلۇپسازلىق بىلەن تۇرمۇشىنى قامداۋاتقان كۈنلەردە قۇيرۇقىنى كۆتۈرگەن كالا تېزەكلىمەي قالمايدۇ دېگەندەك، مەتەك ئوغرى تۇيۇقسىز ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ قالدى.

مەتەك ئوغرى قاسىمغا ھۆكۈمەت مېنى قويۇپ بەردى دېگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ تۈرمىدىن قېچىپ چىققاندى. ئىككىسى يالغۇز قالغاندا مەتەك ئوغرى دۇكاننىڭ ئىشىكىنى ئىچىدىن تاقىدى-دە، يېنىدىن بىر تۇتام پۇل چىقىرىپ قاسىمنىڭ ئالدىغا تاشلاپ:

—ئۇكام، دېگىنىم بويىچە سېنى ئىزدەپ كەلدىم. سەنچۇ، غىدىڭ-پىدىڭ قىلماي ماڭا ھەر خىل قۇلۇپلارغا چۈشىدىغان ئاچقۇچلاردىن بەش-ئوننى ياساپ بەرگىن، بىكىرىغا ئەمەس، مانا سىمكىرىغا مىڭ كوي بېرىمەن! — دېدى.

كۆز ئالدىدا تۇرغان بىر تۇتام پۇلنى كۆرۈپ قاسىمنىڭ كۆزى ئالىچەكمەن بولۇپ كەتتى، ئۇ چاغلاردا مىڭ كوي دېگەن كارامەت جىق پۇل ھېسابلىناتتى. ئۇ تۇغۇلۇپ ھازىرغىچە مۇنداق جىق پۇلنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى تىترەك باستى. گېلى قۇرۇپ، ئىچىگە ئوت كەتكەندەك قىزىپ كەتتى. ئۇ ئالدىدىكى پۇلنى نېرى ئىتتىرىپ بوغۇق ئاۋازدا:

—ياق، ئۇنداق گۇناھلىق ئىشنى قىلمايمەن، — دېدى.

—ماۋۇ شۇمتەكنىڭ دەۋاتقان گېپىنى! ھۆي بالا، سەن مېنى سەل چاغلاپ قاپسەن. مەتەك ئوغرى ئەزەلدىن دېگىنىنى قىلىدۇ ھەم قىلدۇرىدۇ، ياخشىلىقچە پۇلنى ئېلىپ، ماڭا ئاچقۇچ ياساپ بەر، بولمىسا، قۇشقاچنى بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلىۋەتمەي يەنە، ئوغرىلىق قىلىپ يۈرۈپ نەچچە ئادەمنىڭ قارنىنى يېرىۋەتكەنمەن. ماۋۇ پىچاقنى كۆرۈپ قوي، بۇ سەندەك يەتتە ئادەمنى جەھەننەمگە يولغا سالغان يېڭىسار پىچىقى، ھۇ ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ئەبگا سويما! — مەتەك ئوغرى شۇنداق دېگىنىچە يېنىدىن ئىككى بىسلىق خەنجەرنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئوينايتتى.

قاسىم قورقىنىدىن لاغىلداپ تىترەپ كەتتى.

—ياساپ بېرەمسەن-يوق؟! ئوچۇق گېپىڭنى قىل لامزەللە سويما!

مەتەك ئوغرى قان قۇيۇلغان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، تېخىچە خەنجىرىنى ئوينىتىپ تۇراتتى،

قاسىمغا شۇ تاپتا ماقۇل دېمەكتىن باشقا ئىلاج قالمىغانىدى.

قاسىم قورقۇنچ ئىچىدە ئىشقا كىرىشتى. مەتەك ئوغرى توپتوغرا يېرىم كۈن ئۇنىڭ بېشىدا دېۋەيلەپ تۇرۇپ ئاچقۇچ ياساتتى، قاسىم ھەممە ھۈنىرىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا ھەر خىل قۇلۇپلارغا چۈشىدىغان 12 تال ئاچقۇچ ياساپ بەردى. مەتەك ئوغرى ئاچقۇچلارنى بىر ـ بىرىگە سېلىشتۇرۇپ، ئىدىتلاپ بولغاندىن كېيىن:

ــــ مەن بۇ ئاچقۇچلارنى ئىشلىتىپ باقىمەن، كارغا يارىسا سېنى ئوبدان رازى قىلىمەن، كارغا كەلمىسە سەندەك نېمىنى تۇغۇلغىنىڭغا پۇشايمان قىلدۇرۇۋەتمىسەم، مەتەك ئوغرى ئەمەسمەن! ــــ دېدى ـ دە، دۇكاندىن چىقىپ كەتتى.

قاسىم نەچچە كۈننى قورقۇنچ ئىچىدە ئۆتكۈزدى. مەتەك ئوغرى قالدۇرۇپ كەتكەن پۇللارنى شۇ پېتى يوشۇرۇپ قويدى، بىرەر ئايغىچە ،ھېچ ئىش يۈز بەرمىدى. قاسىمنىڭ ئەمدىلا كۆڭلى تىنچىپ، ئىش ـ ئوقەتكە كىرىشكەندە، ناھايىتى پوزۇر كىيىنىۋالغان مەتەك ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا لىققىدە نەرسە قاچىلانغان چوڭ سېرىق سومكا بار ئىدى، ئۇ سالام ـ سەھەت قىلىپ ئولتۇرماي:

ــــ ئۇكام، دۇكىنىڭغا بارسام، خەقلەر گۇمانلىنىپ قالمىسۇن دەپ كەچتە ئۇدۇل ئۆيۈڭگە كەلدىم. قولۇڭدىن ئىش كېلىدىغان، كاللاڭ ئىشلەيدىغان ھۈنەرۋەن بالىكەنسەن. ئاچقۇچلىرىڭ كارغا كەلدى، يىگىرمىدەك ئائىلىنى چاندۇرماي قۇرۇقداپ قويدۇم. ئولجا ئاز ئەمەس، بۇ سومكىدىكى نەرسە سېنىڭ ھەققىڭگە ھېساب، ئىچىدە يەنە مىڭ كوي پۇلمۇ بار. ئالە... لاتا غىلاپ... مەنغۇ ئىنساپلىق ئوغرىمەن، ماڭا ئەسقاتقان ئادەم گۆشۈڭنى يەيمەن دېسىمۇ ئالە مانا دەپ رازى بولۇپ بېرىدىغان نوچى ئوغرىمەن. سېنى ئەمدى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيمەن. ئىش ـ ئوقىتىم جايىدا بولۇپ بەرسە، سېنى يەنە يوقلاپ كېلىمەن، ماڭا ئامانلىق تىلە! ــــ دېدى ۋە قاسىمنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا ئىشىكتىن چىقىپ، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولدى.

قاسىم سومكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئىچىدىكى نەرسىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى، مۇشۇ كۈندە ناھايىتى قىس بولۇۋاتقان سارجا، ئەتلەس، يۇڭ پوفايكا، خۇرۇم ئاياغ، قول سائىتى دېگەندەك نەرسىلەرنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ھەيرانلىقى تېخىمۇ ئاشتى، سومكىدىن يەنە قولياغلىقىقا چىگىكلىك مىڭ كوي پۇل، ئايرىم ئورالغان يېرىم قوينىڭ گۆشى چىقتى. پاھ! ئەجەب يامان ئوغرىكىنا بۇ! مېنىڭ ئالدىمغا شۇنچە جىق نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ كەلگىنىگە قارىغاندا، تاپقان ئولجىسى ئاز ئەمەستەك قىلىدۇ. جاھان راستىنلا تەتۈر ئىكەن. مەن گىرەنىڭ ئالدىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ بىر كۈندە بەش ـ ئالتە خېرىدارنى يولغا سېلىپ، يەتتە ـ سەككىز كوي تاپسام، ماۋۇ ئوغرى بىر ئاخشامدىلا مىڭ كويلاپ پۇل تاپىدىكەن. ئاچقۇچ دېگەن كارامەت نەرسىكەن، ئۇ قولۇڭدا بولسا، شۇ ئاچقۇچ چۈشىدىغان قۇلۇپ سېلىنغان ئۆيدىكى پۇل ـ پۇچەك، مال ـ دۇنيا سېنىڭكى بولىدىكەن. توختا، تەۋەككۈل قىلماي پۇل تاپقىلى بولمىغۇدەك، ئاچقۇچ دېگەننى ئۆزۈم ياسىيالايدىغان بولغاندىكىن، مەتەك ئوغرىنى دوراپ بىر ـ ئىككى ئۆيگە كىرىپ باقسام قانداق بولار؟! تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ قالسا پۇل دېگەننى سانىماي خەجلەيدىغان بولۇپ كېتەمدىمەن تېخى. قاسىمنى ئەنە شۇنداق تېگى يوق خىياللار چىرمىۋالدى.

ئۇنىڭ كۆڭلىدە قىزىقىش بىلەن قورقۇنچ ئۆزئارا ئېلىشىۋاتاتتى. ھەي، كەم ئەقىللىق قىلماي، بۇ بەك خەتەرلىك ئىش، ھازىر نېمىلا دېگەنبىلەن، خەقلەر مېنى «قاسىم ئۇستا» دەپ ھۆرمەتلىشىدۇ. ئەگەر ئوغرىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قالسام، «قاسىم ئوغرى» دېگەن يامان ئاتاققا

قالىمەن. تېخى تۇرمىدە ياتىدىغان گەپ. ئاشۇ ئادەملەرنىڭ ئەسكىلىرى يىغىلىدىغان جايدا قامىلىپ يېتىشتىن خۇدا ساقلىسۇن! مۇشۇ ھۈنىرىمنى تىنچ قىلىپ، سىڭگەن ھالال نېنىمنى بەۋرەي، ئوغرىلىقنى مەتەك ئوغرىدەك كۆنۈپ كەتكەنلەر قىلسۇن. مەن شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەسلىكىم كېرەك، ئادەم ئەلەيھىسسالام ئىبلىسنىڭ قىلتىقىغا دەسسەپ، جەننەتتە يېيىش مەنئى قىلىنغان مېۋىنى ئوغرىلاپ يەپ قويۇپ جەننەتتىن پانىي دۇنياغا قوغلىنىپتىكەن، مېنى شۇ تاپتا شۇ ئىبلىسنىڭ شەيتانلىرى ئازدۇرغىلى تۇرۇۋاتامدۇ نېمە... قاسىم نەچچە ئاي ۋاقىتنى ئارىسالدىلىق ئىچىدە ئۆتكۈزدى. ھەر قېتىم مەتەك ئەپكەلگەن نەرسىلەر قولىغا چىقىسىلا، كۆڭلىدە بىر خىل ۋەسۋەسە كۆتۈرۈلۈپ ،ئۇنىڭغا ئارام بەرمەيتتى، ئۇ خېرىدار يوق چاغلاردا دۇكىنىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ ئىچى پۇشقانسىرى بىر سىناپ بېقىش ئىستىكىدە ئىككىلىنەتتى.

قاسىم ئاخىرى ئىككىلىنىۋېرىپ ھاردى. ئۇ مەتەك ئوغرىغا ياساپ بەرگەن ئاچقۇچقا قارىغاندا تېخىمۇ سىپتا ئون ئىككى تال ئاچقۇچنى ياساپ چىقتى. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ كاللىسىدا يالتىدە قىلىپ يېڭى بىر ئوي پەيدا بولدى. مۇنچە جىق ئاچقۇچنى كۆتۈرۈپ يۈرۈش ئاۋارىچىلىق، ئۇنىڭدىن كۆرە، ھەممە ئاچقۇچنى بىر قىلىپ، ھەرقانداق قۇلۇپقا سالسا ئاچقىلى بولىدىغان كۆپ ئىقتىدارلىق ئاچقۇچتىن بىرنىلا ياساپ باقمايمەنمۇ! ئۇ دەرھال تۇتۇش قىلىپ ئىش باشلىۋەتتى، ئۇنىڭ ئۇرۇنۇشلىرى ھە دېگەندە ئۇنۇم بەرمىدى. ئىش ئەپلەشمىگەنسېرى، ئۇنىڭ جاھىللىقى تۇتاتتى، ئالاھازەل ئون ـ ئون بەش كۈن ھەپىلىشىپ ئۆزى كۆزلىگەندىكىدەك بىر تال ئاچقۇچنى ياساپ چىقتى ۋە دۇكاندىكى قۇلۇپلارغا سېلىپ بىر ـ بىرلەپ سىناپ باقتى، بەش، ئون، يىگىرمە... ئۇنىڭ ئاچقۇچى ھەر خىل قۇلۇپلارغا چۈشۈۋەردى، پاھ! نېمىدېگەن بەلەن ئىش بۇ. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىدىن قانائەتلىنىپ كۈلۈپ كەتتى.

كۈنلەر بىر ـ بىرلەپ ئۆتمەكتە، ئۇنىڭ يوشۇرۇن قىلىۋاتقان قۇلۇپ سىناقلىرى ئىشەنچىسىنى بارغانسېرى ئاشۇراتتى. ئۇ ئەمدىلىكتە ھەرقانداق قۇلۇپقا بىرقارارىلا كۆپ ئىقتىدارلىق ئاچقۇچنى قانداق سېلىشنى جەزم قىلالىغۇدەك دەرىجىگە يەتتى. شۇغىنىسى، مۇشۇ ئاچقۇچنى رەسمىي ئىشلىتىپ، ئوغرىلىق قىلىش ـ قىلماسلىق ئۈستىدە يەنىلا ئىككىلىنىشتىن قۇتۇلالمىدى.

مەتەك ئوغرى ئىز ـ دېرەكسىز يوقاپ كېتىپ، نەق يېرىم يىل ئۆتكەن بىر كۈنى چۈش مەھەلدە ئاسماندىن چۈشكەندەكلا قاسىمنىڭ دۇكىنىدا پەيدا بولدى، قاسىم دەماللىققا ئۇنى تونۇيالمىدى، مەتەك ئوغرىنىڭ ئۇچىسىدا ئۇزۇن خۇرۇم پەلتو، بېشىدا چەت ئەلنىڭ ئېسىل شىلەپىسى، بىلىكىدە قىممەت باھالىق قول سائىتى، بارماقلىرىدا قوشلاپ ئالتۇن ئۈزۈك، كۆزىدە بولسا ئالتۇن رامكىلىق رەڭ ئۆزگەرتىدىغان كۆزەينەك بار ئىدى.

ـــ قانداق، ئۇكاڭزا! تونۇيالماي قالدىڭغۇ؟ ـــ دېدى مەتەك تۇزۇت قىلمايلا، ـــ مەن سېنىڭ تەقدىرداش ئاكاڭ مەھمۇت ئەپەندىم بولىمەن. سېنى قانداقراق تۇرۇۋاتقاندۇ دەپ يوقلاپ كەلدىم، يۈر، ئون ئېغىز كاپ ـ كاپتىن، بىر ئېغىز چىپ ـ چاپ ياخشى، ئىككىمىز تامىقى ياخشىراق بىرەر ئاشخانىغا بېرىپ يەپ ـ ئىچىپ كېلەيلى. شۇ يەردە ساڭا دەپ بېرىدىغان گەپلىرىممۇ بار تېخى. قويە. مۇنداق تارتقان جاپاغا تۇشلۇق بەرىكىتى يوق ئىشنى. بۈگۈن مەن سېنى مېھمان قىلىمەن. ئاكاڭ قارىغايدا پۇل دېگەن سامانىدەك.

ئىككىيلەن بازارنىڭ مەركىزىدىكى «گۈلزار» ئاشخانىسىغا كېلىپ خالىي يەردىن ئورۇن ئالدى، مەتەك ئوغرى بۇيرۇتقان قورۇمىلار، تائاملار شىرەگە دەستىلىنىپ كەتتى. بەزى قورۇمىلارنى قاسىم ئۆمرىدە كۆرۈپمۇ باقمىغانىدى.

ئىككىيلەن يەپ-ئىچىپ ئۈزاق پاراڭلاشتى، مەتەك ئۇنى شېرىكلىشىپ ئوغرىلىق قىلىشقا دەۋەت قىلىپ، شېرىن-شېكەر گەپلەرنى ياغدۇرۇۋەتتى، ئۈرۈمچى، كورلا، قۇمۇللاردا ئوغرىلىق قىلىپ تاپقان ئولجىلىرى ھەققىدە مەغرۇرلىنىپ سۆزلەپ بەردى. قاسىم شېرىكلىشىشتىن باش تارتىۋىدى، مەتەك بىردىنلا ئەلپازىنى بۇزۇپ:

——ئۇكاڭزا، ياخشىلىق قىلغاننى بىلمەمسەن نېمە؟ گەپىڭنى پوسكاللىسىنى دېسەم، سۈيىنى ئىچكەنمۇ ئوغرى، چۆپىنى يېگەنمۇ ئوغرى. خىيالىڭدا ئۆزۈڭنى پاك دەپ ئويلامسەن؟ سەن ئاللىقاچان مەن بىلەن شېرىكلىشىپ بولدۇڭ. ئالىمادىس تۇتۇلۇپ قالسام، باش بۇرنىدا سېنى چىشلەپ تارتىمەن. ئۇ چاغدا مېنى شېرىكىنى پاش قىلىپ، خىزمەت كۆرسەتتى دەپ كەڭچىلىك قىلىپ بەش يىللىق قاماق جازاسى بەرسە، ساڭا ئىستەك-سوراقسىز ئون يىللىق قاماق جازاسى كېلىدۇ. بۇ ئىشنى قىلىمەن دېسەڭمۇ قىلىسەن، قىلمايمەن دېسەڭمۇ قىلىسەن. مېنىڭچۇ، سەندەك مىكى-مىكى دەپ ئولتۇرىدىغان لىڭتاسما ئادەم بىلەن ئەسلا خۇشۇم يوق. ئاچچىقىمنى تولا كەلتۈرۈۋەرمە، مەن ئىلگىرى يولۇمغا پۇتلاشقان توققۇز-ئون ئادەمنىڭ قېنىنى ئىچكەنمەن، بىكار هارام ئۆلۈپ كەتمە! —— دەپ قوقاق سالدى.

قاسىم نائىلاج ماقۇل بولدى. ئىككىيلەن شۇ كۈنى كەچتە ئۆي ئىگىسى مېھماندارچىلىققا كەتكەن بىر ئۆيگە تېگىش قىلدى. مەتەك قىلچىلىك ھودۇقماي ھەش-پەش دېگۈچە قۇلۇپنى ئېچىۋەتتى. قاسىم ئالاقزادىلىك ئىچىدە ناتونۇش ئۆيگە كىردى. قارىماققا ئىگىسى توققۇزى تەل ئادەم بولسا كېرەك، ئۆي ھەشەمەتلىك ياسالغان ئىدى. مەتەك ئوغرى خۇددى مۇشۇ ئۆينىڭ ئۆز ئىگىسىدەك بەھۇزۇر مېڭىپ، ئۇ ئۆيدىن بۇ ئۆيگە كىرىپ چىقاتتى، ھېلى ئۇ تارتمىنى ئېچىپ، ھېلى بۇ چامادانىنى مالتىلاپ پۇل-پۇچەك، ئالتۇن زىبۇ زىننەتلەرنى ئىزدەيتتى. قاسىم بولسا ئىشىكنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، ئۆي ئىگىسى ھازىرلا كېلىپ قاپىدە تۇتىۋالىدىغاندەك دەككە-دۈككە ئىچىدە ھەرقاچان ئۆيدىن قېچىپ چىقىشقا تەييار بولۇپ تۇردى. قاسىمغا ۋاقىت بەك ئۇزۇن تۇيۇلۇپ كەتتى، ئەمەلىيەتتە ئىككىيلەن ئۆينىڭ ئىچىدە بەش مىنۇتتەك ھايال بولغانىدى. مەتەك ئوغرى بىر تارتمىدىن ئىككى باغلام نەق پۇل، ئىككى دانە ئالتۇن ئۈزۈكنى تاپتى. قاسىم چىقىپ كېتىشكە ئالدىراپ، مەتەككە توختىماي ئىشارەت قىلىۋەرگەچكە مەتەك كۆزى قىيمىغان ھالدا بايا مالتىلىغان جايلارنى تۈزەشتۈرۈپ قويۇپ ئىشىكتىن چىقىپ قۇلۇپنى بۇرۇنقىدەك تاقاپ قويدى.

ئىككىيلەن بۇ ئۆيدىن خېلىلا يىراقلاشقاندىن كېيىن، قاسىمنىڭ ئەنسىز سوقۇۋاتقان يۈرىكى ئاندىن جايىغا چۈشتى. مەتەك ئۇنى بىرمۇنچە جىمىلىگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا بىر باغلام پۇل بىلەن بىر دانە ئالتۇن ئۈزۈكنى بەردى، ئۇلار ئەتە دۇكاندا ئۇچرىشىشقا ۋەدىلىشىپ ئۆز يولىغا مېڭىشتى.

قاسىم قارا سوغۇق تەرگە چۈمۈلگەن ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ پۇت-قوللىرى تىترەشتىن توختىمىغانىدى. ئۇ ئىشىك-تۈڭلۈكنى تاقاپ، خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، بايا مەتەك بەرگەن پۇلنى ساناپ باقتى. پاھ... نەق ئىككى مىڭ كويكەن ئەمەسمۇ، يەنە كېلىپ يىپيېڭى ئون كويلۇق تاراقلاپ تۇرغان پۇللار.

قاسىم خۇشاللىق بىلەن قورقۇنچ ئارىلاشقان ھاياجان ئىچىدە ئۆزۈنىغىچە ئۆزىنى باسالماي قالدى. بىر جايدا جىم تۇرالماي، ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇزاقىچە مېڭىپ يۈردى، ئۇخلىغىلى ياتقانغا كىرىپمۇ ئۇياق-بۇياققا ئۆرۈلۈپ ياتالمىدى، كېچىدە نەچچە قېتىم ئورنىدىن تۇرۇپ، تەكچىيە ئاستىغا باستۇرۇپ قويغان پۇللارنى ئېلىپ قايتا-قايتا ساناپ باقتى. ئۇ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ

ئوغرىلىق قىلغانلىقىغا ھەقىقىي ئىشەندى.

مەتەك ئوغرى چۈش بولماستىنلا دۇكانغا كەلدى. ئۇ قاسىمغا بۈگۈن كەچتە يەنە بىر ئۆيگە كىرىدىغانلىقىنى دەپ قويۇپلا چىقىپ كەتتى.

بۈگۈن كەچتىكى ئوغرىلىقمۇ ئوڭۇشلۇق بولدى. ئۆي ئىگىسى سەرەمجان، ئۆز ئىشىغا بەك پۇختا ئادەم بولسا كېرەك، ئۆيدىن نەق پۇل تېپىلمىدى. ئەمما غول تامدىكى زەدىۋال كەينىدىكى مەخپىي تۆشۈكتىن نەق يېرىم خالتا كۈمۈش تەڭگە تېپىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىيلەن شېرىكلىشىپ نۇرغۇن ئائىلىلەرگە ئوغرىلىققا چۈشتى، قاسىم نۇرغۇن بايلىققا ئىگە ئادەمگە ئايلاندى. مەتەك ئۇنى يەنە قوشنا ناھىيە ـ شەھەرلەرگە باشلاپ بېرىپ، نۇرغۇن ئۆيلەرنى قۇرۇقدىدى.

ئوغرىلىق قېتىمى كۆپەيگەنسېرى، قاسىمدا باشقىچە بىر روھىي ھالەت پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئوغرىلىققا چۈشمىگەن كۈنلەردە نېمىدۇر بىر نەرسىسى كەمدەك تۇيۇلۇپ، ئىچى تىتىلداپ كېتەتتى. ئوغرىلىققا چۈشۈپ كۈتكىنىدىن ئارتۇق ئولجىغا ئېرىشكەندە بولسا، خۇشاللىقتىن يايراپ كېتەتتى. مەتەكنىڭ بىر يەردە بەك ئۇزۇن تۇرمايدىغان ئادىتى بار ئىدى. بولۇشىغا يەپ ـ ئىچىپ، پۇلنى غازاڭدەك خەجلەيتتى، بىر كۈنى ئۇ چىرايلىق بىر چوكاننى باشلاپ كېلىپ قاسىمغا تونۇشتۇردى. ئۇ بۇ چوكان بىلەن نىكاھ ئوقۇتۇپ بولغانلىقىنى، ئەمدى ئارامخۇدا ياشاپ باققۇسى بارلىقىنى ئېيتىپ شۇ كەتكىنىچە قايتا كۆرۈنمىدى.

قاسىمنىڭ زادىلا ئۆيلىنىش خىيالى يوق ئىدى، ئۇ ئەلا باينىڭ قەست بىلەن ئۆلگەنلىكىنى بىلگەندىن باشلاپ ئايال زاتىغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ مەتەك ئوغرىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، يالغۇز ئوغرىلىق قىلىپ يۈردى. ئۇنىڭ ئۆيىدە بىر قازناق بار ئىدى، قازناقتىكى پۇل ـ پۇچەك، ئالتۇن ـ كۈمۈش كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىۋاتاتتى. ئۇ قۇلۇپسازلىقنى يىغىشتۇرۇپ، ئاتا مىراس كەسىپى زەرگەرلىكنى قايتىدىن باشلىۋالدى. ئادەم دېگەن گۇمانخور كېلىدۇ، دەپ ئويلايتتى ئۇ، كەمبەغەللىشىپ كەتسەڭ، ئاتا ـ ئانىسى ياكى ئۆزى بىرەر يامان ئىش قىلغانلىقىدىن، خۇدايىم جاجىسى بېرىپ، خانىۋەيران قىلىۋەتتى دەپ غەيۋەت قىلىشىدۇ. تۇيۇقسىز بېيىپ كەتسەڭ، ئوغرىلىق ياكى بۇلاڭچىلىق قىلىپ ھارام بايلىققا ئىگە بولمىسا، بىردىنلا مۇنداق بېيىپ كېتەلەمتى دەپ سۆز ـ چۆچەك قىلىشىدۇ. مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە قوشنا ـ قولۇملىرىمنىڭ ماڭا بولغان مۇئامىلىسى ياخشى ئەمەس، مەندىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، بۇرۇنقىدەك ئوچۇق چىراي ئاچمايدىغان بولۇپ قالدى. قولۇمدا يېتەرلىك دەسمايەم بولغاندىكىن، زەرگەرلىكنى ئوبدان قىلىپ، ئۆزۈمنىڭ قانداق بېيىۋاتقانلىقىمنى ئۇلارغا بىلدۈرۈپ قويمىسام بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قازناقتىكى ئالتۇن جابدۇقلارنى قولدىن چىقىرىشىم كېرەك. مۇشۇلارنى ئويلاپ يەتكەن قاسىم كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئوغرىلىقنى ناھايىتى ئاز قىلىپ، كۆپ ۋاقتىنى زەرگەرلىككە سەرپ قىلدى، قازناقتىكى بېسىلىپ ياتقان كونا ئالتۇن جابدۇقلارنىڭ بەزىلىرىنى پەردازلاپ، بەزىلىرىنىڭ نۇسخىلىرىنى ئۆزگەرتىپ قولدىن چىقاردى. ئۇزاققا قالمايلا، زىبۇ زىننەتلىرىنىڭ ساپ ئالتۇندىن ياسالغانلىقى، باھاسىنىڭ ئەرزانلىقى، نۇسخىلىرىنىڭ كۆركەملىكى بىلەن داڭق چىقىرىپ، «قاسىم زەرگار» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

ئەمدى ئۇنىڭ قولىدا پۇل كۆپ ئىدى، ئۇ كونا قورۇ ـ جايىنى ئىككى قەۋەتلىك قىلىپ سالدۇردى، مەھەللىسىدىكى قېرى، ئاجىز، يېتىم ـ يېسىرلارغا خەير ـ ساخاۋەت قىلىپ تۇردى، بىرقانچە مەسچىتنىڭ سېلىنىشىغا سېخىيلىق بىلە پۇل ئىئانە قىلىپ، جامائەتنىڭ دۇئاسىنى ئالدى. لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىدە قانداقتۇر بىر قورقۇنچ ھۆكۈم سۈرەتتى. ئۇخلىسا قارا بېسىپ،

ئۆزىنى پۇت- قولىغا كىشەن- كويزا سېلىنغان، ھەتتا ئۆلۈم جازاسى مەيدانىغا يالاپ ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھالەتتە چۈشەپ، ئەندىكىپ ئويغىنىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ نەۋرە ئىنىسى قادىر چېلىشتا داڭق چىقارغاندىن كېيىنلا كۆڭلىدىكى بۇ خىل قورقۇنچ سەل بېسىلغاندەك بولدى، ئۇ قادىر بىلەن بىر مەزگىل يېقىن تۇغقاندارچىلىق قىلىپ كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى بىمالال دېيىشەلەيدىغان بولغاندا، ئۆزىنىڭ چوڭراق سودا- سېتىق قىلىش نىيىتى بارلىقىنى بىلدۈردى، بۇ گەپ قادىرغا ياغدەك ياقتى، چۈنكى قادىر دەسمايىسىنىڭ ئازلىقىدىن تېرە بازىرىدا تۈزۈك باش كۆتۈرەلمەي يۈرگەنىدى.

نەۋرە ئاكا- ئۇكىلار شېرىكلىشىپ، تېرە سودىسىنى ئوڭۇشلۇق باشلىۋەتتى، قادىر ساددا، جاپادىن قورقمايدىغان دېھقان بالىسى بولغاچقا، يىراق- يېقىندىكى يېزا- كەنتلەرنى ئارىلاپ، تېرە يىغاتتى، ئۇنىڭ «چېلىشچى» دېگەن نامى دېھقانلار ئارىسىدا مەشھۇر بولغاچقا، ئۇلار قولىدىكى تېرىلەرنى كۆپرەك قادىرغا ئۆتكۈزەتتى.

قادىر بىلەن قاسىم تېرە بازىرىدا تېزلا باش كۆتۈرۈپ، ئىچكىرىگە ماشىنىلاپ مال يۆتكەيدىغان سودىگەرلەرگە ئايلاندى، ئەمما ئىككىيلەننىڭ ئامىتى تازا ئوڭدىن كېلىۋاتقاندا قادىرنى نەس بېسىپ تۈرمىگە كىرىپ قالدى. قاسىم نەۋرە ئىنىسى قادىرنى چوڭ يۆلەنچۈكۈم دەپ بىلەتتى، ئۇ ئەمدى قادىرنى ئامال قىلىپ قۇتقۇزمىسا، ئۆزىنىڭ قانات- قۇيرۇقى سۇنىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئىش- ئوقەتنى تاشلاپ، قادىرنىڭ گۇناھىنى يەڭگىللىتىشنىڭ يولىنى مېڭىشقا كىرىشىپ كەتتى.

قاسىم مۇشۇ ناھىيىدىكى ئەڭ داڭلىق ئادۋوكات ياقۇپ زاكىرنى تاپتى. ياقۇپ زاكىر ھە دېگەندە، يۇقىرى ئىش ھەققى تەلەپ قىلدى. ئۇ:

—قاسىمباي، قادىرنىڭ دېلوسى بەك مۇرەككەپ، ئۆلگۈچى تەرەپنىڭ تۇغقانلىرى قاتتىق دەۋا قىلىۋاتىدۇ، رەھمەتلىك نايۇپ قۇددۇسنىڭ تۇغقانلىرى مېنى دەۋا ۋاكالەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلىغىلى ئىزدەپ كەپتىكەن، مەن ماقۇل بولمىدىم، ئۇلار ئەللىك مىڭ كوي كۆتۈرۈپ كەپتۇ، مەن ئۇلارغا: بۇ دېلو باشقا دېلوغا ئوخشىمايدۇ، بىر ئادەمنى قەستەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈردى دېيىش ئۇچۇن، تولۇق پاكىت بولۇش كېرەك دەپ يولغا سالدىم. سىلى بىلەن بىز بىر بازاردا سالام- سەھەت قىلىشىپ ئۆتكەنلەر. سىلىنىڭ يۈزلىرىنىڭ چوڭلۇقىدىن ياق دېگىلى ئاغزىم بارمايۋاتىدۇ. لېكىن- زە، قادىرنى ئاقلاپ چىقىش ھەققەتەن تەس، نۇرغۇن ئىنچىكە يوللارنى ماڭمىسام، زۆرۈر تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارمىسام بولمايدۇ. بۇنىڭغا ۋاقىت ۋە پۇل كېتىدۇ. ئەپلەشمىسە، قادىراخۇن قەستەن ئادەم ئۆلتۈردى دېگەن جىنايەت بىلەن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىشى مۇمكىن، مېنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىيدۇ. ئەمما قانۇن رەھىمسىزدە! — دېدى.

قاسىم ئىشنىڭ تېگىنى پەملەپ، ئون كاللەك پۇلنى ئادۋوكاتنىڭ ئالدىغا قويدى:

—ياقۇپجان، پۇلنىڭ كارى چاغلىق، نەۋرە ئىنىم قارىغا كەتمىسۇن، ئەگەر ئۇنى ئاقلاپ، دېلونى كۆڭۈلدىكىدەك بىر باشقا ئېلىپ چىقالىسىلا، مەن يەنە قۇرۇق رەھمەت ئېيتىپ ئولتۇرمايمەن. قوللىرىغا ئوبدان ئۈزۈكتىن بىرنى سېلىپ، رەسمىي دوست- بۇرادەر بولىمەن!

—بولىدۇ. مەن ئاسانلىقچە بىر ئىشقا لەۋزە قىلمايتتىم، بۇدا مەن سىلىگە كاپالەت بېرەي، مەن قادىراخۇننى پاك- پاكىز گۇناھسىز دەپ ئاقلاپ چىقىمەن!

قاسىمنىڭ خۇشاللىقتىن بېشى ئاسمانغا يەتكەندەك بولدى. ئۆيىگە قايتىپ كىرىشىگىلا ئۇنى ساقلاپ تۇرغاندەك بىرقانچە ساقچى كىرىپ كەلدى ۋە تامغىلىق قولغا ئېلىش گۇۋاھنامىسىنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب نۇر بېكىتى
www.uyghurkitap.com



— قاسىم سۇلايمان، بىز سىنى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى بىلەن قولغا ئالغىلى كەلدۇق، مانا بۇ قەغەزگە قول قوي، ھەم بۇ قەغەزگىمۇ قول قويىسەن، بۇ سىنىڭ ئۆيۈڭنى ئاختۇرۇش گۇۋاھنامىسى، سەن مەخپىي ئاچقۇچ ياساپ پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئىتىگە زىيان سالغان ئوغرىلىق جىنايىتى بىلەن قولغا ئېلىندىڭ، ئادۋوكات تەكلىپ قىلساڭ بولىدۇ!

قاسىمنىڭ كۆڭلىدىكى قورقۇنچ بومبىدەك پارتلاپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئىككى قولىغا كويزا سېلىنىپ، كۆپ قېتىم كۆرگەن چۈشى راستقا ئايلاندى.

ساقچىلار قاسىمنىڭ ئۆيىنى تەپسىلىي ئاختۇردى، قازناق ئىچىدىكى پۇل-پوچەك، ھارام ماللار ئوتتۇرىغا دۆۋىلىنىپ كەتتى، قاسىم تېخى نۇرغۇن ھارام ماللارغا قول تەگكۈزۈشكە ئۈلگۈرەلمىگەنىدى، ساقچىلار ھېلىقى «خاسىيەتلىك» ئاچقۇچنى تاپتى. توختى داۋۇت ياشىسىلا جەزم قىلغاندەك مەتەك ئوغرى يالغان گەپ قىلمىغانىدى.

قادىرنىڭ دېلوسى ۋاقىت ئۇزارغانچە مۇرەككەپلىشىپ كەتتى، ئۆلگەنىنىڭ ئۇستىگە تەپمەك دېگەندەك، ئۇ نايۇپ قۇددۇسنى قەستەنلىك بىلەن ئۆلتۈرگەنلىكتە ئەيىبلىنىپلا قالماستىن، يەنە چېلىش سورۇنلىرىدا بەش ئادەمنى قەستەن زەخىملەندۈرگەن دەپ ئەيىبلەندى، بۇ ئادەملەر قادىر بىلەن چېلىشىپ، تەڭ كېلەلمەي، يەر چىشلىگەنلەر ئىدى. بۇ دېلو قۇمبوستان كەنتىنى ئۆرتۆپە قىلىۋەتتى، قادىرنى «قاتىل» دەپ گۇۋاھلىق بېرىپ، قاتتىق جازالاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدىغانلار بىر تەرەپ بولسا، قادىردا گۇناھ يوق، ھەممە گۇناھ نايۇپنىڭ ئۆزىدە، قادىرنى جازالىسا ئۇۋال بولىدۇ دەيدىغانلار يەنە بىر تەرەپ بولۇپ، ئەدلىيە ئورۇنلىرىنىڭ بېشىنى ئاغرىتاتتى، ئادەم ساندىن قارىغاندا، ئىككى تەرەپ ئاساسەن تەڭلىشىپ قالاتتى، بىراق سالماق جەھەتتە نايۇپ تەرەپدارلىرى ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىدى، كەنت باشلىقى ساۋۇر نۇر پۈتۈن كۈچى بىلەن قادىرنى ئەيىبلەشتە چىڭ تۇرۇۋاتاتتى. ساۋۇرنۇرنىڭ ئۆز ئالدىغا سوقۇۋاتقان چوتى بار ئىدى. مەن بۇ ئىشتا بوشاڭلىق قىلسام، ئۆزۈمنىڭ يىلتىزىغا ئۆزۈم پالتا چاپقان بولىمەن، دەپ ئويلايتتى ئۇ، نايۇپ مېنىڭ تۇغقىنىم، ئۇنىڭ ئۆلۈمى مەن ئۈچۈن ئۆزۈمنىڭ قانداق ئادەملىكىنى كۆرسىتىدىغان بىر سىناق. قادىرنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلدۇرالمىسام، مېنىڭ كەنتتىكى ئابرۇيۇم بىر تىيىن بولىدۇ. كىشىلەر مېنى كۆزگە ئىلمايدىغان، گېپىمگە كىرمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. راست گەپنى قىلسام نايۇپ دېگەن نېمىنىڭ ئۆلگىنى بەك بەلەن بولدى. ئۇ يۈزسىز، ئوسال بىر نېمە ئىدى، دائىم

26

مېنىڭ بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ، چاتاق چىقىراتتى، ھېسابتا بىر كۈشەندىدىن قۇتۇلغان بولدۇم. قادىر قارىماققا ياۋاش، قالايمىقان گەپ قىلمايدىغان ئادەم بولغىنى بىلەن، كەنتتىكى بەزى ئادەملەر ئۇنى مېنىڭ ئورنۇمغا دەسسەتمەكچى بولۇپ يۈرەتتى، بۇنىمۇ ھۆكۈمەتنىڭ قولى بىلەن كۆزدىن يوقاتسام، قۇمبوستان كەنتىدە ئەمدى ماڭا چىش يىرىپ بىر نېمە دېيەلىگۈدەك ئادەم چىقمايدۇ! شۇڭا بېلىمنى چىڭ باغلاپ، دېلودا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان ئادەملەرنى رام قىلىشىم كېرەك. پۇل كەتسە كەتسۇن، ھازىرچە چىقىمدار بولۇپ كەتكىنىم بىلەن، ئەتە - ئۆگۈن بۇ پۇللارنى سۇ ھەققى، ئوغۇت پۇلى ۋە باشقا جەرىمانە دېگەندەكلەرنى كۆپەيتىپ ئېلىپ تولۇقلاپ ئالالايمەن.

شۇنداق قىلىپ، قادىرنىڭ دېلوسى بارغانچە يوغىناشقا باشلىدى. قادىر ئېچكىرىگە تېرە يۆتكەپ ساتقاندا، نەق پۇل سودىسى قىلغانلىقتىن باج تارماقلىرى ئۇنىڭدىن باج ئالالمايتتى. ساۋۇر نۇرنىڭ يىپ ئۇچى كۆرسىتىشى بىلەن، باج تارماقلىرى شۇنداقلا سۈرۈشتۈرۈپ، نەچچە يۈز مىڭ يۈەنلىك باج ئوغرىلاش جىنايىتىنى دەلىللەپ چىقتى، يۇقۇمدىن مۇداپىئەلىنىش تارماقلىرىمۇ ھەرىكەتكە كېلىپ، ئىككى يىل ئىلگىرى مۇشۇ بىرقانچە ناھىيىدە كالا، قويلاردا مۇڭگۈز، تۇياق قانايدىغان يۇقۇملۇق كېسەل كۆرۈلگەندە، كارانتىن تارماقلىرى مۇسادىرە قىلىپ يىغىۋالغان ئون مىڭ پارچىدىن ئارتۇق كالا تېرىسىنى قادىرنىڭ ئوغرىلىقچە ئېچكىرىگە يۆتكىگەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى، بۇنىڭدا ئەلۋەتتە قايىم نۇرنىڭ ھەسسىسى بار ئىدى.

قادىر يەنىلا مېنىڭ گۇناھىم يوق، مەن نايۈپنى قەستلەپ ئۆلتۈرمىدىم، دېگەن گېپىدە چىڭ تۇردى.

— ماڭا ئادەم ئۆلتۈرگەن دېگەن گۇناھنى ئارتمەن دېگىنىڭلار ئارتۇقچە ئاۋارىچىلىق، ئېتىلىپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ، بۇ گۇناھنى بوينۇمغا ئالمايمەن، ئادەم ئۆلتۈرۈشنى ئەزەلدىن خىيالىمغا كەلتۈرۈپ باقمىغانمەن. چېلىش مەيدانىدا پۇت - قولى سۇنۇپ كېتىدىغان ئىش دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. ئەلمىساقتىن پالانچى بىلەن پوكۇنچى چېلىشىپ، قەستەن زەخىملەندۈرگەن دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمەن، ھەممىسى چىدىماسلىقنىڭ ئالامىتى، باج ئوغرىلىدى دېگىنى قانداق گەپ؟ ئۆز ۋاقتىدا ئالىمەن دېسە بولمامدۇ؟ يۇقۇملۇق كېسىلى بار كالىلارنىڭ تېرىسىنى قايىم نۇر بەرگەن. شۇ قېتىمدا ئۇنىڭغا 350 مىڭ يۈەن بەرگەنىدىم، بۇنىڭ جاۋابىنى قايىم نۇر بەرسۇن، مېنى يەنە قاسىمنىڭ ئوغرىلىغان پۇلىنى ئالغان دېگىنىڭلار نېمىسى؟ مەن خەق بەرگەن پۇلنىڭ ھالال ياكى ھاراملىقىنى بىلىۋالىدىغان ئەۋلىيا بولمىسام. دېگەنلىرىم راست، ئۆلۈپ كەتسەممۇ راست گەپ قىلىپ ئۆلىمەن، پېشانەمگە مۇشۇنداق ئۆلۈش پۈتۈلگەن بولسا، ئۇ چاغدا ئەلھۆكمىلىللا دېمەي ئىلاجىم يوق، — دېدى ئۇ ئاخىرقى سوراقتا.

قاسىم بىلەن قايىم ئىككىسى تۇنجى سوراقتىلا ئۇجۇقۇپ كەتتى، تېنىۋالاي دەپ دەسسىگۈدەك پۇتاق - باھانە تاپالمىدى، ھارام مال، ھارام پۇل - پۇچەكلەر تاغدەك مەزمۇت ھالەتتە ئۇلارنىڭ چېكىنىش يولىنى توسۇۋالغانىدى. ئۇلار ئىخرار قىلغانسېرى قىلمىش - ئەتمىشلىرى يۇتازىدەك چۇۋۇلۇپ چىقتتى.

«ئەسكى ئىشلىرىمنى خەق بىلمىسۇن دېسەڭ، قىلما» دېگەن مانا شۇ. قادىر، قاسىم، قايىملار قانۇننىڭ تېگىشلىك جازاسىغا ئۇچراپ كىشىلەرگە نۇرغۇن ئىبرەتلىك ساۋاقلارنى قالدۇردى. بايلىق ۋەسۋەسىسى يەنە قانچىلىك ئادەملەرنى ئەنە شۇنداق تراگېدىيىلىك قىسمەتكە دۇچار قىلار!

*(ئاپتور شىنجاڭ ساقچى ئوفىتسېرلار ئالىي تېخنىكومىدا)*

مۇھەررىر پاتىگۈل ئەخمەت




## يار دىلىمدا

دىلىمدا يار بولغان ھامان، سۆزۈمدە يار،
ئاغزىمدا يار دېگەن ھامان، كۆزۈمدە يار.
يار دېگەندە ئوت ياندۇ يۈرىكىمدە،
كۆڭۈل قۇشى قونۇپ تۇرار ئىلكىمدە.
يار دېگەندە پۈتۈن جاھان قات كۆرۈنەر،
جاھان ئىچرە ياردىن ئۆزگە يات كۆرۈنەر.
يارىم مېنى ئامان ساقلار دەرمەن مۇدام،
تاپسا كۆڭلۈم تەمكىن، جېنىم تاپقاي ئارام.

يار دېمەكلىك ئاسان ـ ئوڭاي ھەم يادلىماق،
يار سۆزىن تەستۇر لېكىن سىر ساقلىماق.
يار دەيدىغان ئادەم تولا بۇ جاھاندا،
يار ئىشقىدا تەسەددۇق جان بىر جاناندا.
مەن يار دېسەم يارىڭ كىمدۇر دەمدۇ كىشى،
مەندىن ئۆزگە يار غېمىنى يەمدۇ كىشى.
مەن دېگەن يار بىر تېپىشماق بىلىپ بولماس،
يار ئېتىنى ئەلگە يېيىپ، يېزىپ بولماس.

## رەيھانىم

گۈللەر ئارا مىرزا ـ سەبدەل، رەيھان تولا،
گۈل ئارىلاپ مەن تاللىغان رەيھان بىرلا.
قولىقىغا قىسىپ ئالۇر ئەتىۋارلاپ،
باغقا كىرسە رەيھان تاللاپ قىز ـ چوكانلار.

يەر تاللىماي ئورۇن تۇتۇپ باغ ـ ئېرىقتىن،
يەر تالاشماي سەبدەل كەبى ساپسېرىقتىن؛
خالىي بولۇپ تەمەننادىن، زار ـ يىغىدىن،
كۆكرەك كېرىپ ئۆتەر تىرىك جۇت ـ يېغىنىدىن.

باغ ئارا گۈللەر ئۆسەر بوي تالىشىپ،
قىزىلگۈل ھەم ئەتىرگۈلدىن بۇي تالىشىپ؛
رازى بولۇپ خۇشبۇيىدىن گۈلى رەيھان،
ئىچى تارلىق قىلماس يانا تۆر تالىشىپ.

رەڭ تاللاشماس ئۇز رەيھانىم سەبدەل گۈلدىن،
بۇي تالىشۇر ئەتىر بىلەن قىزىل گۈلدىن؛
رەڭسىز ئەمەس ياسىمەندىن رەڭدارلىقتا،
ماختىغىن دەپ قىلماس تەلەپ ھېچ بۇلبۇلدىن.

ئېچىلغۇنچە باش باھاردا ياشار سولماي، تا كۈزگىچە رەڭگى ئۆچمەي، خازان بولماي،
ئۆزگە گۈلدەك پەسىل تاللاپ قاراپ تۇرماي؛ خازان بولغان گۈل ـ گىياھنى دوراپ تۇرماي.

2006 ـ يىل ئۆكتەبىر، شاڭخەي

## شاڭخەي نەزمىسى

شەرقتە چولپان چاقنىغان، نۇر ئۈستىگە نۇر شاڭخەي،
توققۇز ئەلدە * ئېچىلغان، گۈل ئۈستىگە گۈل شاڭخەي؛
ئون سەككىز مىڭ ئالەمدە ئات ـ ئۆچۈرى پۇر شاڭخەي؛
ھەر ھۈنەردە يالجىغان مۇسىقار ـ بۇلبۇل شاڭخەي.

بۇ چاغقىچە ئۆمرۈمدە ئون قاتار كۆردۈم سېنى،
ھەر قاتاردا ئاي ـ ئايلاپ تۈن ياتار كۆردۈم سېنى؛
ھەر ياتاردا ئوي ـ ئويلاپ چوڭ شەھەر كۆردۈم سېنى،
دۇنيادا گۆھەر تولا، زور گۆھەر كۆردۈم سېنى.

ھەر كۆرگەندە يېڭىلىق سەندە ئەھيا ئورماندەك،
ھەر يېڭىلىق ئىسلاھتا مىڭلاپ پەيدا بولغاندەك؛
تۈن پەرقى يوق كۈندۈزدەك، يورۇق شەيدا بولغاندەك،
كۆكتە قالماي يۇلتۇزلار يەرگە گويا قونغاندەك.

ئۆزلۈكۈڭدىن ئاچۇندا ئۆزگىچە تۇتۇپ يولنى،
مىليونلاپ ئەل بىر بولۇپ قولغا ئۇشلاپ قولنى؛
«ئورمىدا» ئۆزۈپ گويا چىققاچقا يېرىپ سولنى،
ئورتاھال مەئىشەتكە پۇختا سالدىڭ چىڭ ئۇلنى.

يۇرسىمۇ پۇل، تۇرسىمۇ، ھەممىنىڭ سۆزىدە پۇل،
ياش ـ تەۋان ئىلكىدە پۇل، قېرى ـ سال كۆزىدە پۇل؛
لاتارى پاي ـ چەكتە پۇل، پۇل تاپار ئۆزىدە پۇل،
بەزىنىڭ ئېڭىدا پۇل، بەزىنىڭ يۈزىدە پۇل.

شۇڭا، پۇلنىڭ ئالمىشى دۇكان ھەم بانكا تولا،
رەستە ـ رەستە، يولمۇ يول ئاپتوبۇس ـ كونكا تولا؛
كوچا ـ كويدا، گۆزەردە رېستوران ـ بوتكا تولا،
دىل ئاچار چارە تولا، ئويۇنغا «لاپكا» تولا.

* جۇڭگونىڭ قەدىمكى نامى.

www.uyghurkitap.com

سەدكارلىقتا كۆرسەتتىڭ ئۈچ ئىقلىمغا ئۆزۈڭنى،
سەركارلىقتا ئۆتكۈزدۈڭ ياقلىغانغا سۆزۈڭنى؛
زەردارلىقتا ھاتەمدەك تىكتىڭ سېخىي كۆزۈڭنى،
سورۇنلاردا ماختىشىپ ھەممە قىلۇر يۈزۈڭنى.

خۇاڭپۇ غولنىڭ شەرقىدە يېڭى شەھەر ئۈنۈپتۇ،
سودىگەرگە، ھامالغا، خۇددى گۆزەر بولۇپتۇ؛
ھۈنەردىن ھۈنەر چىقىپ، ئەلگە ھۈنەر كۆنۈپتۇ،
يېڭى ئۇران مىللەتكە ھۆدەي - مەھتەر بولۇپتۇ.

ئۆتكەن ئەسىر ئورتىسى چىڭ ئوڭلاپتۇ پەم بىلەن،
بۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا چىڭ پوملاپتۇ يەم بىلەن؛
ئەھلى ئىلغار باشلاپتۇ ئەلنى يولغا پەن بىلەن،
كۆلۈپ ئاۋام دىلىدىن قوللاپتۇ جان - تەن بىلەن.

ئون يوللىغان مەيداندا، يات ئەل بولغان زور - ئۆكتەم،
ئەمدى گۆھەر زېمىندا، ئاۋام ئەركىن ھەم كۆركەم؛
يەر - ھاۋا پاك، سۇ تازا، تۆت پەسلىڭ ھامان كۆكلەم،
ساڭا ئالقىش ياڭرىتار بارچە بالىق ھەم ئۆلكەم!

## خوتەن بەزمىسى

ئىككى قاشنىڭ ئاراسىدا بىر ئۆلكەم بار،
ئۆلكەم ئارا چىمەنلىكتە بىر كۆكلەم بار؛
تارىم بويى، قورام تۇۋى ئەجەب بوستان،
بوستان ئارا تا قەدىمدىن بىر كۆركەم بار.

بۇ ئۆلكەمكى داڭلىق ئېتى چىنى ماچىن،
بۇ كۆركەمكى، نەقشىدە ئۈز، ھۈنەردە چىن؛
بۇ كۆكلەمكى، بارخانلىنى سۈرۈپ ھەريان،
مەدەنىيەت ئوچاقىدا بولۇپ يالچىن.

ئۈدۈن دېدى نامى ئۆتۈپ خوتەن بولدى،
ئىچكەركى چىن لەۋزى بىلەن يۇتەن بولدى؛
قانچە خانلار، ئەمىر ئۆتتى بولۇپ ئۆكتەم،
ئەل - كۈن ئۈچۈن خوتەن ئەسلىي ۋەتەن بولدى.

ئالتىنىدا گۆھەر تولا، ئۈستى بارخان،
ھەر يۇرتتا بار بوتكەدىدە * مىڭلاپ ئارخان **؛
بوددا يولى تارالمىشدۇر ھەر يان، ئاندىن،
شۇڭا نامى بولدى «سانى بوددا قورغان».

مەرىپەتنىڭ ئاسمانىدا قىلىپ پەرۋاز،
قۇشلىغان كۆپ دىيانەتتىن بولۇپ شاھباز،
ئالسا قاشتاش مۇندىن كىتان، تۆۋەنكى چىن،
ئەتلىسىدىن كۆپ بېزەلگەن رومى تەنناز.

ياۋا ئۇجمە كەڭ دالاغا خوي ئۆزلەشتى،
پىلە قۇرت ئۈنۈپ، غوزا - يىپەك تولاشتى؛
يۇزلەپ خالۋاپ توقۇپ زىلچە، شايى - تاۋا،
تۇشمۇتۇشتىن بازارچىلار كۆپ ئولاشتى.

* بۇتخانا. ** شەيخ، راھىب

كېپەز سەندە ئەلدىن بۇرۇن بولۇپ ئەھيا،
كەشپىياتقا قول قويۇپتۇ ئەھلى دۇنيا؛
داڭقىڭ چىقتى ھەر سەنئەتتە ئەللەر ئارا،
قىزغىنىشىپ خېرىدارلار بوپ مەھلىيا.

ياغىش - كارۋان سەندىن قاتناپ ھەر قايانغا.
تاۋار توشۇپ كۈنچىقىشتا يۇ، لوياڭغا.
بارسا دۇردۇن، سەرگەز، گىلەم، كېلۇر مونچاق،
يېتەر كارۋان رەي، خارەزىم، خۇراسانغا.

شەرقتە شاڭخەي ئۇ زاماندا چەت ساي ئىدى،
ئوردۇس - شىئەن، روما - داكچىن بەك باي ئىدى؛
كۆزنەك بولۇپ ئەللەر ئارا ئوردۇس - چىنغا،
سياقىڭغا ھەممە ئاۋام ھاي - ھاي دېدى.

پەلەك چەرخى چەپ چۆرگىلەپ، قاچتى ئامىتىڭ،
تەبىئەتنىڭ ئاپىتىدىن كۆمۈلدى قامىتىڭ؛
زورلۇق - زۇلۇم دەستىدىن بولدۇڭ خار - زار،
ئەسىر - ئەسىر نادانلىقتا يوق كارامىتىڭ.

تارىخ قايتا ئوڭدىن كېلىپ، زامان باقتى،
باغۋاران ھەم ئۇستەڭلەردە ھەسەل ئاقتى،
كېلىپ پۇرسەت ئىسلاھاتتا ئەل تونۇدى،
بەختىڭ كۈلۈپ كۆكۈل قۇشى قانات قاقتى.

چامداپ تۇرماي ئۆز ئورنۇڭدا ئاتلان ئالغا،
تولدى باداڭ دان - ئاشلىققا، بازار مالغا؛
كۈرەش، جاپا ئەمگەك بىلەن كۈلدى تەقدىر،
كېتىپ كۈلپەت، كەلدى ئامەت - ئىقبال قولغا.

چىللار خوتەن بەزمىسىگە كېلىپ نۆۋەت،
داستىخىنى كەڭ، غىزا ئەلۋەك، مېۋە ناۋات.
كېلىڭ دوستلار سەيلى قىلىڭ يۇرتنى ئارىلاپ،
مەپتۇن قىلۇر ئەل - يۇرت ئامان، بازار ئاۋات!

2006 - يىل نويابىر، شاڭخەي

**مۇھەممەد روزى**

# ئىككى غەزەل

## كەلسەڭ

كۆكۈللەر يايرىغاي چەكسىز قۇياشتەك يۈز ئېچىپ كەلسەڭ،
ئانا يۇرتۇمغا ئەي نورۇز ئېتەك تارتىپ يېتىپ كەلسەڭ.
يېنىڭ تىن ئالسا زەۋقىڭدىن ۋۇجۇدى مۇزلىغان تۇپراق،
سىمابتەك ئېرىگەي ئەمدى لېۋىگە لەۋ يېقىپ كەلسەڭ.
چېچەكلەر كۆزنى چاقناتسا قىلار قۇشلار غەزەلخانلىق،
ئۇمىدلەردىن ھاياتلىقنىڭ جېنىغا جان قېتىپ كەلسەڭ.
يۇرەكلەر تەكتىدە ئۆچمەس سېنىڭ ئىشقىڭ بولۇپ گۈلخان،
شۇ گۈلخاندەك كۆيۈپ تۇرغان مۇھەببەت بەخش ئېتىپ كەلسەڭ.
سالام دەيمەن، سالام دەيمەن ساڭا نورۇز سالام دەيمەن،
سالامىمغا قىلىپ تەنناز نىگاردەك خۇش بېقىپ كەلسەڭ.

مۇھەممەد نە ئۈچۈن بۇ دەم قولىغا شاد قەلەم ئالماس،
ئەقىدە سۆيگۈسىنى ھەم دىلىنى چالغىتىپ كەلسەڭ.

## چەكسىز

كىشىنىڭ ئۆمرى چەكلىكتۇر، لېكىن ئەل خىزمىتى چەكسىز،
بولۇر ئەل بەختىچۈن ئۆتكەن ھاياتىنىڭ قىممىتى چەكسىز.
ئېرۇر بۇ خۇددى ئۇلتۇرماس قۇياشتەك نۇر چاچار ھەق سۆز،
تەپەككۇر بابىدا تەڭداش تېپىلماس ھېكمىتى چەكسىز.
يارالدى بىھېساب مەردلەر ۋەتەننىڭ قوينىدا ھەرئان،
ۋەتەنچۈن بىر ئۆمۈر قىلغان جاپالىق مېھنىتى چەكسىز.
شۇڭا ئەل قەلبىدە ئالتۇن ـ گۆھەردەك ساقلىنار ھەتتا،
خالاس تاپقاندىمۇ ئۆمرى، مۇھەببەت ـ ئىززىتى چەكسىز.

*(ئاپتور شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىدىن ئارامغا چىققان)*

**سالى ئىبراھىم خالىس**

# رۇبائىيلار

1

مۇشكۇلات ئالدىدا پۈكۈلمەس قەددىم،
ئېتىقاد بەھرىدىن يارالغاچ ئەھدىم.
شۇ سەۋەب ئەل كېرەك دېسە ھەر ۋاقىت،
تەييارمەن جېنىمنى قىلىشقا تەقدىم.

2

قەدىرلىك بولغانلار ئەسلىي قەدىردان،
ئەل ـ ئاۋام دەردىگە بولغانلار دەرمان.
مۇنداقلار ئاۋامنىڭ قەلب تەختىدە
ئەبەدىي شاھ سۈپەت ئولتۇرار ھامان.

3

ئەل ئۈچۈن كۆپ بولسا ئەجىر ـ مېھنىتىڭ،
كۆپ بولۇر سىڭىشمۇ قەدىر ـ قىممىتىڭ.
ئۆزۈڭنى ئويلاپلا ئەلنى ئۇنتۇساڭ،
بولمايدۇ ھەرگىزمۇ ئابروي ـ ئىززىتىڭ.

4

بەزىلەر بار قالتىس شۆھرەت خۇمارى،
ئەمەلدۇر بويىنغا ئاسقان تۇمارى.
بۇنداقلار ۋىجدانىنى ساتار تەخىرسىز،
ئۆرلىمەك بولسىلا مەنسەپ مۇنارى.

*(ئاپتور كەلپىن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن ئارامغا چىققان)*

مەتسېلىم مەتقاسىم



# سۆگەل

(ھېكايە)

تۇرمۇشتا يۈز بېرىدىغان نۇرغۇن ئىشلارنىڭ كىشىنىڭ رايىغا باقماسلىقى تاسادىپىيلىقتىن باشقا تۇرمۇشنىڭ يەنە بىر قىزىق تەرىپى بولسا كېرەك، گاھىدا كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىپ ئۇشتۇمتۇت يۈز بېرىدىغان بەزىبىر ئىشلار كىشىگە غەيرىي تۇيۇلسىمۇ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارا ـ بارا تۇرمۇشتىكى يۈز بېرىشى مۇقەررەر بولغان ئىشلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئادەمگە باشقىچە تۇيۇلمايدىغان بولىدۇ. مانا بۇ «ۋاقىت ھەممىنى ئۆزگەرتىدۇ» دېگەن ھېكمەتنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ئىپادىسىدۇر.

روزئەخمەتنىڭ بۇ قېتىم كۈتۈلمىگەندە ئىدارىدىن يېزىدىكى پونكىتقا يۆتكىۋېتىلىشى ئەنە شۇنداق كۈتۈلمىگەن بىر ئىش بولغان. ئۇ ئىدارە ئىشخانىسىنىڭ كاتىپلىقىدىن پونكىتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا قويۇلغان بولۇپ، گەرچە ئىدارە باشلىقى «سىزنى تۆۋەندە چېنىقتۇرۇشنى كۆزلەپ شۇنداق قىلدۇق، سىزنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىڭىز پارلاق» دەپ كۆڭلىنى ياساپ قويغان بولسىمۇ، ماھىيەتتە بۇ ئۇنىڭغا قۇرۇق ئېمىزگۇ سالغانلىق ئىدى. دەسلەپتە بۇ ئىش ئۇنىڭغا ناھايىتى ئېغىر كەلدى بولغاي، تالا ـ تۈزدە بىر نەچچە كۈن دەرد ئېيتىپ يۈردى:

—قويۇڭلا ئۇ پرىنسىپ، تۈزۈم دېگەن قۇرۇق گەپلەرنى! بۈگۈنكى كۈندە ھەممە ئىش

باشلىقنىڭ رايى بويىچە بولىدىكەن، مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن بۇ قىسمەت باشلىققا سالامنى چوڭ قىلىپ، سوۋغا-سالام بىلەن ئۇنى پات-پات يوقلاپ تۇرمىغانلىقىمنىڭ كاساپىتى، ئەمما ئۇنداق ئاسان ئىش يوق، مەن دېگەن كەسپىتە ئوقۇغان ئىستىقباللىق ئادەم، پونكىتقا ئۆلسەممۇ بارمايمەن.

روزىئەخمەت بىرنەچچە كۈنگىچە تونۇش-بىلىشلىرىگە مۇشۇ گەپنى دەپ يۈرگەندىن كېيىن نېمىشقىدۇر بىراقلا جىمىپ قالدى. ئەمدى ئۇ ئۆزىنىڭ يىغىرىنى تاتىلاپ بۇ ئىش توغرۇلۇق ئىغىز ئاچقۇچىلارغا سالماق هالدا، تەشكىلنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىپ ۋە كەلگۈسى ئىستىقبالىغا زور ئۈمىد باغلاپ ئاساسىي قاتلامغا ئەۋەتكەنلىكىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرىدىغان بولدى:

— تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى باشتا ئىدىيەمدىن ئۆتمىگەن ئىدى، كېيىن ئىنچىكە ئويلاپ باقسام بۇ ماڭا قىلىنغان غەمخورلۇق ئىكەن، ئاساسىي قاتلامدا چېنىقسام كەلگۈسىدە چوڭ ئىشلارنىڭ هۆددىسىدىن چىقالايمەن، ياخشى بولغىنى كەسپىي ئىقتىدارىمنى ئۆستۈرۈشكە شارائىت يارىتىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقۇرۇش سەنئىتىنىمۇ ئۆگىنىمەن ئەمەسمۇ، ئەتىلا پونكىتقا بېرىپ ئىشقا چۈشىمەن.

ئۇ بۇ گەپنى ئۆزىنىڭ تەقدىرىگە قىزىققۇچىلارغا خۇددى شاتۇتىدەك تەكرار ئېيتىپ يۈرگەچكە، ئىلگىرى ئۇنىڭغا هېسداشلىق قىلغۇچىلار ئەمدى ئۇنىڭ نىرۋىسىدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدى. بەزىلەر روزىئەخمەتنىڭ دىتى يوق، ئەگەر دىتى بولسا بىر نەچچە يىلدىن بېرى قىلىپ يۈرگەن كاتىپلىقنىڭ مەمۇرىي دەرىجە ئەمەسلىكىنى بىلمەمتى، ئۇ دېگەن مۇشۇنداق گېپىنىڭ تۇتامى يوق بىر نېمە، ئۇنىڭغا بەك ئەجەبلىنىپ كەتمىسەكمۇ بولىدۇ دېسە، بەزىلەر بۇ ئىشنىڭ تېگىدە چوقۇم بىر ئويۇن بار، بىلسەڭلار ئىدارە باشلىقى ئۇنى كۆزىدىن يىراق قىلىش ئۈچۈن پونكىتقا چۈشۈرۈۋەتكەن گەپ، ئەمما ئۇ بۇنى بىلمەي يۈرىدۇ، ئۇنىڭ نىيىتىدىن شۇنچە تېز يېنىۋېلىشى ئىدارە باشلىقىنىڭ هىيلىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، قاراپ تۇرۇڭلار، ئۇزاققا قالماي هەممە ئىش ئاشكارا بولىدۇ دېيىشەتتى. بىراق، خەق ئۇنى-بۇنى دېيىشكىنى بىلەن روزىئەخمەتنىڭ ئىلگىرىكى هالىتىدىن توقسان گرادۇس بۇرۇلۇش هاسىل قىلغانلىقى ئۆز كۆڭلىدە ئوڭۇشسىزلىق ئىچىدىن ئەقىل تېپىپ، تەقدىرىدىكى مۇهىم ئاچالدا دانالىق قىلغانلىقى ئىدى، ئۇنىڭ شىمالىنىڭ هاۋاسىدەك تېز ئۆزگىرىدىغان ئادىتى ئىلگىرىمۇ ئاندا-ساندا كۆرۈلۈپ تۇرغان بىلەن بۇ قېتىمقىدەك بىمەنە هالغا يەتمىگەن ئىدى.

دېگەندەك بۈگۈن روزىئەخمەت خىزمەتداشلىرىنى دەرگۇماندا قويۇپ پونكىتقا يۈرۈپ كەتتى. پونكىت ناهىيە مەركىزىدىن قىرىق نەچچە كىلومېتىر نېرىدىكى قوشتېرەك يېزىسىدا ئىدى. قوشتېرەك يېزىسى ناهىيىگە نىسبەتەن نامرات، شارائىتى ناچار يېزا بولۇپ، ناهىيىدىكى هەر ساهە ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ نەزىرىدە خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلارنىڭ بىر مەزگىل «پالىنىپ ئۆزگىرىدىغان» مەيدانى هېسابلىناتتى. كىمدۇر بىرى بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى قىزىقچىلىق قىلىپ، بۇ يەرنىڭ بوران هۇۋلاپلا تۇرىدىغان هاۋا شارائىتىغا قاراپ «سىبىرىيىۋى قوشتېرەك» دەپ ئاتاپ قويغاندىن كېيىن، بۇ يەرگە خىزمەتكە بەلگىلەنگەنلەرمۇ ئۆزلىرىنى سىبىرىيىگە سۈرگۈن قىلىندىم دەپ قىزىقچىلىق قىلىدىغان بولۇشتى. دېمىسىمۇ ئۆتكەن بىرنەچچە يىلدا بەزى ئىدارە-جەمئىيەتتىكى بىرنەچچە لاياقەتسىز كىشىلەرنىڭ مۆهلەت بىلەن بۇ يېزىغا چۈشۈرۈۋېتىلىشى كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا مانا مۇشۇنداق قاراشنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى. بىراق روزىئەخمەت بۇ قېتىم ئۆ-

زىگە ماس كەلمەيدىغان ئېغىر-بېسىقلىق
بىلەن بۇ ئىشلارنى تەگەپ ئولتۇرماسلىقتا
ئىدىيىسىدە تەييارلىق قىلىپ قويغان ئىدى.
شۇڭا بۇگۈن سىرلىرى تۆكۈلۈپ كونا داسقىلا
ئوخشاپ قالغان ئاپتوبۇستا قوشتېرەك يېزى-
سىغا كېلىۋېتىپ، ئاپتوبۇستىكى تونۇش بىرى
«قارىغاندا سىلىنىمۇ نەس بېسىپتۇ ھە، ئىدا-
رىدە بىرەرسىنىڭ خوتۇنىغا قاش ئېتىپ قوي-
غانمۇ يا؟» دېگەن قوپال چاقچىقىغا پەقەت
كۈلۈپلا قويدى.

ئۇ پونكىتقا يېتىپ كەلگەندە، چاقىقانغىنە
ھويلىدا نېمىدۇر بىر ئىش قىلىۋاتقان دۇمچەك
كىشى ئۇنى كۆرۈپلا خۇددى ئەتىگەندىن كۈ-
تۈپ تۇرغاندەك قورۇق بېسىپ كەتكەن ياغاق
پېشانىسىگە پاقىدە بىرنى سالدى:

— ۋاي خۇدايىمەي، ئىدارىدىن بىرى كې-
لىدۇ دېيىشىۋېدى، نەس باسقىنى كىم بول-
غىيدى دېسەم سىلىكەنلىغۇ! سىلى مېنى تو-
نۇمىغان بىلەن مەن سىلىنى تونۇيمەن، ئىدارىدە
نېمە ئىش قىلىپ قويغان بولغىيتىلە، — دې-
دى روزىئەخمەتكە ئېچىنىش ئىلكىدە قاراپ.

ئەتىگەندىن بېرى بۇ خىلدىكى تېتىقسىز
گەپلەرنى تولا ئاڭلاپ ئاچچىقىنى ئاران بې-
سىپ تۇرغان روزىئەخمەتكە بۇ گەپ بېشىغا
بىرى تاش بىلەن ئۇرغاندەك زەربە بولدى،
كۆڭلىدىن باشقىلارنىڭغۇ مەيلى دەي، مۇشۇ
يالاڭ تۆشمۇ مېنى مازاق قىلىۋاتىدا، قارىغاندا
مېنىڭ پونكىتقا مۇئاۋىن باشلىق بولۇپ كەل-
گەنلىكىمنى بۇ يەردىكىلەر بىلمەيدىغان ئوخ-
شايدۇ، خەپ توختاپ تۇرۇش، كېيىنچە ئاچ-
چىقىمنى ھەر قايسىڭدىن بىر-بىرلەپ چى-
قىرىۋالمىسام ئىگەكىم، دېگەنلەرنى ئۆتكۈ-
زۈپ، دۇمچەك كىشىدىن پونكىت باشلىقى
ھېلىمشانى سورۇشتۇردى.

— زەنجاڭنى دەمىلا؟ ئۇنى كۆرمىگىنىمى-
گە ئۈچ كۈن بولدى، كەنتلەردە سۇ پۇلى يى-
غىدىغۇ ھەقىچان، باشقىلارمۇ بۇ قونداقنى
ئۇنتۇپ قېلىشتى بولغاي، خېلى بولدى بۇ
تەرەپلەرگە يولاپ قويۇشمىدى.

— نېمە، سۇ پۇلىنى كاسسىر بىلەن
بوغالتىر يىغماي زەنجاڭ يىغامدا؟ شۇمۇ گەپ
بولدىمۇ ئەمدى، — غودۇڭشىدى روزىئەخمەت
پونكىت قورۇسىدىكى جىمجىتلىقتىن بۇ-
رۇقتۇرما بولۇپ. دېمىسىمۇ بىر سۇ تارقى-
تىش مۇنارى بىلەن سۇۋاقلىرى تۆكۈلۈپ
تۇرغان بىرنەچچە ئاددىي ئىشخانىدىن باشقا
كۆزگە چېلىقىدەك بىساتى يوق بۇ پونكىت
شۇ تاپتا ئۇنىڭغا تومۇز ئىسسىقتا قورۇلۇپ
كەتكەن كونا تېرىدەك كۆرۈمسىز كۆرۈنۈپ
كەتكەن ئىدى. روزىئەخمەت بۇلۇڭدىكى ئالا-
كۆلەڭ سايىدا كۆكسىنى يۇمشاق توپىغا يې-
قىن پېتىلىنىۋاتقان بىرنەچچە توخۇغا قاراپ
سەل تۇرغاندىن كېيىن، قولىدىكى سومكىنى
ياندىكى يوپۇرماقلىرى سالپىيىپ كەتكەن
ئۈجمىنىڭ ئاچىمىقىغا ئىلىپ قويۇپ، قو-



مۇشتا ئاددىيلا ياسالغان لەمپە ئاستىدىكى سۇ تۇرۇبىسىنىڭ يېنىغا زوڭزايدى. ئۇ تەشنالىق ئىلكىدە جۇمەكنى ئاچقان ئىدى، بىراق جۇمەكتىن «كۇش» قىلغان يەلدىن باشقا بىر تېمىم سۇ چىقمىدى.

— قانداق گەپ بۇ! سۇ پونكىتىدىمۇ ئادەم ئىچكۈدەك بىرەر يۇتۇم سۇ بولمىسا! بۇ يەرنى قانداقمۇ سۇ پونكىتى دېگىلى بولسۇن؟ — روزىئەخمەت تېرىكىپ بەخىرامان ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇپ يۈرگەن دۇمچەك كىشىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە:

— ھېلىمشا زەنجاڭ پونكىتتىكىلەرگە مېنىڭ مۇئاۋىن باشلىق بولۇپ كېلىدىغانلىقىمنى ئېيتىمىغانمىدى؟ قارىغاندا ئۇ ماڭا ياتاقمۇ تەييارلىتىپ قويماپتۇ-دە، — دېدى.

— دېمەمدىغان تەقسىر، ئۇن نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا پونكىتتىكىلەرگە يىغىن ئاچقاندا شۇنداق بىر گەپنى دېگەن، يەنە سىلىگە ياتاق تەييارلاپ قويايلى دېيىشكەن ئىدۇق، ئەمما سىلىنى بۇ يەردە يالغۇز تۇرغۇسى كەلمەمدىكىن، ئۆزى كەلگەندە مەسلىھەتلىشەرمىز دەپ ياتاقنى تەييار قىلمىغان. مانا قارىمامىلا، پونكىت دېگەن بىلەن ئادەمنىڭ قورقۇسى كېلىدۇ، ئولتۇراق ئائىلە بولمىغاندىكىن مۇشۇنداق بولىدىكەن قارىسىلا، كۈندۈزى غۇ مەيلى، كەچتە مەھەللىدىكى لالما ئىتلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەرگە جەملىنىپ، ئۈستىخان تالىشىپ تاڭ يورۇغىچە قاۋىشىپ چىقىدۇ. ھەي، سەھرا يېرى دېگەنزە مانا مۇشۇنداق قۇرۇقچىلىق بولىدۇ، قورساق ئاچقاندا، ئۇسسۇزلۇق تۇتقاندا غاچچىدە جانغا ئەسقاتىدىغان نەرسە يوق مانا، بىردەم تەخىر قىلسىلا، قولۇم ئىشتىن بوشىسۇن، — دۇمچەك كىشى شۇنداق دېگىنىچە لەمپىدىكى قۇرۇپ كەتكەن كاۋا پېلەكلىرىنى تارتىپ ئېلىشقا باشلىدى.

روزىئەخمەتنىڭ ئۇسساپ گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرى تىترىدى، جىسمى ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولدى، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ يەردە ھازىرقىدەك ئېتىبارسىز قالغانلىقىنى ئۇقۇشماسلىق دەپ قارىغان ھەمدە دۇمچەك كىشىنىڭ نام-ئەھۋالىنى بىلگەن ھامان مەندىن كەچۈرۈم سوراپ، مېنى سالقىنراق بىرەر ئورۇنغا تەكلىپ قىلىپ ئۇسسۇزلۇق بېرىدۇ دەپ ئۈمىدلەنگەن ئىدى، مانا بۇ ئۈمىدىمۇ يوققا چىقتى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ روزىئەخمەت خىيال سۈرگەنسېرى كۆڭلى يېرىم بولدى. شۇ تاپتا دۇمچەك كىشىنىڭ ئۆزىگە ئېتىبار بىلەن قارىماسلىقىغا، ھارغىنلىق، ئۇسسۇزلۇق قوشۇلۇپ ئۇنى بىر خىل تەگسىز ئۈمىدسىزلىك چوڭقۇر چىرماپ ئالدى. ئۇ ئېغىر نەپەس ئالغىنىچە لەمپە ئاستىدىكى كۆتەكتە ئولتۇرۇپ، دۇمچەك كىشىگە نەزەر سالدى. ئۇ پاكار بوي، دۇمچەك بولغىنىنى ئاز دېگەندەك سول كۆزى سەل قىيسىق، چىرايى قارامتۇل بۇ كىشىنى ئۈچ يىل ئىلگىرى ئىدارە باشلىقى بىلەن خىزمەت تەكشۈرۈپ كەلگەندە بىر قېتىم كۆرگەن ئىدى. ئۇ چاغدا بۇ كىشى تولىمۇ قىزغىن، خۇشخۇي بولۇپ، مۇشۇ لەمپە ئاستىغىلا داستىخان سېلىپ قوغۇن، تاۋۇز، شاپتۇل، ئۆرۈكلەر بىلەن ئۆزلىرىنى كۈتۈۋالغان، شۇ چاغدا بۇ كىشى ئۇنىڭ كۆزىگە تولىمۇ ئىسسىق كۆرۈنگەنىدى. مانا ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندە ئۇ جىسمانىي جەھەتتىن بىر ئاز مۈكچەيگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا كۆرۈنەرلىك ئۆزگەرمىگەن بولسىمۇ، خۇي-پەيلى تامامەن ئۆزگەرگەن ئىدى. روزىئەخمەتنىڭ ئىسسىقتىن يۇمۇلۇپ تۇرغان كۆزىگە سەھەردىكى سوغۇق شەبنەمدە ئۈزۈپ، پالاڭغا يۆگەپ قويغان تاۋۇز كۆرۈنۈپ كەتتى. ھەي، شەبنەمدە ئۈزۈپ پالاڭدا ساقلىغان تاۋۇزنى مانا مۇشۇنداق تومۇز ئىسسىقتا يېسەڭ نېمىدېگەن راھەت-ھە، شۇ چاغدا ماۋۇ دۇمچەك بىزگە تىلىپ بەرگەن تاۋۇز بىلەن قوغۇنمۇ دەل شەبنەمدە ئۈزۈلۈپ پالاڭغا يۆگەپ ساقلانغان بولسا

كېرەك، شۇنداق سوغۇق بولۇپ جاننى ياشناتقان
ئىدى. ئۇنىڭ چاڭقاپ تۇرغان تىلىغا ۋىژژىدە
سۇ يېغىلىپ، تەرلەپ كۆپىشىپ تۇرغان
جىسمى راھەتلەنگەندەك بولدى، خەپ، — دې-
دى ئۇ دۇمچەك كىشىگە سوغۇق نەزەردە قا-
راپ، —ئۇ چاغدا سەن ئىدارە باشلىقىنى كۆ-
رۈپ شۇنداق ھەش-پەش قىلىپ كەتكەن ئىكەن-
سەن-دە، مانا مەنمۇ ئىدارە باشلىقى بولمىسا-
مۇ ھەر ھالدا سەندەك كىسپۇرۇچنى باشقۇرىدى-
غان مۇئاۋىن پونكىت باشلىقىمەن، ناھىيىدىن
ھېرىپ-ئېچىپ كەلسەم بىر پىيالە سۇيۇڭ يوقا
سېنىڭ، ئالدىرىماي تۇر، مۇشۇ قىلغانلىرىڭغا
تووا قىلدۇرمىسام ھېساب ئەمەس.

— ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭا ئۇكام، بۇ
ئىشمۇ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇنا، ئۆيۈمگە
بارايلى، سىزگە چاي بېرىپ بولۇپ قىلاي بۇ
ئىشنى، — دۇمچەك كىشىنىڭ بۇ گېپى
روزىئەخمەتنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى، ئۇ ئور-
نىدىن تۇرۇپ ئىچىدە ماۋۇ جىتاق مېنىڭ
كۆڭلۈمدىكىنى سېزىۋالدىمۇ قانداق، دەپ پى-
چىرلاپ قويۇپ ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

«بارمايمەن دېگەن تۈگمەنگە يەتتە قېتىم
بارىسەن» دېگەندەك روزىئەخمەت بۇگۈن كې-
چىنى ئامالسىز دۇمچەك كىشىنىڭ ئۆيىدە
ئۆتكۈزۈشكە تايىن تاپتى، ئۇ بىلدىكى، بۇ
كىشىنىڭ ئىسمى تالىپئاخۇن بولۇپ، قارى-
ماققا كىشىگە سوغۇق چىراي كۆرۈنگىنى
بىلەن ئەمەلىيەتتە مېھماندوست، كۆڭلى تۈز،
پاراڭچى كىشى ئىكەن، روزىئەخمەت تالىپئا-
خۇننىڭ خوتۇنىنىڭ ئالدىراپ ئەتكەن سۇيۇق-
ئېشىنى ئىچىپ بولۇپ بىردىنلا روھى كۆتۈ-
رۈلۈپ قالدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭغا سۇيۇقئاشقا
سېلىنغان كاۋا بىلەن چامغۇر شۇنداق تېتىپ
كەتتىكى، تالىپئاخۇننىڭ خوتۇنىنى بىر ھازا
ماختاپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن تالىپئاخۇننىڭمۇ
كۆڭلى ئېچىلىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ھەم
پونكىتنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرىشكە
باشلىدى.

تالىپئاخۇن مۇشۇ يېزىلىق بولۇپ ئىلگى-
رى ئامانەت-قەرز كوپىراتىپىنىڭ بوغالتىرى
ئىدى، كېيىن كوپىراتىپ ناھىيىدىكى باش
كوپىراتىپ بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلىشىنىڭ ئال-
دىدا ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ، مۇشۇ پونكىتقا
يۆتكىلىۋالغان. دېگەندەك ئۇزاق ئۆتمەي بىر-
لەشمە كوپىراتىپمۇ ۋەيران بولدى، ئۇ ھېساب
ئىشىغا چېۋەر بولغاچقا بىر مەزگىل پونكىت-
نىڭ بوغالتىرلىقىنى قىلىپ يۈردى، كېيىن
پونكىت باشلىقى ھېلىمشا بىلەن تازا چىقى-
شالماي كەنتلەرگە بېرىپ مىراپلىق قىلدى،
ئۇزاق ئۆتمەي تازغا تاغاقنىڭ نېمە ئىشى دې-
گەندەك، بۇ ئىشنىمۇ ھېلىمشانىڭ كۆڭلى-
دىكىدەك قىلالماي، پونكىتنىڭ كۆزەتچىسى
بولۇپ قالدى، دېمىسىمۇ تالىپئاخۇن بەزى ۋا-
قىتلاردا ھېلىمشانىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قو-
ياتتى. ئۇنىڭ رادىئودىن دېھقانلارنىڭ سېلى-
قىنى يەڭگىللىتىش، ئۈچ قالايمىقانچىلىقنى
تۈزەش توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپلا ھايا-
جانلىنىپ پونكىت خادىملىرىنىڭ يېرىم يىل-
دىن ئارتۇق ئەجىر قىلىپ، دېھقانلاردىن «سۇنى
ئارتۇق ئىشلىتىۋالغان» دېگەن باھانە بىلەن يى-
غىۋالغان جەرىمانە پۇلىنى پونكىت باشلىقى
ھېلىمشانىڭ رۇخسىتىنى ئالمايلا دېھقانلارغا
قايتۇرۇپ بەرگەنلىكىدەك ئۆز بېشىمچىلىقىنى
ئۇنداق ئاسان بولدى قىلغىلى بولمايتتى، كې-
يىنكى كۈنلەردىكى ئۇنىڭ كۆلگە سالغان،
يولغا سەپكەن، ئېھاتە ئورمانلارغا باشلانغان
سۇدىن جەرىمانە ئالساق ئىنساپسىزلىق بولىدۇ
دەپ ھېلىمشا بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇشى،
ھەتتا بىر قىسىم دېھقانلارنى جەرىمانە دېسە
ھەرگىز بەرمەڭلار، دېھقانلاردىن جەرىمانە ئې-
لىشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى رادىئودا ئېنىق
ئاڭلاتتى، دەپ كۈشكۈرتۈشى ئىنچىكىلەپ
كەلسە ھېچكىم ئازا تۇرالمايدىغان مەسىلە بو-
لۇپ، پونكىت باشلىقى ھېلىمشا ئۈچۈن ئۇ-

www.uyghurkitap.com

نىڭ بۇرنىنىڭ نوخلىسىنى ئېلىپ قويۇشقا
يېتىپ ئاشاتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا ھېلىمشا
دەرغەزەپ بولۇپ، نەچچە قېتىم تالىپئاخۇننى
پونكىتتىن ھەيدەپ چىقىرىش نىيىتىگە كەل-
گەن بولسىمۇ، ئەپسۇس ئۇنداق قىلالمىدى.
چۈنكى تالىپئاخۇننىڭ يېزىدا ئۆزىگە تۇشلۇق
يۈز ـ ئابرۇيى، ئەڭ مۇھىمى ھۆكۈمەتنىڭ تۆ-
مۈر دەپتىرىدە بىر كىشىلىك شتاتى بار ئىدى.
مۇبادا مۇشۇ تەرەپلەر ھېلىمشانى چەكلەپ
تۇرمىغان بولسا، تالىپئاخۇن بوغالتىرلىق قى-
لىۋاتقان ئاشۇ ۋاقىتلاردىلا پونكىتتىن ھەيدى-
لىپ، كۇدە ـ كۆرپىسى بىقىنىغا قىستۇرۇلۇپ
بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تالىپئاخۇنمۇ كې-
يىنكى كۈنلەردە، بولۇپمۇ پونكىتنىڭ قوغداش
ئىشلىرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئى-
شى بىلەنلا مەشغۇل بولىدىغان، ئىلگىرىكى-
دەك باشقىلارنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن ئارىغا
چۈشۈپ ھېلىمشانىڭ چىشىغا تەگمەيدىغان
بولدى. ئۇنىڭ بۇنداق ئۆزگىرىشىگە يەنە بىر
تەرەپتىن ئائىلىسىدىكى قىيىنچىلىقلارمۇ
سەۋەبچى ئىدى، ئايالىنىڭ خىزمىتى بولمى-
غاچقا ئۇنىڭ بىر قىسىم ۋاقتى ئېتىزدا ئۆتەت-
تى، بىر ـ بىرىگە ئۇلىشىپ كېلىدىغان جاپا-
لىق ئېتىز ئىشى ھەرقانچە چىدامىلىق كىشى-
نىڭ بېلىنى مۈكچەيتمەي قالمايدۇ، دەرۋەقە
تالىپئاخۇننىڭمۇ بېلى بارا ـ بارا مۈكچەيدى،
كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال، دېگەندەك ئۇ-
نىڭ ئىلگىرى مىراپلىق قىلىپ يۈرگەن ۋاقتىدا
ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ بىر ئاز شەكلى
ئۆزگىرىپ قالغان دۇمبىسى يېشىنىڭ چوڭى-
يىشىغا ئەگىشىپ تېخىمۇ ئۆزگىرىپ، ئەمدى
ئۇنىڭ ئىلگىرىكى جىرتاق دېگەن لەقىمىگە
دۈمچەكنى قوشۇپ قويدى. ئۇ يەنە بوش ۋا-
قىتلىرىدا قاسساپلىق قىلىپ ئائىلىسىنىڭ
چىقىمىنى قامدىدى، راستىنى ئېيتقاندا قاس-
ساپلىق قىلىش تالىپئاخۇننىڭ ئۇخلىسا چۈ-
شىگىمۇ كىرمەيتتى، بىر كۈنى ئۇ يېرىم
يىلدىن بۇيان بورداپ كېلىۋاتقان ئېرىكىنى يېزا
بازىرىدا تۆت يۈز يۈەنگە ساتماي قايتۇرۇپ كې-
لىپ، ئەتىسى تەۋەككۇل قىلىپ سويۇپ،
گۆشىنى پونكىتنىڭ ئالدىدىكى دوڭغاق جىگ-
دىگە ئېسىپ ساتقان ئىدى، گۆشىنىڭ پۇلى
450 يۈەن بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆزى
ئېچىلىپ، پونكىتنىڭ ئىشلىرىدىن قولى بو-
شىسىلا قاسساپلىق قىلىدىغان بولدى، دەسلەپ-
تە ئۇ قوي، ئۆچكە سويۇپ ساتقان، كېيىن
بارا ـ بارا كالا، ھەتتا تۆگە، ئاتلارنىمۇ سويۇپ
سېتىپ بىر ئوبدان پايدا كۆردى. ئۇنىڭ قاس-
ساپلىق قىلىشى ھە دېگەندە ھېلىمشانىڭ
ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويدى. ئۇ تالىپئاخۇنغا
دوق قىلىپ «سىلى دېگەن ھۆكۈمەتنىڭ كادى-
رى، بۇ ئىشىڭلا تۈزۈمگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ،
دەرھال قولۇڭلارنى يۇيۇۋېتىڭلا، بولمىسا مەن-
دىن رەنجىمەڭلا» دېگەن ئىدى، تالىپئاخۇن
رەستىدە ئۇنىڭغا جاۋاب قىلماي، كەچلىكى
ئۆيىگە بىر پۇت پاقالان گۆشىنى ئېلىپ بې-
رىپلا ئۇنىڭ ئاچچىقىنى ياندۇردى. كېيىنكى
كۈنلەردە ھېلىمشا ئۇنىڭغا ئۆتكەن كۈنلىرى-
نى ئەسلىتىپ:

— تالىپئاخۇن، مۇشۇ كۈنلەردە ئىلگى-
رىكى ئەخمەقلىقىڭلار نەگە كەتتى، ھازىر
ئويلىسام سىلى مېنى ئىلگىرى قەستەن تې-
رىكتۈرۈپ چىشىمغا تېگىدىغان ئىشلارنى
قىلىپ يۈرۈپتىكەنسىلەر ـ ھە، مانا ئەسلىدە
سىلى ئۇنداق غەرەز ئۇقمايدىغان تەرسا ئەمەس،
نان بەرسە ئىش بېرىدىغان دىتلىق ئادەمكەنسى-
لەر ئەمەسمۇ، — دەپ قويىدىغان بولدى. بۇن-
داق ۋاقىتلاردا تالىپئاخۇن نېمىشقىدۇر جىمىپ
قالاتتى، مۇبادا ھېلىمشا ھېلىقىدەك سۆزلەرنى
يەنە داۋاملاشتۇرسا تالىپئاخۇن ئۇنىڭغا تىكى-
لىپ قاراپ قوياتتى، بۇ ئۇنىڭ ھېلىمشاغا
ئېتىراز بىلدۈرگىنى ئىدى.

تالىپئاخۇن خېلى بىر مەھەل ئۆزىنىڭ
كەچمىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى، روزئەخمەت

ئۇنىڭ يېنىدا ئۈيقۇسىراپ ياتسىمۇ، ھەر ھالدا تالىپئاخۇننىڭ تېگى-تەكتىنى، مۇھىمى ھېلىمشانىڭ ئەھۋالىنى بىلىۋالدى، تالىپئاخۇننىڭ «مېنى نەزەر قىرلىرىغا ئېلىپ كەتمىسىلىمۇ بۇگۈن مېنىڭ مۇشۇ ئۆيۈمدە قونۇپ قالسىلا، قورۇنماي يېشىنىپ ئازادە ياتسىلا» دېگەن سۆزىنى يېرىشقا تىلى بارماي ئۇنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالغانلىقى، بىر ھېسابتا ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت بولغانىدى، دېگەندەك بۇنىڭ پايدىسى ئەتىسىلا كۆرۈلدى. روزىئەخمەت تالىپاخۇننىڭ ئاخشامقى سۆزلىرىدىن ھېلىمشانىڭ ئۆزى بىلەن قېرىشقان ئادەمنى ھەر ئاماللار بىلەن زىيان تارتقۇزماي قويمايدىغان مىجەزىنى ئىلغا قىلىۋالمىغان بولسا، ئۇ تۈنۈگۈنكى ئاچچىقىدا ھېلىمشا بىلەن بىر قەپەس ئېلىشىپ، ئىشنىڭ بىسمىللاسىدا زىيان تارتىۋالغان بولاتتى، گەرچە تالىپئاخۇن ھېلىمشانىڭ ئۆيىگە سەھەردە بېرىپ روزىئەخمەتنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلغان بولسىمۇ، ئۇ پونكىتقا چۈشكە يېقىن كەلدى-دە، روزىئەخمەتكە قولىنى خالار-خالماس سونۇپ سوغۇق تەلەپپۇزدا: «ھە، كەلدىڭمۇ، ئۇكا، شەھەر بالىسى بولغاندىكىن بۇ يەرگە بۇنچە بۇرۇن كەلگۈچە مەھەللەڭدە بىرەر ئاي ئويناپ ئالدىرىماي كەلسەڭمۇ بولاتتىغۇ، ياكى بۇ سەھرايى قىيامەتتە بىر كىم ساڭا ئاتاپ ئوچىقىغا كۆمەچ كۆمۈپ قويمىسا!» دېگەن بولسىمۇ روزىئەخمەت ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى. كېيىن ئۇ ھېلىمشا ئۆزىگەياتاق ھېسابىدا ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرگەن ئۆيگە كىرىپ داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئەسلىدە بۇ پونكىتنىڭ پارچە-پۇرات مۈلۈكلىرىنى ساقلايدىغان، تاملىرى يېرىمىغىچە زەي تارتىپ سۇۋاقلىرى تۆكۈلۈپ تۇرغان، بۇرجەكلىرىنى سېرىق چاشقانلار تېشىپ كامار قىلىۋەتكەن ئۆي ئىدى. روزىئەخمەت يەنىلا دانالىق قىلىپ بېشىنى ئازابلىق لىڭشىتىپ قويغاندىن ئۆزگە ئىپادە بىلدۈرمىدى، پەقەت ھېلىمشا موتىسىكلىتىغا مىنىپ نەگىدۇر كەتكەندىن كېيىن، تالىپئاخۇن بىلەن ياتاق ئۆينى تەييارلاۋېتىپ ھېلىمشا ئۈستىدىن بىرنەچچە ئېغىز دادلاپ قويدى. بۇ چاغدا تالىپئاخۇن ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ياغاق چىرايىدا «قانداق مېنىڭ دېگىنىم توغرىمىكەن» دېگەندەك بىر خىل مەنە ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار بىر ھازا ئىشلەپ بۇ كۆرۈمسىز ئۆينى ھەرھالدا ئادەم ياتقۇدەك ھالغا كەلتۈردى، روزىئەخمەت تالىپئاخۇننىڭ چېۋەرلىكىدىن تولىمۇ سۆيۈنۈپ قالدى، دېمىسىمۇ روزىئەخمەت بايا ئۆينىڭ ۋەيرانە ھالىتىنى كۆرۈپلا بېشىغا بىر كىم تۇگمەن تېشىنى ئېلىپ قويغاندەك كەيپىياتقا كېلىپ قالغان ئىدى، تالىپئاخۇن «غەم قىلمىسىلا، مەن بىر ئامالىنى قىلىمەن» دەپلا ياندىكى ئۆيدىن سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىدىن ئېشىپ قالغان سۇلياۋ يوپۇق، كارىۋات، ئۈستەل-ئورۇندۇق، شىرە دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ كىرىپ، ياتاقنى بىر ئوبدان سەرەمجانلاشتۇرۇپ بەردى. كەچكە يېقىن تالىپئاخۇن ئۆيىگە قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، روزىئەخمەتنى بىر خىل غېرىبلىق ئىلكىگە ئېلىۋالدى، يېزا مەركىزىدىكى ئاشخانىلارنىڭ بىرىگە بېرىپ قورسىقىنى توقلاشنى ئويلىغان بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر كۆڭلى تارتماي، كارىۋاتتا ئۈستىخىنى بوشاشقان ھالدا سوزۇلۇپ يېتىپ خىيالغا پاتتى...

ئىنساننىڭ تەقدىرى ئاجايىپ بولىدىكەن، گاھىدا سەن ئىگە بولۇش ئۈچۈن بارلىقىڭ بىلەن ئىنتىلگەن نەرسە سەندىن يالتىيىپ، سەن بىزار بولغان نەرسە ساڭا رودىپايدەك چاپلىشىدىكەن، مانا روزىئەخمەت ئالىي مەكتەپتە مەخسۇس كەسىپتە ئوقۇپ ئۆزى ئارزۇ قىلغان ئىدارىدە ئىشلىگىلى ئون نەچچە يىل بولدى، تەڭتۇشلىرى، بىرگە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرى، بو-

لۇپمۇ ئۇ ئانچە كۆزىگە ئىلىپ قويمايدىغان بىرنەچچىسىنىڭ بىرەر ئورۇننىڭ مەسئۇللىقىنى قولىغا ئېلىپ، تۆۋىنى سانتانا چاغلىق ماشىنىلاردا تەكەببۇرلۇق بىلەن مەيدە كېرىپ ئولتۇرۇشقىنىغا بىرنەچچە يىل بولۇپ قالدى، بىر قىسمى بولسا شەھەر ئەتراپىدىكى تاۋارنىڭ گۈلىدەك يەرلەردىن شەخسىي زېمىن سېتىۋېلىپ زامانغا لايىق ئۆي سېلىۋالغان بولسا، يەنە بىر قىسمى شەھەرنىڭ ئاۋات رەستىلىرىدە يېقىندىن بۇيان بىر ـ بىرلەپ باش كۆتۈرگەن ھەشەمەتلىك ئولتۇراق رايونلىرىدىن يۈز نەچچە كۋادىرات مېتىرلىق ئۆيلەرنى ئانچە كۆچىمەيلا سېتىۋېلىشتى. تېخىمۇ جەلپ قىلارلىقى بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىملار ئەمەل بىلەن تىجارەتنى بىرلەشتۈرۈپ بېيىشتا ئۈلگە ياراتتى، روزىئەخمەت بۇلارنى بىر ـ بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ دەسلەپكى قەدەمدە بىرەر ئەمەلنىڭ پېشىنى تۇتۇشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، بىر مەزگىل تىرىشقان بولسىمۇ قىلچە ئۈنۈم كۆرۈلمىدى. تۇرمۇش دېگەن مۇشۇنداق مۇرەككەپ، سەن شۇنچە ئەقىللىق بولساڭمۇ گاھىدا بېشىڭغا كەلگەن ئوڭۇشسىزلىقلاردىن گاڭگىراپلا قالىسەن، روزىئەخمەتمۇ ئارىدا بىرمەزگىل گاڭگىراپ يۈرگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ تولىمۇ بەختسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. خۇدايىم مېنى ھېلىقىدەك ئامەتلەردىن تەلەيسىز ياراتقان بولسىمۇ، خوتۇننىڭ شۇدلۇق، زېرەكلىرى بىلەن ئۇچراشتۇرغان بولسا، بىر تەرەپتىن بولسىمۇ كۆڭلۈم سۇ ئىچمەسمىدى دەپ ھەسرەت چېكىپ يۈردى. بولۇپمۇ ئۇ ئىككى دوستىنىڭ خوتۇنلىرىنىڭ مۇناسىۋەت تورىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىگە تۇشلۇق ئەمەل تاپقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن بۇ ھەقتە كۆپ خىيال سۈرىدىغان، خىيال سۈرگەنسېرى كۆڭلى يېرىم بولىدىغان بولۇپ قالدى، دېمىسىمۇ ئايالى بەختىگۈل ئۆزىنىڭ بىر كىشى-

لىك خىزمىتى بىلەن ئائىلە ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن ئاران چىققاندىن باشقا، روزىئەخمەتنىڭ كۆڭلىدە خېلىدىن بېرى تۈنەپ ياتقان پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئۇنىڭغا يار ـ يۆلەك بولالمايتتى، ئۇنىڭدا ھېلىقى دوستلىرىنىڭ خوتۇنلىرىدەك ئۆزىنى تۈزەپ، سورۇنلاردا ئۇسسۇل ـ تانسا دېگەنلەرگە جان كىرگۈزۈپ، قولىدىن ئىش كېلىدىغان كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان ئىقتىدارمۇ يوق ئىدى. دەسلەپتە روزىئەخمەت باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان قىزى ئىپارگۈلنىڭ يۈزىنى قىلىپ بەختىگۈل بىلەن ئاجرىشىش نىيىتىدىن يانغان ھەمدە بەختىگۈلنى ئۆزىنىڭ كۆڭۈل ئارزۇسى بويىچە تەربىيىلەشكە ئەجىر قىلغان بولسىمۇ، «قان بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقىدۇ» دېگەندەك ئۇنىڭ ئەجرى ئاخىرقى ھېسابتا بىھۇدە بولۇپ چىقتى. ئاخىرى روزىئەخمەتنىڭ سەۋر قاچىسى توشتى، تۇرلۇك باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن بەختىگۈلنىڭ ئون نەچچە يىللىق ئەقىدە ـ ئىخلاسى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايلا، ئىككى ئايغا يەتمىگەن ۋاقىتتا ئۇنىڭ بىلەن ئادا ـ جۇدا بولدى، ھەم ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان كەلگۈسى ئايالىنىڭ نامزاتىنى تاللاپ مۇقىملاپمۇ ئۈلگۈردى. يېقىن دوستىنىڭ ئارىغا كىرىشى بىلەن شۇنچە تېز تاللىنىپ مۇقىملانغان رەشىدە ئىسىملىك بۇ نامزات ئەسلىدە سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ناخشىچىسى بولۇپ، كېيىن كۇتۇپخانىغا يۆتكەلگەن ئىدى، ئۇ ئىلگىرى ئىككى قېتىم توي قىلغان بولسىمۇ، تۇغمىغانلىقى سەۋەبلىك ئاجرىشىپ كېتىپ يالغۇز ئۆتۈۋاتاتتى. راستىنى ئېيتقاندا ئۇنى يالغۇز ئۆتۈۋاتىدۇ دېگىلى بولمايتتى، چۈنكى ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا يالغۇز ئۆتۈۋاتقان باشقا ئاياللاردىكى سولغۇنلۇق ۋە غېرىبلىقتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئاۋات رەستىگە جايلاشقان گۈللۈك ئولتۇراق

رايونىدىكى كۆركەم بىنانىڭ ئۈچىنچى قەۋ-
تىدىكى ھەشەمەتلىك ئۆيىگە كېلىپ تۇرىد-
غان يۈز- ئابرۇيلۇق كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈ-
زۈلمىگەنگە ئوخشاش، ئۇنىمۇ ئۆيلىرىگە
چىللاپ تۇرىدىغانلار گاھىدا ئۆچىرەت ساق-
لاشقا مەجبۇر بولاتتى، روزىئەخمەت مانا مۇ-
شۇنداق تۇتسا سىپپى، ئەل ئېغىزىدا گېپى
بولغان ئايال بىلەن توي قىلىپ ئارزۇسىغا يەت-
كەندەك بولدى، بىراق ئاسان روياپقا كەلگەن
ئىشنىڭ تېگى بوش، دېگەندەك رەشىدە بۇ يېڭ-
ى ئائىلىدە ئۆزىگە كۈشەندە بولۇپ تۇرغان
ئىپارگۈل بىلەن ئەپلىشەلمىدى. لېكىن، يېڭى
تۇرمۇشىدىكى بۇ توسالغۇنى كۆزىدىن يوقى-
تىشقا ئانچە كۈچەپ كەتمىدى. ئەسلىدە رو-
زىئەخمەت ئىپارگۈلنى يېزىدىكى ئانىسىغا
ھەمراھ قىلىشنى خىيالىدىن بۇيان ئويلاپ يۈ-
رەتتى، ئۇ ئىپارگۈلنى يېزىغا ئاپىرىۋەتكەندىن
كېيىن، ئۆزىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى ئارزۇسىنى
ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن رەشىدەدىن ئىبارەت
يەمچۈكنى ئىشقا سالماقچى بولدى. ئالدى
بىلەن ئوي- خىياللىرىنى رەشىدەگە بىر- بىر-
لەپ ئېيتتى، رەشىدە ئىلگىرىمۇ بۇنداق ئىش-
لارنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەنمۇ ئەيتاۋۇر،
روزىئەخمەت پىلانىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ
بولغۇچە ئۇنىڭ قورسىقىدىكىنى بىلىۋېلىپ،
گېپىنى بېلىدىنلا ئۈزۈپ قويدى ۋە ئىشنى
روياپقا چىقىرىشنىڭ تېخىمۇ ئەپلىك ئۇسۇ-
لىنى ئېيتىپ روزىئەخمەتنى خۇش قىلىۋەتتى.
كېيىنكى كۈنلەردە روزىئەخمەت رەشىدەنىڭ
يول كۆرسىتىشى ۋە رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن
قولىدىن ئىش كېلىدىغان كىشىلەرنى ئۆيىگە
مېھمانغا چاقىرىپ، ئۇلارنى رەشىدەنىڭ مۇڭ-
لۇق ناخشىلىرى بىلەن لەرزان ئۇسسۇللىرى-
دىن، تانسا، ئۇسسۇل ئوينىغاندىكى نازلىق
بېقىشلىرىدىن بەھرىمەن قىلدى. ئەجىر قىل-
ساڭ بەرىكەت تاپىسەن، دېگەندەك بارا- بارا
كېيىنكى ياخشى كۈنلەردىن بېشارەت بولۇشقا
باشلىدى. ئەپسۇس، روزىئەخمەتنىڭ ۋۇجۇدى
سىمابتەك ئېرىپ، ئۆز ئەقلىگە تەكرار رەھ-
مەتلەر ئېيتىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە قېرىش-
قاندەك بىر ئىش يۈز بەردى، دەسلەپتە قولىدىن
ئىش كېلىدىغان كىشىلەرنىڭ بىرى يەنە بىر
دەرىجە ئۆسۈپ باشقا جايغا كېتىپ قالدى، يەنە
بىرسىنىڭ دەم ئېلىش ۋاقتى كېلىپ قالغاچقا
غىپپىدە ئارامغا چىقىۋېلىپ، تۆگە كۆردۈڭمۇ
يوق، دېگەندەك ماي يۇقى ئېغىزىغا توپا سۇۋاپلا
جىم تۇرۇۋالدى. روزىئەخمەتكە بۇ تولىمۇ ئې-
غىر كەلدى. ئۇ بىر نەچچە كۈنگىچە دەردىنى
ھاراقتىن ئالماقچى بولغاندەك چىلاشقۇچە ئى-
چىپ، دورا يەپ سالغان بېلىقتەك ئەلەڭلەپ
يۈردى. ئۇزاق ئۆتمەي كەلسە قوش كېلىدۇ،
دېگەندەك ئىلگىرىكىدىن بەتەر بولغان كۆڭۈل-
سىزلىك روزىئەخمەتنىڭ ئاللىقاچان تېتىق-
سىزلىشىپ بەتتەم ھالغا كېلىپ قالغان تۇر-
مۇشىغا تۆپىلەپ يوپۇرۇلۇپ كەلدى، رەشىدە
كۈتۈلمىگەندە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، خېتىنى
ئېلىپ كېتىپ قالدى، ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كەت-
سىغۇ مەيلىتتى، يامان بولغىنى روزىئەخمەت-
نىڭ توختاۋسىز ئېچىشىۋاتقان زېدىسىگە تۇز
سېپىپ، ھېلىقى ئۆسۈپ كەتكەن كىشىدىن
مېھرىنى ئۈزەلمەي ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگى-
شىپ كېتىپ قالدى. بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلى-
رى ئۇنىڭغا ئاچچىق ساۋاق بولغاچقا، ئۆزى-
نىڭ ھازىرچە ئەمەلدىن تەلىيى يوقلۇقىغا كۆ-
زى يېتىپ، بۇنىڭدىن كېيىن ئەمەل تەمەسىدە
ئاۋارە بولۇپ يۈرمەسلىككە ئۆز- ئۆزىگە ۋەدە
قىلدى، ئۇ بۇ ۋەدىسىدە ئېغىشماي چىڭ تۇ-
رۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇرۇق- تۇغقانلىرى-
نىڭ ياردىمىدە بەختىگۈل بىلەن قايتا يارىشى-
ۋالدى، ھەم قىزى ئىپارگۈلنىمۇ يېزىدىن قاي-
تۇرۇپ كەلدى. بۇ قوۋناق كۈنلەر مۇشۇ خىلدا
داۋام قىلسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى- ھە!
ئەسلىدە بۇ بەختىگۈلنىڭلا ئارزۇسى ئەمەس،
روزىئەخمەتمۇ مۇشۇ ئارزۇدا ئىدى. بىراق بۇ
قېتىم ئىدارە باشلىقى ئۇنىڭ كۆڭۈل تېگىدە

41

ئاللىقاچان ئۆچكەن ئەمەل ئوتىنى قايتا يالقۇنجىتىپ قويدى. «كېيىنچە سىزنى جىق بۆلۈم دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن بىر يىل قوشتىبرەك يېزا پونكىتىغا ئەۋەتىشنى لايىق كۆردۈم، بىلسىڭىز بۇ مېنىڭ سىزگە ئىشەنگەنلىكىمنىڭ ئىپادىسى، ئوغۇل بالىغا پۇرسەت ئۆمرىدە پەقەت بىر قېتىملا كېلىدۇ، بۇ سىز ئۈچۈن ئەڭ ياخشى پۇرسەت» دېگەن ئىدى، ئىدارە باشلىقى يەنە ئۇنىڭ قوشتىبرەك يېزا پونكىتىغا مۇئاۋىن باشلىقلىق ۋەزىپىسىدىگە تەيىنلەنگەنلىكىنى ئېلان قىلىپ بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندە، ئۇنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ، پونكىتقا بارغاندىن كېيىن قىلىدىغان ئىنتايىن مۇھىم بىر ۋەزىپىنىمۇ تاپشۇرغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ روزىئەخمەت بارغا شۈكۈر قىلىپ ئۆتۈشكە نىيەت قىلغاندا، ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا يەنە ئەمەل تەمەسىگە يەم بولدى. قارىغاندا ئىشنىڭ بېشىلا ئۇنىڭ ئۈچۈن پايدىسىزدەك قىلاتتى، تۇنجى بولۇپ كۆرۈشكەن تالىپئاخۇننىڭ مۇرەككەپلىكى، پونكىت باشلىقى ھېلىمشانىڭ ھاكاۋۇرلۇقى روزىئەخمەتنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىن ئىلگىرىكى شېرىن خىياللىرىنى بەربات قىلىشقا باشلىدى، دەرۋەقە ئۇ ھېلىمشاغا ئانچە ئاسان تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى...

قاراڭغۇ چۈشكەندىن باشلاپ پونكىت قورۇسىغا پەيدا بولغان كاسكا ئىتلارنىڭ بىردىنلا قاۋاپ كېتىشى روزىئەخمەتنىڭ خىيالىنى بۇزۇپ قويدى، توۋا بۇ نېمە كارامەت ئەمدى، — دېدى ئۇ دېرىزىدىن قورۇغا بويۇنداپ قاراپ. سىرت سىياھتەك قاراڭغۇ بولۇپ تولىمۇ سۈرلۈك كۆرۈنەتتى، مۇبادا ئىتلارنىڭ قاۋاشقان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇرمىسا، روزىئەخمەت بۇ يەردىكى بۇرۇقتۇرمىلىقتىن تۇنجۇقۇپ قالىدىغاندەك قىلاتتى. بىر چاغدا ئۇ بېشىنى يوتقان بىلەن ئوراپ يېتىپ تالىپئاخۇننىڭ «كەچتە بۇ يەردە قىزىق ئىشلار بولىدۇ» دېگەن سۆزىنى ئېسىگە ئالدى. تۇنجى كېچە ھەر ھالدا ئۆتۈپ كەتتى. ئەتىگەندىلا ھېلىمشا پونكىت قورۇسىغا پەيدا بولدى، ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە پونكىتنىڭ ئون نەچچە خىزمەتچىسىمۇ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ يېتىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى يىغىلىشقا ئەجەبلىنىپ تالاش-تارتىش قىلىشىپ تۇرۇشى روزىئەخمەتنىڭ خىيالىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى، ئۇ بايا ھېلىمشانىڭ قورۇغا كىرىپلا تالىپئاخۇنغا ئۈنلۈك ئاۋازدا مېۋە-چېۋە، يېمەك-ئىچمەكلەرنى تەق قىلىشنى تاپىلاۋاتقانلىقىنى ياتىقىدا تۇرۇپ ئاڭلاپ، كۆڭلىدە ھېلىمشا بۈگۈن ئەقلىگە كەلگەن ئوخشايدۇ، قارىغاندا ئۇ بۈگۈن پونكىتتىكى ھەممەيلەننى جەم قىلىپ، مېنىڭ پونكىتقا مۇئاۋىن باشلىق بولۇپ كەلگەنلىكىمنى تەبرىكلەيدىغان ئوخشايدۇ، دەپ پەرەز قىلغان ئىدى، بىراق ئۇ ئالدىراپ يۈز-كۆزىنى چالا-بۇلا يۇيۇپلا قورۇدا خوجايىنلارچە گىدىيىپ تۇرغان ھېلىمشاغا قىزغىن سالام قىلغان بولسىمۇ، ھېلىمشا بىر كېچىدىلا ئۇنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك ئەلپازدا ئۇنىڭغا قىزىقىپ بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن:

— ۋۇي ئۇكا، يېنىمغا ئەجەب شاياتۇندەكلا پەيدا بولدۇڭغۇ، كېچىدىن بۇ يەردە ئىتلار بىلەن بەزمە قىلدىڭمۇ نېمە، — دېدى ھەيبارلىق بىلەن ھىجىيىپ. بۇ كۈتۈلمىگەن زەربىدىن زورىئەخمەتنىڭ قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:

— مەن... تۇنۇگۈن كەلگەن تۇرسام، سىلى... تازا ئۇنتۇغاق بولۇپ قالدىلىمۇ نېمە... — دېدى. ھېلىمشا ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك پەرۋاسىز ھالدا سۇ تۇرۇبىسىنىڭ يېنىدا تۇرغان تالىپئاخۇنغا بۇيرۇق قىلدى:

— ھۇي تالىپئاخۇن، كۆزۈڭلىنى چوڭراق ئېچىپ، بىلىكىڭنى رۇسلاپ ماڭا قاراڭلا، ئاداش، بۈگۈن گۆش لازىم بولىدىغاندەك تۇرىدۇ، قېرى توپاقلىنى ئۆلتۈرۈۋەرمەي چىقىرىتما بولغان پاقلان ئۆلتۈرۈپ تەييار قىلىپ قويۇڭلار!



www.uyghurkitap.com

تالىپئاخۇن ئۇنىڭغا جاۋابەن بېشىنى لىڭشىتتى. روزىئەخمەت:

— مەنمۇ بىر ئىش قىلسام بولا... ياكى... — دېدى تەئەددى بىلەن. ھېلىمشا ئۇنىڭغا لەپپىدە قاراپ:

—ۋۇي، ئېسىم قۇرۇسۇن، راست، سەن بۇ يەرگە تۈنۈگۈن كەلگەن ھە، ئىشلارنىڭ كۆپلۈكىدىن سېنى ئېسىمدىن چىقىرىپ قويۇپتىمەن، ئۇكا، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزۈڭمۇ كىشىنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپلا تۇرىدىغان بالىغۇ، بولدىلا، خاپا بولۇپ يۈرمىگىنە، — دېگىنىچە روزىئەخمەتنىڭ دولىسىغا يېنىك ئۇرۇپ قويدى. كېيىن قورۇدا ئۆزئارا كۇسۇرلىشىپ تۇرۇشقان ئۈچ ئايالغا قاراپ:

— سىلەر بۈگۈن ئاياغ كەنتكە بېرىڭلار، بۈگۈن ئۇلار سۇ تۇتىدۇ، تۈنۈگۈنكىدەك سولاش بولماڭلا، يەنە ئۇ يالاڭ تۆشلەرنىڭ بىرەر پۇللۇق ئۆرۈك، ئۈزۈم، بىرەر چىنە قېتىقلىرىغا ئالدىنىپ، كېۋەزگە ئۆلچەمدىن ئارتۇق سۇ سېلىۋېلىشىغا ھەرگىز يول قويماڭلا ھە! — دېدى. ئاياللار ئۇنىڭ گېپى ئۈزۈلۈش بىلەنلا قورۇدىن ئۈن-تىنسىز چىقىپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ رايىشلىق بىلەن مېڭىشىدىن ھېلىمشا تولىمۇ ھۇزۇرلاندى بولغاي، يېنىدا تۇرغان روزىئەخمەتكە مەنىلىك قاراپ قويۇپ شۇنداق دېدى:

—ئۇكا، شەھەردە بىرەر ئاي ئويناپ كەلمەي ئالدىراپ كەلگەندىكىن سېنى ۋاقتىدا ئىشقا سالمىسام قاملاشماس، شۇڭا سەن بۈگۈن ئاۋۇ يىگىتلەر بىلەن چۇقا كەنتكە بېرىپ، بىرنەچچە گەدەنكەشتىكى جەرىمانىنى يىغىپ كەل، قانچىلىك ئىش قىلالايسەن بۇنى كەچتە كۆرەيلى، مەن بوغالتىر بىلەن يېزىغا بېرىپ شاڭجاڭ بىلەن كۆرۈشۈپ كېلەي.

— مەنغۇ بۇ يەرگە تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن سىلىگە ياردەملەشكىلى كەلدىم، لېكىن سىلى مېنى...

— ئا... ھاي ئۇكا، لېكىن-پېكىنلىرىڭنى قويە، قاقپۇدا گىڭشىلداپ تۇرماي ئىشىڭغا ماڭغىنە، — ھېلىمشا بىر ئاز تېرىكتى بولغاي، شۇنداق دەپلا مۇتىسىكلىتىغا مىنىپ بوغالتىر بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتتى. شۇ تاپتا روزىئەخمەتنىڭ سەۋر قاچىسى يېرىلاي دېگەن ئىدى. مۇبادا ئۇنىڭ بۇرۇنقى چۇس مىجەزى ھازىر بولغان بولسا ھېلىمشانىڭ بۇ تەكەببۇرلىقىنىڭ بىسىنى بىر ئوبدان ياندۇرۇپ قويغان بولاتتى، بىراق ئۇ پىتىنىڭ دەردىدە چاپاننى ئوتقا سېلىشنىڭ ئەخمەقلىق بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلگەچكە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، چۇقا كەنتكە مېڭىشقا تەق بولۇپ تۇرۇشقان يىگىتلەرنى باشلاپ سىرتقا ماڭدى. تالىپئاخۇن ئۇنىڭغا مەنىلىك قاراپ بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ قويغان ئىدى، روزىئەخمەت ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن ناھايىتى توغرا قىلدىڭىز دېگەن مەنىنى ئىلغا قىلىپ، كۆڭلى يورۇپ قالغاندەك بولدى.

ھېلىمشانىڭ روزىئەخمەتكە قىلىۋاتقان سوغۇق مۇئامىلىسىنىڭ ئەلۋەتتە سەۋەبى بار ئىدى. گەرچە روزىئەخمەت ئۇنى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان پونكىتتا ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇپ مۇشۇنداق ھاكاۋۇر بولۇپ كەتكەن چېغى پەرەز قىلغان بولسىمۇ، ئەسلىي ئىش ئۇنداق ئەمەس ئىدى، يېقىنقى يىللاردىن بېرى ھېلىمشا بىلەن ئىدارە باشلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئاز سۇركۈلۈش بولۇۋاتاتتى، بۇ ئىشقا ئىدارە باشلىقىنىڭ ھېلىمشانىڭ ئۆزىگە بولغان ساداقىتىدىن گۇمانلىنىشى بىلەن ھېلىمشانىڭ ساداقىتىنى دەرىجە ئاتلاپ بىلدۈرۈۋاتقانلىقى سەۋەبچى ئىدى، ئىدارە باشلىقى ھېلىمشانىڭ يېزىدا ئوبدانلا بېيىپ يېنىنى تومىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنى نەزىرىگە ئىلماي، ناھىيىدىكى باشقا كاتتىلار بىلەن ئۆلپەتلىشىپ يۈرگەنلىكىنى بىلگەندە، كېيىنكى كۈنلەردە قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتنىڭ يۈز بېرىشىدىن ۋايىم يېيىشكە باشلىدى. ئەمەل سورۇنىدا غەلىتە ئىشلار كۆپ يۈز بېرىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ھەر خىل ئېھتىماللىقنى يۈز بەرمەيدۇ دەپ ھۆددە قىلغىلى بولمايتتى. گېزى كەلسە نەچچە

www.uyghurkitap.com

يىللىق ئەمەل تارىخىنى، تۆھپىنى پەشخۇنغا ئالغان بىلەن ئۇنى ھېسابقا ئالىدىغانلار غايىۋى ئادەملەر ئەمەس، يەنىلا نەپسى بار ئادەملەر ئىدى. ئىدارە باشلىقى مانا بۇ تەرەپلەرنى كۆڭۈل ئەلگىكىدە بىر قانچە قېتىم تاسقاپ، ئاخىردا پىلانلىق ھالدا مۇداپىئەگە ئۆتمەكچى بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ھېلىمشانىڭ يېنىدا ئىشەنچلىك بىر كۆز ـ قۇلاق قويۇپ، ئۇنىڭ رولىدىن پايدىلىنىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئۇ مۇۋاپىق نامزات تاللاشتا كۆپ باش قاتۇردى، دېمىسىمۇ بۇ ئويىنىشىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى، مۇبادا ئىش ئاشكارىلىنىپ قالغۇدەك بولسا تولىمۇ ئوسال ئەھۋالدا قالاتتى. ئاخىر ئىدارە باشلىقىنىڭ خىيالىغا ئەمەل كوچىسىغا ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىنتىلىپ، قىستاڭچىلىق دەستىدىن بىر بولۇڭغا چاچراپ چىقىپ كەتكىلى خېلى ئۇزۇن بولغان روزىئەخمەت كەلدى ـ دە، كۆز ئالدى ۋاللىدە يورۇپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ خۇددى ئۇخلاپ قالغان مۇشۈكنى قۇيرۇقىدىن تارتىپ ئويغاتقاندەك روزىئەخمەتنى قانائەت قۇچىقىدىن ئاستا ئويغاتتى. شۇنداقتىمۇ روزىئەخمەتكە كۆڭۈلدىكىنىڭ ھەممىسىنى دېگىلى بولمايتتى، ئىدارە باشلىقى پەقەت ئۇنىڭغا ھېلىمشانىڭ پونكىتتىكى ئورنىنى غۇۋا مەنزىل قىلىپ كۆرسىتىپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ، قالغان ئىشلارنى ئۇنىڭ ئەقلىگە ھاۋالە قىلدى. مۇشۇنداق قىلغاندا ھېلىمشانىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بىلگىلى ھەم ئۇنىڭغا يانتاياق بولىدىغانلارغا تېگىپ كېتىشتىن ساقلانغىلى بولاتتى. ئىدارە باشلىقى مۇشۇ مۇددىئاسى بويىچە روزىئەخمەتنى چېكىپ باققان ئىدى، دەسلەپتە ئۇ نارازى بولۇپ قاقشاپ يۈردى، كېيىن ئىدارە باشلىقى ئۇنىڭغا مەنىلىك قاراپ «ھازىرقى ئازراق جاپاغا ئەمەس، كەلگۈسى ئامەتكە قاراڭ، ئۇكام» دېيىلا قويغان ئىدى، روزىئەخمەتنىڭ كۆڭلىدىكى چۈچۈلىگە گۈپپىدە ئوت تۇتاشتى ـ دە، ھايال بولمايلا قوشتىرەككە قاراپ يول ئالدى. ھېلىمشا ئىلگىرى ئىدارىدە كۆزگە كۆرۈنگەن كادىر بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر ئىدارە باشلىقىنىڭ كۆزىگە سىغماي قالدى ـ دە، قوشتىرەككە كېلىپ قالدى. دەسلەپتە ئۇ ئىدارە باشلىقىدىن رەنجىپ يۈرگەن بولسىمۇ، بۇ يەردە ھال ـ كۈنىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلىنىپ كەتكەنلىكىگە قاراپ ئۆزىنى دەڭسىۋالغانىدى. مانا ئەمدى كۈتۈلمىگەندە ئۇنىڭ يېنىغا روزىئەخمەت پەيدا بولۇپ، بەئەينى پوقاق ئۈستىگە سۆگەل چىققاندەكلا بىر ئىش بولدى، لېكىن ئۇنىڭ سەزگۈر كۆڭلىگە روزىئەخمەتنىڭ پونكىتقا مۇئاۋىن باشلىق بولۇپ كېلىشىدىكى سىر بەش قولدەك ئايان ئىدى. روزىئەخمەت بولسا خۇددى ئىدارە باشلىقىنىڭ مەقسىتىنى تولۇق بىلمىگەندەك ھېلىمشانىڭ كۆڭلىدىكىنىمۇ بىلمەيتتى، مانا، ھېلىمشا بوغالتىر بىلەن يېزىلىق ھۆكۈمەتكە قاراپ كېتىۋېتىپ روزىئەخمەتنى لاتا قىسماقىقا باشلاپ قويغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ كېتىۋاتاتتى، كۆڭلىدە بولسا مېنى پايلاشقا كەلگەنلىكىڭگە توۋا قىلدۇرمىسام ھېساب ئەمەس ئىگەكىم، باشقا يېزىلاردا مۇئاۋىن باشلىق بولمىسا، ئەجەب سەن تېپىتارتماستىن ماڭا كۆز ـ قۇلاق بولۇپ كەپسەنغۇ لاتا، دېگەنلەرنى ئويلاۋاتاتتى.

كەچ كىرىپ ئەتراپقا گۇگۇم پەردىسى يېيىلىشقا باشلىغان بولسىمۇ، ھېلىمشا تېخىچە پونكىتنىڭ ئالدىدىكى كۆتەك ئۈستىدە ئولتۇراتتى. تالىپئاخۇن ئۇنىڭغا تەييارلاپ بەرمەكچى بولغان پاقلان گۆشىنى ئاللىقاچان تەييار قىلىپ ئۆيگە ئاپىرىپ بېرىپ، يەنە بىر ئىرىكنى سويۇپ گۆشىنى قولۇم ـ قوشنىلارغا سېتىپ بولغان بولۇپ، ھېلىمشاغا قاراپ ئۆيگە كېتەلمەي تۇراتتى. ئۇنى شۇ تاپتا ھېلىمشاغا تارتىشىپ ئۆيگە كەتمىدى دېگەندىن كۆرە، روزىئەخمەتنىڭ قايتىپ كەلگەندىكى ھالىتىنى كۆرۈشكە قىزىقىپ ساقلاپ تۇردى دېگەن تۈزۈك ئىدى. ئۇ ئەتىگەندە ھېلىمشا روزىئەخمەتكە ئىش تاپشۇرغاندا ھېلىمشانىڭ

مەقسىتىنى بىلىۋالغان ئىدى. چۈقا كەنتىدىكى بىرنەچچە ئائىلە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پونكىتقا سۇ ھەققى تاپشۇرۇشتا ھېلىمشا بىلەن زۇكۇنلىشىپ كېلىۋاتاتتى، ئەسلىدە ھېلىمشانىڭ مۇشۇ كەنتتە يېقىن تۇغقانلىرى بولۇپ، ئۇلار ھېلىمشانىڭ شەپقىتى بىلەن سۇ ھەققى تۆلىمەي كېلىۋاتاتتى، تۆلىمىسىغۇ مەيلىتتى، ھېلىمشا تۇغقانلىرىدىن كۆتۈرۈۋەتكەن سۇ پۇلىنى شۇجى بىلەن بىرلىشىپ ھېلىقى كىشىلەرنىڭ زىممىسىگە چېچىۋەتكەن ئىدى، ئۇلارنىڭ شۇنچە مەخپىي قىلغان بۇ ئىشنى ئۇلار قانداق بىلىۋالدىكىن، ئۆتكەن يىلى يۇردىكىنى قايتەك قىلىشىپ سۇ ھەققى تاپشۇرۇشتىن باش تارتتى، بىراق ھېلىمشامۇ بوش كەلمەي، ئەتىيازدا ئۇلارغا بۇغداينىڭ تۇنجى سۈيىنى بەرمەي تۇرۇۋېلىپ ئاخىرى سۇ پۇلىنى تولۇق ئالغان ئىدى، مانا ئەمدى كۈتۈلمىگەندە ئاشۇلاردىن ئۈچەيلەن ھېلىمشانىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى، ھېلىمشا بۇ ياخشى پۇرسەتتە ئۇلارنىڭ نوخلىسىنى تازا بىر ئېلىپ قويۇشنى ئويلاپ تۈنۈگۈن چۈقا كەنتىگە كەلدى ـ دە، ئۇلارغا جەرىمانە قويۇپ چىرايىنى سارغايتماقچى بولدى، لېكىن ئۇلار ھېلىمشاغا جەرىمانىنى ئەمەس، مۇشت بەرگىلى تاسلا قالدى، ئاخىرىدا ھېلىمشا ئۇلاردىن بىرەر نەرسە ئۇندۇرۇشكە كۆزى يەتمەي، ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ قايتىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ كېچىچە ئويلىنىپ بۇ ئىشقا روزىئەخمەتنى ئەۋەتىشنى قارار قىلدى. بۇ ئىشتا ئۇ تاماشا كۆرۈشنىلا ئەمەس، ئىشنىڭ بېشىدىلا روزىئەخمەتنىڭ بۇ يەردىن رايىنى ياندۇرۇشنى ئويلىغان ئىدى، مانا ئۇنىڭ ھازىرغا قەدەر قايتىپ كەلمىگەنلىكىگە قارىغاندا ئېھتىمال كۈتكەن ئىش يۈز بەردى بولغاي، بىر بولسا روزىئەخمەت پونكىتتىقا كەلگىنىگە يەتكۈچە پۇشايمان قىلىپ قاقشاپ كېلىدۇ، بىر بولسا بۇرنى قانغا مىلىنىپ كېلىدۇ... تالىپئاخۇننىڭ ئۇشتۇمتۇت يۆتىلىشى ھېلىمشانىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى. ئۇ شۇ چاغدىلا ئۆزىدىن ئون نەچچە قەدەم نېرىدىكى دوڭغاق جىگدىگە ئېسىلغان كانارىنىڭ يېنىدا تالىپئاخۇننىڭ بارلىقىنى سەزدى ـ دە، ئاۋازىنى سەل قويۇۋېتىپ دېدى:

— ھوي تالىپئاخۇن، باياتىن بېرى سىلە ئۇ يەردە بارمىدىڭلا، گۆشنى سېتىپ بولغاندىكىن ئۆيۈڭلارغا كەتمەپسىلىغۇ؟

— سىلى ئۆيلىرىگە كەتمەي تۇرسىلا، مەن كەتسەم قانداق بولىدۇ، پۇقرا رەھبەر بىلەن بىردەك بولمىسا قانداق بولغىنى، زەنجاڭ، — تالىپئاخۇن كېلىپ ھېلىمشانىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

— مۇشۇ كۈنلەردە سىلە تولىمۇ گەپدان بولۇپ كېتىۋاتىسىلە، تالىپئاخۇن، ھەممىدىن ئاۋال كانارغا ئېسىپ قويغان گۆشۈڭلىنى ماختايسىلەر، سىلىگە دېسەم مەن سىلىگە ئوبدانلا پۇرسەت بەردىم ماخما، بولمىسا كادىرلارنىڭ خىزمەت قىلىپ تۇرۇپ سىلىدەك يەنە تىجارەت قىلغىنى نەدە بار؟ كۆڭلۈمنىڭ يېقىنلىقىنى بىلىڭلا ماخما.

— مانا، سىلىمۇ مۇشۇ گەپنى شاتۇتىدەك تەكرارلايلا، گەپلىرىگە بىر ـ بىرلەپ جاۋاب بەرسەم، مەن داۋاملىق پاقلان ئۆلتۈرىمەن، شۇڭا گۆشۈمنىڭ داڭلىغۇچىلىكى بار، خوش، مەن قاسساپلىقنى خىزمەتنىڭ سىرتىدا، كۆپچىلىكنىڭ تەلىپى بويىچە قىلىمەن، شۇڭا بۇنىڭ قورقىدىغان يېرى يوق، ئەمدى سىلىنىڭ ماڭا كۆڭۈللىرىنىڭ يېقىنلىقىغا كەلسەك بۇنىڭغا قىل سىغمايدۇ، مەن بۇنى ئوبدان بىلىمەن، مانا تېخى مۇشۇ قاراڭغۇدا بۇ يەردە ئولتۇرۇشلىرىنىڭ سەۋەبىنىمۇ بىلىمەن.

— قىزىق گەپ قىلغىلى تۇردىغۇ ماۋۇ ئاداش، قېنى ئېيتىڭلا، مەن بۇ يەردە نېمە سەۋەبتىن ئولتۇردۇم ئەمىسە؟

— تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن بولمامدۇ! قاراپ تۇرسىلا، ھېلىقى روزىئەخمەت ئاخۇن بۇرنىنى رەڭ قىلىپ كەلمىسە ھېساب ئەمەس، چۈقا كەنتىدىكى ھېلىقىلار ئۇنىڭدەك بېلىنىڭ

ئاستىغا سۆيۈقئاش بارمىغان ئادەمگە بوش كېلەمدا! سىلى ئۇنىڭغا ئەتىگەندە ئىش تاپشۇرغاندىلا مەن قورساقلىرىدىكىنى بىلىپ بولغان.

—ھا... ھا... ھا! ماۋۇ موللا تاپقاق ئاداشنىڭ گېپىنىڭ قىزىقلىقىنى! سىلىگە بۈگۈن ھەقىقەتەن قايىل بولدۇم، سىلە راستتىنلا يەرنىڭ ئاستىدىكى يىلاننىڭ كۆشىگىنىنى بىلىدىكەنسىلەر، سىلە زادى بىلمەيدىغان ئىشمۇ بارمۇ بۇ جاھاندا؟

—بولمامتىكى!

—ئېيتىڭلا نېمىنى بىلمەيسىلە؟

—قايسى كۈنى ئۆلۈپ قېلىشىمنى زادى بىلمەيمەن.

—ئۇنداقتا قالغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلمەن دەڭلا. قېنى ئەمسە دەپ بېقىڭلا، روزئەخمەتنىڭ پونكىتقا كېلىشى ياخشىلىقتىن بېشارەتمۇ ياكى يامانلىقتىنمۇ؟

—قارىغاندا مەنمۇ سىلىگە كۆڭلۈمنىڭ يېقىنلىقىنى ئېنىق بىلدۈرمىسەم بولمىغۇدەك، چۈنكى سىلىنىڭ مۇشۇنداق مۇھىم سوئالنى مەندىن سورىغانلىرى كۆڭۈللىرىنىڭ ماڭا ھەقىقەتەنمۇ يېقىنلىقىنى بىلدۈرىدۇ، سىلىگە دېسەم، ئۇنىڭ پونكىتقا كېلىشى سىلى ئۈچۈن ھەرگىزمۇ ياخشىلىقتىن بېشارەت ئەمەس.

—مەن ئويلىغاندەك گەپ قىلدىڭلا، كۆڭلۈڭلىنىڭ ماڭا يېقىنلىقىغا تولۇق ئىشەنسەم بولغۇدەك، ئەمدى سەۋەبىنى دەپ بېقىڭلا قېنى، مۇبادا بۇ جاۋابىڭلىمۇ مېنىڭ ئويۇم بىلەن بىردەك بولسا سىلىنىڭ ھەقىقىي دانالىقىڭلارغا قول قويىمەن ھەم مۇكاپاتمۇ بېرىمەن.

— ماڭا ھەرقانچە بولسىمۇ بوغالتىرلىقىمنى مۇكاپات قىلىپ بەرمەيلا، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭمۇ ئۇ ئىشنى قىلغۇم يوق، دەرۋازىغا قارىغاچ قاسساپلىقىمنى قىلسام ماڭا شۇ ئەۋزەل، مۇكاپات دېگەنلىرى ھەرقانچە بولسا پونكىتنىڭ ئاشۇ قامغاق بىلەن يانتاقتىن ئۆزگە زىرائەت ئۈنمەيدىغان يېرىنى تېرىپ ياۋا تۇڭگۇزدىن ئاشقىنىنى ئائىلەڭلىگە كىرىم قىلىڭلا دېمەكچىغۇ! ماڭا بۇ كۆڭۈللىرى تېگىل بولدى، ياخشىسى ئېغىزىمغا بۇنداق قۇرۇق ئېمىزگۇ سالماي، بۈگۈنكىدەك چىن كۆڭۈللىرىنىلا بەرسىلە كۇپايە.

—بايا مەن سىلىگە چاقچاق قىلمىدىم، كۆڭلۈمنىڭ يېقىنلىقىدا گەپ يوق، ئىلگىرىكى ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتىدىغان بولغانغۇ، شۇڭا مېنى ئۆز بىلىپ ئىشەنسەڭلا بولۇۋېرىدۇ.

—كۆڭلىمىز شۇنداق يېقىن تۇرسا، يەنە شەرت قويۇشۇپ تۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى، سىلىگە راست گەپنى دېسەم، ئىدارە باشلىقى روزئەخمەتنى پونكىتقا مەقسەتلىك ئەۋەتكەن گەپ، ئۇ سىلىنىڭ بۇ يەردە بۈگۈنكىدەك يىلتىز تارتىپ كېيىنكى كۈنلەردە ئۆزىنىڭ ئورنىغا كۆز تىكىشلىرىدىن ئەنسىرەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلى ھەممە ئىشتا چاقىقان كېلىۋاتىلا، قانداق پەرىزىم خاتا ئەمەستۇ؟

—ھەي تالىپئاخۇن، سىلى مۇشۇ تاپتا كۆزۈمگە باشقىچە كۆرۈنۈۋاتىسىلە، ئەسكى جۇۋا ئىچىدە ئادەم بار دەڭلا، توۋا، زەپمۇ بىلىشمەي يۈرۈپتىمىزيا شۇنچە يىلدىن بېرى، ئەسلىدە ماڭا ئاغىنە بولىدىغان ئادەم سىلىكەنسىلە، ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكىنى بەش قولدەك بىلىدىكەنسىلە ئەمەسمۇ، راستىنى دېسەم بىرنەچچە كۈندىن بۇيان نېمە قىلىشىمنى بىلمەي يۈرۈيمەن، سىلىچە ماۋۇ روزئەخمەت دېگەن كىسپۇرۇچقا قانداقراق مۇئامىلە قىلسام بولا، بىر تۇرۇپ پونكىتقا كەلگەنلىكىگە بۇرنى پېشانىسىگىچە تويغۇزايمىكىن دەيمەن، بىر تۇرۇپ ئالدىمغا تارتىپ پايدىلىنايمىكىن دېسەم ھېچ كۆڭلۈم قويمايدۇ، ماڭا بىر يول كۆرسىتىڭلا قېنى.

—كېيىنكى ئۇسۇل مۇۋاپىق ئەمەس، ئالدىنقى ئۇسۇلنى قوللىنىش كېرەك. ئۇ بۇ يەردە يىلتىز تارتىپ قالسىلا سىلى ئۈچۈن پايدىسىز.

— مانا، مانا، سىلىنىڭ دېگىنىڭلا مېنىڭ پىلانىم بىلەن ئويمۇ ئوخشاش چىقتى،

ئەكىلىڭلا قولۇڭلىنى، بۇگۈندىن باشلاپ ئىككىمىز ھەقىقىي ئاغىنە، — ھېلىمشا تالىپئاخۇننىڭ قولىنى تۇتۇپ چىڭ سىقتى، كېيىن ئىككىسى مۇشۇ يوسۇندا پاراڭلاشقاچ روزىئەخمەتنى خېلى بىر مەھەلگىچە كۈتۈشكەن بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى، ھېلىمشاغا بۇگۈن روزىئەخمەتنىڭ بىچارە ھالىتىنى كۆرۈش نېسىپ بولمىغان بولسىمۇ، تالىپئاخۇننىڭ گەپلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئوبدانلا كۆتۈرۈپ قويغان ئىدى. ئۇ ئۆيىگە كەلگۈچە قايسىبىر خەلق ناخشىسىغا غىڭشىپ كەلدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ھېلىمشا پونكىتقا كەلگەندە روزىئەخمەت تېخى ئورنىدىن تۇرمىغان ئىدى، بەلكىم بۇ كىسپۇرۇچىنىڭ قاش-قاپاقلىرى يېرىلغان بولسا تالا-تۈزگە چىقالماي مۆكۈنۈپ ياتقاندۇ، دەپ ئويلىدى ھېلىمشا روزىئەخمەتنىڭ ياتقىغا قاراپ قويۇپ. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ يېنىغا تالىپئاخۇن پەيدا بولدى -دە، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەندەكلا پەس ئاۋازدا:

— ئوللاھۇ ئالەم، قاش-قاپاق يېرىلىپ، پۇت-پاچاقلار سۇندى بولغاي، — دېدى بېشى بىلەن روزىئەخمەتنىڭ ياتقىنى ئىما قىلىپ، ھېلىمشا ئۇنىڭغا جاۋابەن سول كۆزىنى قىسىپ قويدى. كېيىن ئۇ ئىشخانىسىغا كىرىپ خېلى ئۇزاققىچە كۈتۈپ ئولتۇرغان بولسىمۇ روزىئەخمەت ياتقىدىن چىقمىدى. ئەجەبلىنەرلىكى، تۈنۈگۈن ئۇنىڭ بىلەن بىللە چوقا كەنتىگە كەتكەن يىگىتلەرمۇ مۇشۇ چاقىچە پەيدا بولمايۋاتاتتى. ئاز ۋاقىت ئىچىدە ھېلىمشانىڭ كۆڭلىگە ھەر خىل گۇمانلار كېلىپ ئۈلگۈردى، ئۇ ئالدىراپ قورۇغا چىقتى-دە، تالىپئاخۇنغا روزىئەخمەتنى چاقىرىشنى ئېيتتى، تالىپئاخۇن ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ روزىئەخمەتنى چاقىرغان ئىدى، ئارىدىن بىر پەس ئۆتۈپ روزىئەخمەت كۆزىنى ئۇۋۇلىغىنىچە ياتقىدىن چىقىپ، تازا بىر كېرىلىۋالغاندىن كېيىن ھېلىمشانىڭ يېنىغا كەلدى. ھېلىمشا ھەيران بولدى. چۈنكى روزىئەخمەت ساپساق بولۇپ، تولىمۇ خۇشالدەك كۆرۈنەتتى.

— بەك ئۇخلاپ كەتتىڭغۇ، ئۇكا، مۇشۇ چاقىچە ماڭا تۈنۈگۈن تاپشۇرغان ئىشىنىڭ ئۇچۇرىنى دېمەيسەنغۇ؟ — دېدى ھېلىمشا.

— ئاخشام تۈن نىسپى بولغاندا قايتىپ كېلىپ ياتقان ئىدىم، ھاردۇق يېتىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن.

— نېمە، ئۇ مۇتتەھەملەر بىلەن شۇنچە ئۇزۇن دېيىشتىڭلارما؟

— دېيىشىشنىغۇ دېيىشتۇق، ئېلىشمىغۇچە تېپىشماس دېگەندەك كېيىن ئۆلپەتلىشىپ قالدۇق، كەچتە قايتايلى دەپ تۇرساق، ئۇلار مېنى يېزىمىزغا يېڭىلا كەپتىلا، بىر پىيالە چېيىمىزنى ئىچىپ، بىردەم مۇڭدىشىپ كەتمىسە خاپا بولىمىز دەپ تۇرۇۋېلىشتى، نەدىكىنى، كېيىن بىر پىيالە چاي دېگىنى پولۇغا، بىردەم مۇڭدىشىش دېگىنى دۇتار، راۋاپ چېلىپ كۆڭۈل ئېچىشقا ئۆزگەردى، دېھقان دېگەننىڭ كۆڭلى دەريادەك كەڭكەن، ھەم يەنە...

— ئا... ھاي، يېگەننىڭ، ئوينىغاننىڭ گېپىنى قىلماي، جەرىمانە پۇلىنى ئالالىدىڭمۇ شۇنى دېگىنە ئۇكا، تولا ئىچىلىمنى قولۇشتۇرماي، — ھېلىمشانىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ قوشۇمىلىرى تۈرۈلدى.

— سىلىمۇ تازا قىزىق ئىكەنلا، يولغا سېپىلگەن سۇ بىلەن كۆلگە سالغان سۇغا جەرىمانە قويسىلا ئۇلار سىلىگە مۇشتۇملىرىنى تەڭلىمەي قالامدۇ؟ مەن ھەممىنى ئاڭلىدىم، ھەم يەنە شۇجى بىلەن تەكشۈرۈپ كۆردۈم، يولغا سۇ سېپىشنى شۇجى ئورۇنلاشتۇرۇپتىكەن، يېقىندا ناھىيىنىڭ باھالىشى بار ئەمەسمۇ، كۆلگە كەلسەك، ئون نەچچە ئائىلە ئاشۇ كۆلدىن سۇ ئىچىدىكەن، مۇبادا كۆلگە سۇ سالمىسا ئۇلار قانداق ياشايدۇ؟

— نېمە؟ سەن... تازا شۇ... قانداق بولغىنى بۇ.

— ھە راست، تۈنۈگۈن مەن بىلەن بىللە

بارغانلارغا بۈگۈن بىر كۆنلۈك رۇخسەت بەردىم، ئۇ باللارمۇ كېچىدىن بېرى مەن بىلەن بىللە بولۇپ ئۇيقۇسىز قالدى، پونكىتتا كەلسىمۇ ھېچ ئىش قىلالمايدۇ ئېھتىمال.

— ئا... ھاي، پاسا - پۇسسۇر گېپىڭنى قويغىنا، ئۇكا، ئىشنى ئوڭشاپ كېلىشتە يوق بۇزغاننى ئاز دەپ تېخى ئۇلارغا رۇخسەت بەرگىنىڭ نېمىسى؟ سەن بىلەن كېيىن دېيىشەي، ماخما، — ھېلىمشا شۇنداق دېگىنىچە ئاپتاپتا پۈتى كۆيگەن توخۇدەك بىردەم ئۇيان - بۇيان ماڭغاندىن كېيىن سىرتقا چىقىپ كەتتى، بۇلۇڭدا تۇرغان تالىپئاخۇن ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالماي پىخىلداپ كۈلۈپ تاشلىدى.

ھەش - پەش دېگۈچە قوشتېرەك يېزىسىنىڭ تومۇز كۈنلىرى ئاخىرلىشىپ غۇر - غۇر شاماللىق كۈز كۈنلىرى يېتىپ كەلدى. بۇ كۈنلەردە ھېلىمشا بىلەن روزىئەخمەت يەنىلا ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ يۈرۈشتى. ھېلىمشا روزىئەخمەتنى ئىدارە باشلىقىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ماڭا كۆز - قۇلاق بولۇشقا كەلدى دەپ قاراپ، ئۇنىڭدىن يەتكۈچە بىزار بولسا، روزىئەخمەت ھېلىمشانىڭ ئۆزىنى كۆزگە ئىلماي چەتكە قېقىشلىرىدىن نارازى ئىدى. ھېلىمشا كۆڭلىدە مېنىڭ قىلغىنىم ھەقلىق دەپ ئويلىسا، روزىئەخمەتمۇ مەن پونكىتقا تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن كەلدىم، ھېلىمشانىڭ مېنى چەتكە قېقىشىغا يول قويسام بولمايدۇ دەپ ئويلايتتى. ئۇلارنىڭ بۇ خىل كۈرىشىدە ھېلىمشا ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارى ۋە قوشتېرەككە نوپۇزىغا تايىنىپ بارا - بارا غالىب كەلمەكتە ئىدى، روزىئەخمەتمۇ ئاربلاپ ئىدارە باشلىقىنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ، دەردىنى تۆكۈپ مەسلىھەت ئېلىپ تۇردى. كېيىن ھېلىمشا پارتىيە مەكتىپىگە ئىككى ئايلىق ئوقۇشقا كېتىپ ئۇ پونكىتنى مۇستەقىل باشقۇرغان ئىدى، كۆزى ئېچىلىپ قالدى. دەرۋەقە، كىچىك بولسىمۇ يەنىلا بىرىنچى قول ئەمەل بولىدىكەن، مانا بۇ يىراق سەھرادىكى كىچىككىنە بىر پونكىت بولغان بىلەن، ھۆكۈمەتنىڭ دەپتىرىدە ئۆزىگە تۇشلۇق ئىسمى بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە كونا بولسىمۇ كىچىك ماشىنىسى بار. بۇلارنى دېمىگەندىمۇ، دېھقانلاردىن كىرىم بولۇپ تۇرىدىغان پۇل بار. روزىئەخمەت ئىلگىرى ئەمەل ئاتلىق جانانغا پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن ئاشىق بى قارار بولغان ۋاقىتلىرىدا، ئەمەل تۇتۇۋاتقان دوستلىرىغا قاراپ خاتادىن قالساڭمۇ قاتاردىن قالما دېگەننىلا ئويلىغانىدى، مانا ئۇ ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم بىرىنچى قول باشلىق بولۇپ باقتى. «يولۋاس يوق تاغدا مايمۇن پادىشاھ بولۇپتۇ» دېگەندەك، ئۇ بۇ ۋاقىتلىق ئەمەلنى كۆڭلىدىكىدەك تۇتۇۋالدى. ئۇنىڭ - بۇنىڭغا قولىنى سوزۇشقا ئۈلگۈرمىگەن بولسىمۇ، پونكىتقا كەلگەندىن بېرى ھېلىمشادىن ئۆتكۈزەلمەي كەلگەن بىر تۇتام تالونلىرىنى ئۆزى تەستىق سېلىپ پۇلغا ئايلاندۇرۇۋالدى، يەنە پونكىتتىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئەتە - ئاخشام قىلىپ تۇرغان خۇشامەتلىرىگىمۇ داخىل بولدى، مەھەللىلەردە ئۆزىگە ھاجىتى چۈشىدىغان دېھقانلارنىڭ ئالدىدا كېرىلىپ مېڭىۋالدى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق مەنپەئەتلەرنىڭ شەپىسى ئاڭلىنىشقا باشلىغاندا قېرىشقاندەك ھېلىمشا كۇرستىن قايتىپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ شېرىن چۈشلىرى بۇزۇلدى، ئىدارە باشلىقىنىڭ ھېلىمشانى يەنە بىر مەزگىل كاشىلا قىلالمىغانلىقىغا ئۆكۈندى. ھېلىمشانىڭ يىلتىزىنىڭ خېلىلا چوڭقۇرلىقىغا كۆزى يەتكەن ۋاقىتتىدا ۋۇجۇدىغا ئاچچىق بىر خىل ئېقىم يامرىدى - دە، سالامەتلىكىمنى تەكشۈرتىمەن دېگەن باھانە بىلەن ئون نەچچە كۈن دەم ئېلىپ قايتىپ كەلدى.

بۈگۈن چۈشكە يېقىن روزىئەخمەت يېزا مەركىزىدىكى ئاشخانىدا قورسىقىنى تويغۇزۇۋىلىپ پونكىتقا قايتىپ كەلگەن ئىدى، كۈتۈلمىگەندە ھېلىمشانىڭ تەنبىھىگە ئۇچرىدى. ئەسلىدە ئۇ بۇ قېتىم دەم ئېلىپ قايتىپ كەلگەندىن





www.uygurkitap.com

كېيىن تېخىچە ھېلىمشا بىلەن كۆرۈشمىگەن
ئىدى. بىرنەچچە كۈندىن بېرى نەلەرگىدۇر
كېتىپ پونكىتقا ئاياغ باسمىغان ھېلىمشا
بۈگۈن كېلىپلا روزىئەخمەتنى سۆرۈشتۈردى،
كېيىن ئوسۇرغاقا ئارپا نېنى باھانە بولۇپتۇ
دېگەنىدەك، روزىئەخمەتنىڭ دەل مۇشۇ ۋاقىتتا
پونكىتتا بولماسلىقىنى ئىنتىزامغا رىئايە
قىلماسلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ چىقتى،
ھېلىمشانىڭ بۇ ئىشىغا روزىئەخمەتلا ئەمەس،
پونكىتقا ئىلگىرى- كېيىن كېلىشىپ توپلى-
نىپ قالغان بىرنەچچەيلەنمۇ ھەيران بولۇشتى،
دېمىسىمۇ پونكىتتىكى ھەر بىر كىشىنىڭ
ئۆز ئالدىغا قىلىدىغان ئىشى بولۇپ، زۆرۈر-
يەت بولمىسا پونكىتقا كەلمەيتتى، ھېلىم-
شامۇ گاھىدا نەگىدۇر يوقاپ كېتىپ ئون
نەچچە كۈندە پەيدا بولاتتى، پونكىتنىڭ ئەزەل-
دىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قائىدىسى بويىچە
ئېيتقاندا، بۈگۈن ھېلىمشانىڭ روزىئەخمەتكە
چېچىلىشى ھەقىقەتەنمۇ يولسىزلىق ئىدى.
شۇ تاپتا زەي ئىشخانىدا لام- جىم دېيىشمەي
ئولتۇرۇشقانلارنىڭ ئىچىدە پەقەت تالىپئاخۇنلا
ھېلىمشانىڭ بۇنداق قىلىشىنىڭ سەۋەبى
ئۈستىدە تىنىمسىز ئويلىنىۋاتاتتى، بىر چاغدا
ئۇنىڭ كۆز ئالدى بۇلۇتلۇق ئاسماندا تۇيۇقسىز
قۇياش پارلاپ ئاپتاپ چىققاندەك يورۇپ كەتتى،
توغرا، — دېدى ئۇ ئۆز- ئۆزىگە — ھېلىمشا
روزىئەخمەتنى بۇ قېتىم ناھىيىدە ئۇزاق تۇرۇپ،
ئىدارە باشلىقىغا مېنى يەتكۈچە چاقتى، دەپ
گۇمان قىلىپ ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىۋاتىدۇ. تا-
لىپئاخۇننىڭ پەرىزى توغرا ئىدى. ھېلىمشا
يېقىندا مۇھىم بىر ئىش بىلەن ئىدارىغا بار-
غاندا ئىدارە باشلىقى ئۇنىڭغا تولىمۇ سوغۇق
مۇئامىلە قىلغان ئىدى، ھېلىمشانىڭ گۇمانى
بويىچە بولغاندا، مۇبادا روزىئەخمەت ئارىدا يى-
رىكچىلىك پەيدا قىلمىغان بولسا ئىدارە باش-
لىقى بۇنچىلىك چاندۇرمىغان بولاتتى. گەرچە
بۈگۈن روزىئەخمەت ھېلىمشانىڭ تەنبىھلىرى-
نى چىداپ ئۆتكۈزۈۋەتكەن بولسىمۇ، كەچتە

ئۇنىڭ ئوغىسى قايناپ قالدى، ئەسلىدە تام-
نىڭمۇ قۇلىقى بار دېگەندەك، روزىئەخمەتنىڭ
ھېلىمشادىن دەشنام يېگەنلىكى ھەش- پەش
دېگۈچە ناھىيىدىكى بىر قىسىم ئورۇنلاردىن
قوشتېرەككە «سۇرگۈن» قىلىنغان كىشىلەر-
نىڭ قۇلىقىغا يەتكەن ئىدى، ئۇلار ئۆزلىرىنى
تەقدىرداش ھېسابلىغاچقا بۇنداق ئىشلارغا تو-
لىمۇ ئەھمىيەت بېرىشەتتى، مانا كەچ كىرد-
شى بىلەنلا بىرنەچچەيلەن روزىئەخمەتنىڭ يا-
تىقىغا توپلىنىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساشقا
باشلىدى. بىر ھېسابتا بۇ ئۇلارنىڭ ھاراق
سورۇنى تۈزۈشتىكى بىر خىل باھانىسى ئىدى.
روزىئەخمەت داستىخان راسلاپ ئۇلارنى كۈ-
تۈشكە باشلىدى، بىرنەچچە بوتۇلكا قۇرۇقدى-
لىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن سورۇننىڭ ئەسلى-
دىكى تەرتىپى بۇزۇلۇپ، مەقسەت پەقەت ھاراق
ئىچىشكىلا مەركەزلەشتى. قىزىق بولغىنى،
ھېلىمشا بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، سورۇنغا
قوشۇلۇپ كەتتى. روزىئەخمەتنىڭ كۆڭلىنى
ياساشقا كەلگەنلەر ئەمدىلىكتە ھېلىمشانى
ماختاشقا ئۆتكەن ئىدى. روزىئەخمەتمۇ كەيپ-
چىلىكتە مەردلىك قىلدى، بىرىنى يېزا مەر-
كىزىدىكى بوتكىغا ئۈچ قېتىم ئەۋەتىپ ھاراق،
تاماكا ۋە بىر قىسىم لازىمەتلىكلەرنى ئالدۇرۇپ
كەلدى. تېخى ئۇخلاپ قالغان تالىپئاخۇننى
ئويغىتىپ، ئېغىلدىكى پاقلىنىدىن بىرنى
سويدۇرۇپ شورپا قىلدۇردى. كۆپ ھاللاردا
جىمغۇر يۈرۈيدىغان تالىپئاخۇنمۇ بۈگۈن ئې-
چىلىپ قالغان ئىدى. گەرچە ئۇ ئاشقازىنىم
ئاجىزلاپ قالدى دەپ ھاراق ئىچكىلى ئۇنىمى-
غان بولسىمۇ، تولۇمدىن توقماق چىققاندەكلا
قىزىق گەپلەرنى قىلىپ سورۇن ئەھلىنى كۈل-
دۈرۈپ ئولتۇردى.
— پاھ! پاھ! گۆش دېگەننىڭچۇ ئەركەك-
كە ئەڭ پايدا قىلىدىغىنى، پەيلىرىنى چىڭى-
تىپ ياشلىقىغا قايتۇرىدىغىنى تايىنىڭ گۆشى
دەڭلا، تايىنىڭ گۆشى! — دېدى تالىپئاخۇن بىر
چاغدا ئېغىزىنى تامشىپ قويۇپ. سورۇن

www.uyghurkitap.com

ئەھلى ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە قىزىقىپ قېلىشتى.

—ئىككى ياشلىق موزاينىڭ گۆشى بەك پايدىلىق دەيدىغۇ، تالىپئاخۇن؟

—سىلىدەك ئەتىدىن كەچكىچە خوتۇن يامانلاپ كەتتى دەپ يۈرۈيدىغان ئادەم نېمىنى بىلەتتى؟ تالىپئاخۇن دېگەن قاسساپ، شۇڭا ئۇنىڭ دېگىنى ھېساب! — دېدى ئوڭ مەڭزىدە ياڭاقچىلىك تارتۇقى بار بىرى يېنىدىكى سەپكۈن يۈزلۈكنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تېپىپ.

—سىلىمۇ تازا خىلىڭ ئادەمكەنسىلە، تالىپئاخۇن، —دېدى ھېلىمشا، — مۇشۇنداق ياخشى ئۇچۇرنى ئىلگىرى ئەجەب بىزگە دېمەپسىلىغۇ؟ قىزغاندىڭلىمۇ ـ يا؟

تالىپئاخۇن تېخىمۇ قىزىقچىلىق قىلدى:

— سىلىنىڭ قوتازدەك كۈچلۈك، قاۋۇل ھالەتلىرىگە قاراپ پەيلىرىنى بۇنداق بوشاپ كەتمىگەندۇ دەپتىمەن، بىلگەن بولسام تاي ھەرقانچە قىس بولسىمۇ تېپىپ كېلىپ، گۆشىدە شورپا قىلىپ بېرەتتىم ئەمەسمۇ.

شۇ كۈنى سورۇن ئەھلى تاي گۆشىنىڭ خاسىيىتىنى يېپىدىن يېڭىنىسىگىچە مۇھاكىمە قىلىشقان بولسىمۇ، ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بۇ ئىشنى ھېلىمشا بىلەن روزىئەخمەتتىن باشقىلار ئۇنتۇپ كېتىشتى. بولۇپمۇ ھېلىمشانىڭ قىزىقىشى ئالاھىدە ئىدى، بىر كۈنى ئۇ تالىپئاخۇنغا تاي تېپىپ سويۇشنى ئېيتقان ئىدى، تالىپئاخۇن تاينى تاپماقنىڭ تەسلىكىنى، كىشىلەرنىڭ تاينى بىرەر سەۋەب بىلەن ساتمىسا قوينى بورداپ ساتقاندەك ساتمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ھېلىمشا تالىپئاخۇنغا بىرنەچچە كۈنگىچە پونكىتقا كەلمەي قانداق قىلسا قىلىپ تاي تېپىپ سويۇشقا بۇيرۇدى، كېيىن تايمۇ تېپىلدى، ئۇستۇن مەھەللىدىكى بىر كىشى بىر پۇتى سۇنۇپ كېتىپ ناكا بولۇپ قالغان تېيىنى تالىپئاخۇنغا سېتىپ بەردى، ھېلىمشا تاينىڭ كاللا ـ پاچىقى بىلەن تېرىسىنى تالىپئاخۇنغا قالدۇرۇپ، گۆشىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەتتى. ئۆزى ئازراقلا ئېغىز تېگىپ، قالغىنىنى ئۇچكە بۆلۈپ، كۆڭلىدىكى كىشىلىرىگە سوۋغا قىلدى ھەمدە ئۇلارغا تاي گۆشىنىڭ خاسىيىتى توغرۇلۇق تالىپئاخۇندىن ئاڭلىغانلىرىنى دەپ بەردى. كېيىنكى ئۈچ ئايغا يەتمىگەن ۋاقىتتا تالىپئاخۇن ھېلىمشانىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن يەنە تايدىن تۆتنى سويۇپ گۆشىنى ئۇنىڭ ئۆيىگە يەتكۈزۈپ بەردى، ھېلىمشا گۆشنىڭ پۇلىنى نېسى قىلماي تالىپئاخۇنغا بېرىپ تۇردى، ئۇ ھەر قېتىم ناھىيىدىن قايتىپ كەلگەندە ئۆزىنى تېخىمۇ قۇدرەتلىك بولۇپ قالغاندەك سېزەتتى. كۆزىگە مىخ بولۇپ سانجىلىپ تۇرۇۋاتقان روزىئەخمەتنى ھەر خىل باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن ئۇششۇك ھەرىسىدەك چاقاتتى، ئۇ مۇشۇنداق قىلسام روزىئەخمەت پونكىتتىن ۋاز كېچىپ ئىدارىگە كېتىدۇ دەپ ئويلايتتى. دەرۋەقە ئۇنىڭ بېسىمى بۇ كۈنلەردە روزىئەخمەتنى ئويغا سالماي قالمىدى، ئۇ يېڭىلگىنىگە تەن بېرىش نىيىتىگە كېلەيتتى ـ يۇ، ۋۇجۇدىدىن ھېلىغىچە كەتمىگەن تاتلىق ئېقىم ئۇنى ھېلىمشانىڭ ئۇستىدىن غالىب كېلىپ، بىرىنچى قول باشلىقلىق ئورۇنىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۈندەيتتى، ئۇ ئىككى كۈن ئىلگىرى ئائىلىسىنى يوقلاپ ناھىيىگە بارغاندا ئۆزىگە ئەمەلدارلىق رىسالىسىدىن سۆزلەپ بېرىدىغان دوستى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق ياردەم سورىغان ئىدى، دوستى دەرھال ئۇنىڭغا «ئىدارە باشلىقىڭنىڭ كۆڭلىنى ئۆزۈڭگە مايىل قىل، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۇ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنى سوۋغا قىل» دېدى. شۇ كۈنى ئۇ ئىدارە باشلىقىغا نېمە سوۋغا قىلىش توغرىسىدا قاتتىق باش قاتۇرغان بولسىمۇ، كۆڭلىنى بىر يەردە توختىتالمىغان ئىدى. مانا بۈگۈن كەچتە تالىپئاخۇننىڭ ئۆيىگە سۈيۈقئاش ئىچىشكە كېلىپ، كۈتۈلمىگەندە بۇنىڭ ئامالى تېپىلىپ قالدى. تالىپئاخۇن ئۇنىڭغا ھېلىمشانىڭ

بىرنەچچە تاي گۆشنى يېقىنلىرىغا سوۋغا قىلغانلىقىنى دەپ قالدى. توغرا، دەپ ئويلىدى روزىئەخمەت، تاي گۆشى ئەڭ ياخشى سوۋغا ئەمەسمۇ، باشقا نەرسىلەر كۆپ بولغىنى بىلەن تاي گۆشى دېگەن قىس، يەنە كېلىپ ئەرلەرگە بەك پايدىلىق.

— ئۇكا، قارىغاندا تاي گۆشى ساڭمۇ كېرەك بولىدىغاندەك تۇرامدۇ نېمە؟ — تالىپئاخۇن ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى. روزىئەخمەت ئۆزىنىمۇ سەزمىگەن ھالدا:

— ھەئە... راست، ماڭىمۇ كېرەك بولدى، بولسا بۈگۈنلا... — دەۋەتتى ۋە تالىپئاخۇننىڭ چىرايىغا بىردىنلا كۈلكە يۈگۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆزىمۇ كۈلۈۋەتتى. لېكىن ھەقىقىي كۈلگىنى يەنىلا تالىپئاخۇن ئىدى.

كۈنلەر بىر-بىرىنى قوغلىشىپ تېز ئۆتمەكتە ئىدى. قوشتېرەكتە تۇنجى قار ياغقان كۈنلەردە روزىئەخمەت تالىپئاخۇندىن ئۈچ تايىنىڭ گۆشىنى ئېلىپ ناھىيىگە بېرىپ كەلدى. ئۇ بۇ قېتىم پۇلىنىڭ كۆزىگە قاراپ ئولتۇرمىدى، تالىپئاخۇنمۇ تاي گۆشىگە «سېزىك» بولغان بۇ ئىككىيلەننى بىر-بىرىگە ئۇچراشتۇرماي ناھايىتىمۇ ئۇستىلىق بىلەن رازى قىلىپ، يېنىنى ئوبدان تومىلىشۋالدى ھەم ئۇلارنىڭ ئەڭ يېقىن دىلكەشىگە ئايلاندى. ئۇلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا تالىپئاخۇنغا ئۇزاققا قالمايلا ئۆزلىرىنىڭ قالتىس ئادەمگە ئايلىنىدىغانلىقىنى، شۇ چاغدا ئۇنى قانات ئاستىغا ئېلىپ يەتكۈچە مەنپەئەتلەندۈرىدىغانلىقىنى تەكرار ئېيتىشتى.

قارلار ئېرىپ تۇپراققا سىڭىشكە باشلىغان كۈنلەردە، ھېلىمشا بىلەن روزىئەخمەت ناھىيىگە يىغىنغا قاتناشقىلى كېتىپ نېمىشقىدۇر قايتىپ كەلمىدى، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار توغرىسىدا پونكىتتىلا ئەمەس، پۈتۈن يېزىدا مىش-مىش گەپ تارقىلىشقا باشلىدى. ھېلىمشا بىلەن روزىئەخمەت ناھىيىدە يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان مەزگىلدە، دەسلەپتە ھېلىمشانىڭ يۈزىگە، كېيىن روزىئەخمەتنىڭ يۈزىگە غۇچچىدە سۆگەل چىقىپ كەتكەنمىش، يامان بولغىنى، ئىدارە باشلىقى بىلەن يەنە باشقا ئۈچ كىشىنىڭمۇ يۈزىدە غۇچچىدە سۆگەل بارمىش، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى بىرنەچچەيلەننىڭمۇ يۈزىگە سۆگەل چىقىشقا باشلىغانمىش، كىمدۇر بىرى سۆگەل دېگەن ئەسلىدە يۇقۇملۇق ئەمەس ئىدى، بىراق ھازىر يۇقۇملۇقا ئۆزگەرگەن ئوخشايدۇ دېگەنمىش، بەكمۇ قىزىق بولغىنى، گۇرۇپپا يىغىنىدا يۈزىگە سۆگەل چىققانلار بىر ئىشخانىغا توپلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇلار ھەدەپ ھېلىمشا بىلەن روزىئەخمەتنى قارغاپ چىققانمىش. بۈگۈن پونكىتتا توپلىشىپ قالغانلار بۇ ئىشتا ھېلىمشا بىلەن روزىئەخمەتنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بولغىيتتى دېيىشىپ تۇرغاندا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئويغا چۆمۈپ ئولتۇرغان تالىپئاخۇن ئۈشتۈمتۇت پېشانىسىگە پاقىدە بىرنى سېلىپ:

— ئاپلا، ئېسىم قۇرۇسۇن، سەۋەنلىك مەندىن ئۆتۈپتۇ، ئەسلىدە تاي گۆشىنىڭ شورپىسىغا زەنجىۋىل بىلەن يۇمغاقسۈت سالمىسا ئۇنى بىر مەزگىل يېگەن ئادەمنىڭ يۈزىگە سۆگەل چىقىپ كېتەتتىغۇ، — دېدى.

ھەممەيلەن ئۇنىڭ بۇ گېپىگە گاڭگىراپ تۇرغاندا، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى داۋۇت قاسىم بىلەن يېزا باشلىقى پونكىتقا كىرىپ كېلىشتى. يېزا باشلىقى:

— ھەممىڭلا مەجلىسخانىغا كىرىڭلا، ئېلان قىلىدىغان مۇھىم ئىش بار، — دېدى.

گاڭگىراپ تۇرۇشقانلار بىر-بىرىگە قاراپ قويۇشۇپ، مەجلىسخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇشتى.

— يولداشلار، بۈگۈن داۋۇت جۇيجاڭ يېزىمىزغا مۇھىم خىزمەت بىلەن كەلدى، ھە راست، سىلەر بەلكىم بىلمەيسىلەر، داۋۇت جۇيجاڭ بۇ قېتىم ئىدارىنىڭ بىرىنچى قول رەھبىرى بولدى، قېنى تەبرىكلەڭلار، — دېدى يېزا باشلىقى. تۆۋەندىكىلەر بىر-بىرىگە قارىشىپ ئۈندىمەي ئولتۇرۇشتى.

— يولداشلار — . دېدى داۋۇت قاسىم سۆز ئېلىپ، — بولدى، چاۋاك چالمىساڭلارمۇ بولىدۇ، بۈگۈن مەن سىلەرنى يوقلىغاچ پونكىتنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئالماشقانلىقىنى ئېلان قىلغىلى كەلدىم، ئىدارە پارتكومىنىڭ قارارىغا ئاساسەن يولداش ھېلىمشا بىلەن روزىئەخمەت پونكىت باشلىقلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى، ئۇنىڭ ئورنىغا يولداش تالىپئاخۇن پونكىت باشلىقى بولدى، ھازىرچە مۇئاۋىن پونكىت باشلىقى قويۇلمايدۇ، قېنى، تالىپئاخۇننى قىزغىن تەبرىكلەڭلا!

داۋۇت قاسىمنىڭ سۆزى ئۈزۈلگىلى خېلى بولغان بولسىمۇ چاۋاك چالىدىغانلا يەنىلا چىقمىدى. ھەممەيلەن قېتىپ قېلىشقان ئىدى، داۋۇت قاسىم يېزا باشلىقىغا مەنىلىك قاراپ قويدى. بايا يول ئۈستىدە يېزا باشلىقى داۋۇت قاسىمغا پونكىتتىكىلەر تالىپئاخۇننىڭ پونكىت باشلىقى بولغانلىقىنى ئاڭلىسا خۇشاللىقتىن چاۋاك چېلىشىپ كېتىدۇ، دېگەن ئىدى.

—جۇيجاڭ، پونكىتىمىزغا مۇشۇ تالىپئاخۇننى باشلىق بولدى دېدىلىما؟ — دېدى بىردەملىك جىمجىتلىقتىن كېيىن ئولتۇرغانلاردىن بىرى يېنىدا تىترەپ ئولتۇرغان تالىپئاخۇننى ئىما قىلىپ، داۋۇت قاسىم شۇندىلا پونكىتتىكىلەرنىڭ ئۈندىمەي ئولتۇرغانلىقىنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدى ۋە دانىمۇ دانە قىلىپ:

— توغرا، مۇشۇ تالىپئاخۇن شۇ، ھە تالىپئاخۇن ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلا، يولداشلار سىلىنى ئوبدانراق كۆرۈۋالسۇن، — دېدى.

تالىپئاخۇن ئورنىدىن تۇرغىلى ئۇنىمىغان ئىدى، يېزا باشلىقى بېرىپ ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ قويدى، تالىپئاخۇن ئامالسىز ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپلا ئولتۇرۇۋالدى ۋە:

— رەھبەرلەر، سىلەر مۇشۇنداقمۇ قىلامسىلەر، مەن دېگەن پونكىتنىڭ دەرۋازىۋىنى تۇرسام، قانداقمۇ پونكىتقا باشلىق بولالايمەن، باشقا بىرىنى سايلاپ قويۇڭلا، مەن بۇ ئىشنى ھەرگىزمۇ قىلالمايمەن، — دېدى دۇدۇقلاپ.

— بىزلا ئەمەس، قوشتېرەك يېزىسىدىكى بارلىق دېھقانلار سىلىنى قوللايدۇ، ئامما قوللاپ تۇرسا نېمىدىن قورقىلا، تالىپئاخۇن! — يېزا باشلىقى شۇنداق دېۋېدى، ئارقىدىنلا داۋۇت قاسىم:

— يولداشلار، سىلەرگە دېسەم، بۇ مۇنداقلا روياپقا چىققان ئىش ئەمەس، بىر نەچچە كۈندىن بېرى بىز دېھقانلارنىڭ رايىنى ئىگىلىدۇق، پىكىر ئالدۇق، ئۇلار بىردەك تالىپئاخۇننى كۆرسەتتى، بىزمۇ تالىپئاخۇننىڭ ئىقتىدارىغا ئىشىنىمىز، گەپ مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن، بۈگۈن يېزىدا ناھىيە بويىچە نەق مەيدان يىغىنى بار، يولداشلار، ئۆز ئىشىڭلارنى قىلىڭلار، بىز يىغىنغا بارايلى، ھە راست، تالىپئاخۇن تۇرۇڭلا، يىغىنغا پونكىت باشلىقلىرىمۇ قاتنىشىدۇ، ماڭايلى، — دېگىنىچە سىرتقا قاراپ ماڭدى. تالىپئاخۇن ئەتراپتىكىلەرگە خىجىللىق ئىچىدە قاراپ قويۇپ، يېزا باشلىقى بىلەن داۋۇت قاسىمغا ئەگەشتى. ئولتۇرغانلار بۇ ئىش توغرىسىدا بىر ھازا تالاش-تارتىش قىلىشقان بولسىمۇ، تالىپئاخۇننىڭ پونكىت باشلىقى بولغانلىقىنى ئەقلىگە سىغدۇرالمىدى. كىمدۇر بىرى:

—ھېلىمشانىڭ موللاق ئېتىشىدىكى سەۋەبنى ئەمدى بىلدىم، ئەسلىدە سۆگەل ئۇنىڭ پوكىنىغىلا ئەمەس، پوقىنىڭ ئۈستىدگىمۇ چىققانىكەن-دە، مانا مۇشۇنداق پوقاقنىڭ ئۈستىگە چىققان سۆگەل خەتەرلىك بولىدۇ، — دېدى.

باشقىلار دېلىغۇللۇق ئىچىدە باشلىرىنى لىڭشىتىشتى.

(ئاپتور «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە)

مۇھەررىر پاتىگۈل ئەخمەت



www.uygurkitap.com

مامۇت داۋۇت



# يۇلغۇن چېچەكلىرى

(ھېكايە)

ھەر قېتىم تاغ باغرىدىكى بۇ كىچىككىنە قەبرىستانلىق يېنىدىن ئۆتكىنىمدە ئىختىيارسىز بىردەم توختاپ قالىمەن. زۇمچەك ـ زۇمچەك قەبرىلەر ئارىسىدا بىر ئاددىي قەبرە ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. ئەتراپىدىكى قومۇشلار مەيىن شامالدا يېنىك تەۋرىنىپ، رىتىملىق ھالدا شىلدىرلايدۇ. قىزغۇچ رەڭلىك يۇلغۇن چېچەكلىرى غولىدىن ئاجراپ، شامال يۆنىلىشى بويىچە قەبرە ئۈستىگە چېچىلىپ تۇرىدۇ.

ئازغانسال كەنتى ناھىيە بازىرىدىن 180 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر تاغلىق كەنت. كەنتنىڭ تۆت ئەتراپى ئېگىز تاغلار بىلەن قورشىلىپ تۇرىدۇ. ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان چوپان دەرياسى كەنتنى ئىككىگە بۆلۈپ تۇرىدۇ. نېمىشقىدۇر بۇ تاغلىق كەنتنىڭ تۇرمۇش رىتىمى بەكلا ئاستا. بۇ يەردە چوڭ شەھەرلەردىكىدەك ھەيۋەتلىك ئېگىز بىنالارمۇ، مىغ ـ مىغ ئادەملەر توپىمۇ يوق. يېشىل ـ قىزىل چىراغلار بىلەن كونترول قىلىنىدىغان قاتناش جىددىيچىلىكىمۇ يوق. كىشىلەر قويلىرىنى يايلاققا قويۇۋېتىپ، كوچا دوقمۇشىدىكى كالتە بازارغا يىغىلىدۇ ـ دە، كۈن

بويى پاراڭ سېلىپ خۇشال ـ خۇرام ئۆتىدۇ. كەنت مەركىزىدە بىر كالتە بازار بولۇپ، بازاردا بىر دوختۇرخانا، بىر تۈرلۈك ماللار ماگىزىنى، بىر ساتىراشخانا، يەنە بىر ھاجەتخانا بار. بۇلار ئازغانسال كەنتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئاۋاتلىقىنى تولۇق نامايان قىلالايدۇ. كەنتتە ساۋاتسىز كىشىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىنمۇ ياكى بۇرۇندىن تارتىپ شۇنداقمۇ، ئىشقىلىپ، توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرىدىن باشلاپ، مىراس بۆلۈشۈشكىچە بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە كىشىلەر يېزىقتا تايىنىپ كەتمەيدۇ. پەقەت سۆزلەيدىغانغا ئېغىز، ئاڭلايدىغانغا قۇلاق بولسىلا، ھەممە ئىشلار نورمال يۈرۈشۈپ كېتىدۇ.

شۇ چاغلاردا مەن كەنتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتاتتىم. بۇ مەكتەپ — ناھىيىنىڭ نامرات رايونلارنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ياردەم بېرىش تۈر قۇرۇلۇش مەبلىغى بىلەن قۇرۇلغان كەنت ئوتتۇرا مەكتىپى بولۇپ، بىر سىنىپتا ئاران 20 نەچچە بالا ئوقۇيتتۇق. مەن دەرسلەرنى ئانچە بىلىپ كەتمەيتتىم. بىلمىگەنسېرى تەنەپپۇستا قوڭغۇراق چېلىنغۇچە ئۆزۈمنىڭ گۆشىنى ئۆزۈم يېگۈدەك بولۇپ كېتەتتىم. بەزىدە كونسېپىك دەپتىرىمگە قالايمىقان نەرسىلەرنى سىزاتتىم. بەزىدە ئۈستەلنى پىچاق بىلەن ئويۇپ قوياتتىم. بەزىدە رېزىنكە بوغقۇچنى رەگەتكە قىلىپ، خاتىرە دەپتەرنىڭ ۋارىقىدىن ئوق ياساپ، ئالىي مەكتەپ ئارزۇسىدا ئۇخلىماي چۈشەكەپ يۈرگەن شاكال ئاكتىپلارنى ئوقتا تۇتاتتىم.

چۈشتىن كېيىنكى مەشغۇلات ۋاقتى ئىدى. ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمىز سادىق مۇئەللىم بىزگە «مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى» توغرىلىق دەرس سۆزلەۋاتاتتى. مۇئەللىم — ئېھتىمال مۇشۇ يېزىدىكى ئەڭ بىلىملىك كىشى بولسا كېرەك. ئۇنىڭ نەدە ئوقۇغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. لېكىن ئۇ سۆزلەپ بەرگەن قوش مۈڭگۈزلۈك ئىسكەندەردىن باشلاپ، تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىغىچە، پىڭ دېخۇەي قوماندانلىق قىلغان يۈز پولك ئۇرۇشىدىن باشلاپ، مەھمۇت قەشقەرىغىچە بولغان قىزىقارلىق ۋە غەلىتە ھېكايىلەر بىزنى خېلى كۆڭۈلگىچە ھاياجانغا سالاتتى. شۇڭا ئازغانسال كەنتىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى ھۆرمەتلەپ سادىق ئەپەندى، دەپ چاقىراتتى. لېكىن مەنلا ئۇنىڭغا قايىل ئەمەس ئىدىم. چۈنكى بىلىملىك كىشى دېگەن چوڭ شەھەردە، ھېچبولمىغاندا، ناھىيە مەركىزىدە ئىشلىمەي، دوپپىسىنى تاشلىسا ئىشىكى ئالدىغا چۈشىدىغان مۇشۇنداق كىچىككىنە تاغلىق كەنتتە نېمە قىلىدۇ؟ قاچانلا قارىسا، بالا يېغىمەن، سان تولۇقلايمەن دەپ چېپىپلا يۈرگەن. ھېلىقى بوران چىققان كۈنى كەچتە ئائىلە سۆھبىتىگە بېرىپ ئىت تالىۋەتكىنىچۇ تېخى؟! قان ئېقىۋاتقان پۇتىنى ئاق داكا بىلەن مۇنداقلا تېڭىۋېلىپ دەرسكە كىرىۋىدى، ھەممىمىز ئۇنىڭ قان ئۇيۇپ قالغان پۇتىغا قاراپ ئولتۇردۇق، كۈلۈشنى بىلمەيدىغان كىشىدەك، قاچانلا قارىسا قاپىقىدىن مۇز يېغىپ تۇرغان... شۇڭا مەن ئۇنىڭغا سوغۇق دەپ لەقەم قويدۇم. ئويلىمىغان يەردىن بۇ لەقەم ھەممىگە ياراپ كەتتى ـ دە، باشقا يىللىقلاردىكى بالىلارمۇ ئۇنى سادىق سوغۇق دەپ ئاتايدىغان بولدى. بىر نەچچە كۈن ئۆتمەيلا مەكتەپتە مەريەم مىس ـ مىس، پەرىدە پىس ـ پىس، ئاسىم گىڭ ـ گىڭ، قاسىم غىڭ ـ غىڭ دېگەندەك لەقەملەر تارقىلىپ كەتتى. گەرچە بالىلارنىڭ ھەممىسى بۇ لەقەملەرنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەي يۈرسىمۇ، لېكىن پاتېنت ھوقۇقى يەنىلا مەندە. چۈنكى بۇ لەقەملەرنىڭ ھەممىسىنى مەن قويغان. خىمىيە دەرسىنى پەقەتلا بىلمەيمەن. شۇڭا چارەكلىك ئىمتىھاندا ئاران توققۇز نومۇر ئالدىم. ئويلىمىغان يەردىن بالىلار ماڭا قاپاق دەپ لەقەم قويۇشتى. بۇنى ئاڭلاپ كۆزۈمدىن ياش چىققۇدەك كۈلدۈم. چۈنكى مېنىڭ لەقەم قويۇش

ئارتۇقچىلىقىم باشقىلارغا يۇققان ئىدى. قارىغاندا، چوڭلارنىڭ «سۇنۇقتىن باشقىسى يۇقىلىدۇ» دېگىنى راست بولسا كېرەك. مەيلى، نېمە دېسە دەۋەرسۇن، پەرۋايىم پەلەك.

ئىككىنچى گۇرۇپپىدا ئايشەم ئىسىملىك چىرايلىق بىر قىز بار. مەن ئۇنىڭ ئورۇقلۇقىغا قاراپ ئۇنىڭغا ئاۋاق دەپ لەقەم قويدۇم. شۇ تاپتا ئۇ سادىق سوغۇققا قاراپ قېتىپلا قاپتۇ. مەن ئۇنىڭ مەن تەرەپكە بىرەر قېتىم بولسىمۇ قاراپ قويمىغىنى ئۈچۈن زەردە بولدۇم. ئاخىرى ئەدەبىيات كونسپېكت دەپتىرىمنىڭ بىر ۋارىقىنى يىرتىپ ئوق ياسىدىم-دە، رېزىنكە بوغقۇچنى رەگەتكە قىلىپ ئۇنىڭغا زەربە بېرىشكە تەييارلاندىم. دەل شۇ چاغدا سادىق سوغۇق دوسكا تەرەپكە بۇرالدى. مەن دەرھال ئوقنى ئايشەم ئاۋاققا قارىتىپ ئاتتىم، ئوق ئۇچۇپ بېرىپ ئۇنىڭ يازلىق ئالمىدەك چىرايلىق يۈزىگە تارسىدە تەگدى. قورقۇپ كەتكەن ئاۋاق ۋاي ... دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى.

دەرس ئىنتىزامى بۇزۇلدى. ساۋاقداشلار بىر-بىرىدىن: كىم ئاتتى؟ دەپ سورىشىپ كەتتى. غەزەپلەنگەن سادىق سوغۇقمۇ تېز-تېز چامدىغىنىچە ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

قورقۇنچ ئىچىدە سېرىق رەڭلىك رېزىنكىنى دەرھال يەرگە تاشلىدىم-دە، ئۈستىگە دەسسەپ ھېچ ئىش بولمىغاندەك جىمجىت ئولتۇرۇۋالدىم.

—نېمە ئىش بولدى؟

سادىق سوغۇقنىڭ سوئالى جاۋابسىز قالدى. ئايشەم ئاۋاق يۈزىنى ئالىقىنى بىلەن توسىغىنىچە مىشىلداپ يىغلاپ تۇراتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ داۋاملىق مۇشۇنداق تۇرۇشىنى تىلەيتتىم.

شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرىدىغان پەرىدە پىس-پىس ئىشنى بۇزدى:

—مۇئەللىم، بىرى ئايشەمنىڭ يۈزىگە قەغەز ئوق ئاتتى...

سادىق سوغۇقنىڭ تاتىراڭغۇ چىرايى تېخىمۇ بەتتەرلىشىپ كەتتى. دەرسخانا ئىچى يىڭنە چۈشسە ئاڭلىغۇدەك جىمىپ كەتكەن بولۇپ، مەن يۈرىكىمنىڭ ئەنسىز دۇپۇلدەشلىرىنى ئاڭلاپ تۇردۇم. سادىق سوغۇق سىنچى كۆزلىرى بىلەن سىنىپتىكى بالىلارغا بىر-بىرلەپ قاراشقا باشلىدى. نۆۋەت ماڭا كەلگەندە بەدىنىمنى سوغۇق تەر بېسىپ كەتتى. لېكىن يەنىلا چىدام بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىدىم. سادىق سوغۇق بىردىنلا نەزىرىنى يەرگە يۆتكەپ، ئايشەم ئاۋاقنىڭ يېنىدىلا تۇرغان ئوقنى قولىغا ئالدى. مېنى نەس باستى. چۈنكى ئۇ سىنىپىمىزدىكى 20 نەچچە بالىنىڭ خەت پوچېركىسىنى بەش قولدەك بىلەتتى. دېگەندەكلا، ئۇ ماڭا لەپپىدە قارىدى-دە، ئۈزىدىغان ئەلپاز بىلەن ئۇدۇللا يېنىمغا كەلدى. ئاندىن قولىنى كۆزۈمگە توغرىلاپ تۇرۇپ بۇيرۇق قىلدى:

—قادىر، دوسكىغا چىق!

مەن ئامالسىزلا ئورنۇمدىن تۇردۇم. بىراق پۇتۇمنى يۆتكىسەملا رېزىنكىگە كۆرۈنۈپ قالىدىغان بولغاچقا جايىمغا مىخلىنىپ قالغاندەك قىمىر قىلالماي تۇرۇپ قالدىم.

—قادىر!

ئامالسىز پۇتۇمنى يۆتكىدىم. سېرىق رەڭلىك رېزىنكە مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ قالدى. دوسكا تەرەپكە ئەمدىلا ئۈچ-تۆت قەدەم مېڭىشىمغا يەنە سادىق سوغۇقنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— توختا!

مەن بېشىمنى پەس قىلىپ تاياق يېيىشكە تەييارلىنىپ تۇردۇم. ئىچىمدە خەپ ئايشەم، سەن ئۈچۈن تاياق يەيدىغان بولدۇم-دە، دەپ ئويلىدىم.

— بولدى، جايىڭغا قايت...

قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمەي سادىق سوغۇققا قارىدىم. بىراق ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك تېز-تېز چامداپ ئاللىقاچان مۇنبەرگە چىقىپ بولغان ئىدى.

شۇ ئىشتىن كېيىن مەن ئۆزگىرىپلا كەتتىم. دەرس ۋاقتىدا زېھنىمنى يىغىپ ئولتۇراتتىم. كېچىلەردە قارا چىراغ يېقىپ دەرس تەكرارلايتتىم. تاڭ يورۇشى بىلەن تەڭلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ يۇقىرى ئاۋازدا دەرس يادلايتتىم.

شۇ يىلى يازدا مەن ئاخىرى ئالىي مەكتەپكە ئۆتتۇم. ئىنستىتۇتنىڭ ئۈچىنچى يىلىدا ئوقۇۋاتقىنىمدا تۇيۇقسىزلا سادىق سوغۇقنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كەلدى. ئەسلىدە ئۇ خېلى بۇرۇنلا جىگەر راكىغا گىرىپتار بولغان ئىكەن.

مانا، ھەش-پەش دېگۈچە ئوقۇش پۈتتۈرگىنىمگىمۇ ئۈچ-تۆت يىل بولدى. مەنمۇ ئازغانسال كەنتىگە قايتىپ كېلىپ، ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولدۇم. شۇ چاغدا مېنى بالاغا قويغان ئايشەم ئاۋاق ھازىر مېنىڭ ئايالىم. تۇغۇتتىن كېيىن ئۇ بىراقلا سەمرىپ ئېغىرلىقى 70 كىلوگرامدىن ئاشتى. شۇڭا ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ پات-پات ئايشەم كاۋا، دەپ چاقىرىپ قويىمەن. بۇنداق چاغلاردا ئۇ نازلىق كۈلۈپ قويىدۇ. توققۇزۇم تەل، تۇرمۇشتا ھېچقانداق غېمىم يوق. بىراق ھەر قېتىم سان تولۇقلايمەن دەپ ئەگرى-بۈگرى تاغ يوللىرىدا، يۈلغۈن چېچەكلىرى بىلەن بېزەلگەن قۇمساز داللاردا ۋېلسىپىتلىك چېپىپ يۈرگەنلىرىمدە، نېمىشقىدۇر ئۆزۈمنى بۇ يوللاردا بۇرۇنمۇ مېڭىپ باققاندەك ھېس قىلىمەن.

*(ئاپتور قاغىلىق ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدا)*

مۇھەررىر خاسىيەت ئەمەت

---

(بېشى 160 ـ بەتتە)

خىزىر ئەلەيھىسسالام دەرەختىن بىر تال قۇرۇق يوپۇرماقنى ئېلىپ ئۇۋۇلاپ ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە سۈرگەنىكەن، بۇ ئىككىسىنىڭ كۆزى شۇ ھامان ئېچىلىپتۇ. شاھزادە بىلەن پەرىزات ئۇنىڭ ئاياغلىرىغا باش قويۇپ كۆڭۈلداشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىپتۇ. خىزىر ئەلەيھىسسالام قولىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ ئاللاغا ئىلتىماس قىلغانىكەن، تاشقا ئايلانغان كۆڭۈلداش ئەسلىگە كېلىپتۇ. بۇ ئۈچەيلەن ئاللاغا مىڭ شۈكۈر-سانا ئوقۇپتۇ.

— ئەمدى قايسى تەرەپكە بارىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ خىزىر.

— خۇدايىم قەيەرنى ئىرادە قىلغان بولسا، شۇ يەرگە بارازمىز، — دەپتۇ كۆڭۈلداش.

— سىلەرگە مۇنداق بىر خەۋەرنى يەتكۈزەي، — دەپتۇ خىزىر، — پادىشاھ خورش ئۆزىنىڭ قىلغان گۇناھىغا كۆپ تۆۋا قىلدى. ئۇ ھازىر بەكلا ياشىنىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا يېقىنلاپ قالدى. شۇڭا سىلەر يەنىلا يۇرتۇڭلارغا قايتىپ پادىشاھتىن شاھلىق تاجىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ يۇرتنى ئادىل سوراڭلار، شاھزادەم، ئاتىڭىزنىڭ سەۋەنلىكىنى كەچۈرۈڭ، شۇنداق قىلسىڭىز سىزدىن خۇدا رازى بولىدۇ، شۇنداق قىلغايسىلەر، سىلەرگە يەنە باشقىچە يول يوق، — دەپتۇ-دە كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

شاھزادە، كۆڭۈلداش ۋە پەرىزات خىزىرنىڭ سۆزى بويىچە پەرەڭ شەھىرىگە قايتىپ پادىشاھ بىلەن چىرايلىق كۆرۈشۈپتۇ. پادىشاھ ئوغلىنىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى تاشلاپ ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي پادىشاھ بۇ ئالەم بىلەن خوشلىشىپتۇ. شاھزادە شاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ، كۆڭۈلداش بىلەن بىللە يۇرتنى ئادىل سوراپ، خەلقنى رازى قىلىپ ياشاشقا باشلاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: لوپ ناھىيە چارباغ يېزىسىدىن قۇربانىياز زوردۇن

توپلىغۇچى: ياسىن زىلال

مۇھەررىر مۇختار تۇردى



www.uyghurkitap.com



ۋاھىتجان ئوسمان

# تەنھالىق

## ئۆتكەن كۈنلەر

ئۆتۈپ كەتتى ئەسكەن شاماللار،
ئارقىسىغا ئاقمىدى دەريا.
دەرەخلەردە يىلدىن ھالقىلار،
يۈلتۈز بىلەن تەڭ ئۆچتى زىيا.

ئۆتكەن كۈنلەر ئەمەس گۇناھكار،
باقتى بىزگە تەبەسسۇم بىلەن.
ئۇ دۇنياغا تەگلىدى باھار،
ھەر مىنۇتقا جەملەنگەچ بەلەن.

يىل بويىدا كەچمىشتىن تىزىق،
ھەر تىزىقتا تۈمەن قىسسىلەر.
بوۋايلارنىڭ چېھرىدە سىزىق،
ھەر سىزىقتا مىڭ بىر غۇسسىلەر.

بىخۇدلۇقنىڭ شېرىن دەملىرى
جاملىرىغا مەي قۇيدى پەۋەس.
كۆڭۈللەرنىڭ بولدى غەملىرى
ئالۋۇنلارغا ئېچىرقاش ـ ھەۋەس.

## ئەقىدە

شاماللارغا كەتمەس ئەگىشىپ،
پەسىللەرگە قىلمايدۇ پەرۋا.
يۈرىكىدە ساقلايدۇ بىر ئوت،
دەردلىرىگە كۆتۈرمەس غەۋغا.
كېچىلەرنى ئۆتكۈزەر بىدار،
خىياللىرى ئۇچار سامادا.
ئۆزقەلبىنى ئۆزى تىڭشايدۇ،
مۇشۇك كەبى ياتماس تامادا.
مۇشكۇلىگە ئىزلىمەس شېرىك،
ئاسايىشى دوستلارغا سوۋغا.

قەدەمدە بىر تىكەن دەسسەيدۇ،
بىر ئۆزىلا چىدار بۇ يولغا.
غۇرۇرىنى قىلماس دەپسەندە،
يالتىراقتەك شان ـ شۆھرەت ئۈچۈن.
رەزىللىككە جان ـ جەھلىدە ئۆچ،
ناھەقلەردىن ئىچىدە تۈتۈن.
سەن سورىساڭ «نېمە ھەشەم» دەپ،
دەيدۇ: دىلىم ھىجران ۋەسلىدە.
ئۇنى مۇشۇ كويلارغا سالغان،
ئەسلي بىلىسەڭ ئالتۇن ئەقىدە.

## تەنھالىق

ئۆزگە يېقىنلاپ بارىدۇ ئىنسان،
تەنھالىق تونىنى كىيگەن دەملەردە.
ئاشۇ چاغ قەلبىدە ياتار بىر بوستان،
ئىقلىم قۇشلىرىنىڭ بارى شۇ يەردە.

ئادەم كەچمىشى ئەسلىگەن چاغدا،
يوقاتقانلىرى تىكلەر سامان يولىدىن.
يالغۇزلۇق يۈرەكنى قىيىنسا داغدا،
شەيتان يۈتلەر ئوڭاي قولىدىن.

ئۈيقۇنى سۇ بېسىپ كەتكەن تۈن تەڭدە،
يازىدۇ ئۆزگە ئوتلۇق سالام خەت.
ھەر سۆز چېچەكلىرىدە ھەرىلەر جەڭدە،
ئوقۇشقا ئىمكانسىز تارتار ئەلەم ـ دەرد.

رىۋايەت يىلتىزىدىن رىۋايەت ئۈنەر،
كولاپ ئالغانغا تۈگىمەس تاشتەك.
ھەر رىۋايەت بىر تارىخ سۆزلەر،
جانان كۆزىدىن تۆكۈلگەن ياشتەك.

## تاغلىق كەنتتىكى باللار

تاشقا ئوخشاش تەلتۆكۈس پاكىز،
خىيالى بار چىغىر يوللاردەك،
ئاي يوپۇنغان، يۇلتۇز مارىغان،
پاك سۇدىكى بىلىنجانلاردەك،
تىنىم تاپماس ئاغمىخانلاردەك،
تاغلىق كەنتتىكى قىيىق باللار.

ئۆگىتىدۇ ئاتقا كىشنەشنى،
قوزىلارغا «ئوت» دەپ مەرەشنى،
موزايلارغا «سۈت» دەپ مۆرەشنى،
ئوغلاقلارغا ئېگىز سەكرەشنى،
توشقانلارغا ئۇۋا كولاشنى،
تاغلىق كەنتتىكى كەپسىز باللار.

شاكىلاتنى قىلمايدۇ غەلۋە،
كاپ ئېتىدۇ شېكەر تالقاننى،
سېغىز ئۈچۈن بولمايدۇ تەلۋە،
مەزە قىلىپ يەيدۇ تاپقاننى،
شەپە بېرەر قۇياشتىن بالدۇر،
ئۈپۈق كۆلۈپ ـ تاڭلار ئاتقاننى.
تاغلىق كەنتتىكى قىيىق باللار.

بوغۇنلاردەك بولۇشسا غۇژمەك،
ئويۇنلىرى بەئەينى چۈچەك،
دالىلاردا دۇم ـ دۇم ئوينىسا،
جىرالاردا ئوينار مۈكۈشمەك،
ياۋلىلىقنى ئۆتكۈر بىخ قىلىپ،
تاش ئۈستىدە ئېچىلغان چېچەك،
تاغلىق كەنتتىكى قىيىق باللار.

## مەھەللىدىكى باللار

مەھەللىدىكى شوخ باللار
ئۆي ـ ئۆيلەردە يورۇغان يۇلتۇز،
چۈچەكلەرگە سىڭىپ كېتىدۇ،
بولۇپ شىراق، چىنتۇمۇر، ئوغۇز.
ئەزىم دەريا بولار مەھەللە
ئويۇن ئويناپ قالغان ئاخشىمى،

ئېيتار بەزەن ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق
باھار تەپچىپ تۇرغان ناخشىنى.
كۆپكۆك بىلە چېچەك ئاچقاندا،
كېپىنەككە ئاشماس ئۇلاردىن.
كەپسىزلىكنىڭ نەپەسلىرىنى
تىرىۋالغۇك كېلەر قىرلاردىن.

قېشى چىمەن كونا گۈلدۈرمە
ئۈزۈلدۈرمەي كۈيلەيدۇ كۈينى،
ئويۇننىڭ تاتلىقلىقىدىن
ئەسكە ئېلىپ قويمايدۇ ئۆينى.
بىرىنىڭ بار ئالا غورىسى،
بىرىنىڭ بار چېقىر ئۈجمىسى،
بىرىنىڭ بار كوس ـ كوس چىلىنى،
بىرىنىڭ بار قېتىق ـ سۈزمىسى...
پىچىرلىشىپ قىلسا مەسلىھەت،
كۈچۈك دوراپ قويىدۇ غىڭشىپ.
سۇغا ئوخشاش ساپ خىياللىرى
دىلدىن دىلغا ئاقار سىڭىشىپ،
شوخلۇقىغا سالار پاياندار
سۈزۈك ئاخشام، سۈزۈك سەھەرلەر.

## بىر تۈپ دەرەخ مەن

ئىشىكىڭىنىڭ ئالدىدا ئۆسكەن،
پەقەت بىر تۈپ غېرىب دەرەخ مەن.
سېنىڭ ئۈچۈن شادلىقىم ياشنار،
ئۆزۈم ئۈچۈن كونارغان دەردمەن.
ساڭا سايە چۈشۈرەي دەيمەن،
پىژغىرىمغا قاقلاپ ئۆزۈمنى،
شىلدىرلايمەن چۈشۈڭنى بۇزۇپ،
تۈن شاملى ئۆپسە يۈزۈمنى.
مەھەللەڭگە كۆكلەم توشۇيمەن،
مەھەللەڭنىڭ قۇشىدىن بۇرۇن.
چېچەك تۈگۈپ سېنى كۈتىمەن،
قۇلىقىڭدىن تەگسە دەپ ئورۇن.
كاككۇك كېلىپ شېخىمغا قونسا،
ئۈن سالىدۇ مېنىڭ ئۈنۈمدە،
چوغ ساقلىدىم يىلتىزلىرىمدا،
سەن بىلەمسەن ھەممە كۈنۈمدە.
ئىشىكىڭىنىڭ ئالدىدا ئۆسكەن
سەن ئۈچۈنلا بىر تۈپ دەرەخ مەن،
گۈرجىكىڭنى يۆلەپ قوي ماڭا،
سۈيتىڭنى ئېسىپ قوي ماڭا،
چۈشكەن چاچنى يۆگەپ قوي ماڭا،
ياغلىقىڭنى يېيىپ قوي ماڭا،
ۋاقىت تېپىپ قاراپ قوي ماڭا،
سېنىڭ ئۈچۈن يارالغان دەردمەن...

## ئۇيغۇر قىزى

سەھەر سەندىن سەدىقە تىلەپ،
ئەۋەتىپتۇ ئىللىق سابانى.
ئاي بېقىپتۇ مەڭزىڭگە تۈنلەپ،
تۇتۇلۇپتۇ كۆكنىڭ زۇۋانى.
يۇلتۇزلارنىڭ كۆزى تېلىپتۇ،
كۆزلىرىڭگە قاراپ ـ تەلپۈنۈپ.
چاقماق چېقىپ چۇقان سېلىپتۇ،
ئاپئاق بۇلۇت ھۆسنۈڭنى كۆرۈپ.
باغدا ئانار تۇتۇپتۇ دانە،
سۈزۈك قىزىل مەڭزىڭگە ئوخشاش.
تاش تېغىدا بوپتۇ دۇردانە،
چىشىڭ بىلەن بولسام دەپ ئاداش.
ئىپار ھىدلىق تىنىقلىرىڭدىن،
مەست بولۇپتۇ گۈلشەندە چېچەك.
سۇغا ئەنداز قىلىقلىرىڭدىن،
ئاھۇ جەرەن توقۇپتۇ چۆچەك.
قات ـ قېتىغا ئۆتۈپ كۆيۈپتۇ،
مەھەللەڭنىڭ يولى ئوت بولۇپ.
پىراقىدىن ئېسىپ قويۇپتۇ،
دەرۋازاڭغا يىگىتلەر قۇلۇپ.

www.uyghurkitap.com

## تەنھالىق

بوران ئۇنلەيدۇ تەنھالىقىمدا،
بىر ئاۋاز ئاڭلىنار يەرنىڭ تەكتىدىن.
ئۆزۈمدىن يىراقلاپ كېتىمەن بۇدەم،
بىلىق كۆتۈرۈلگەندەك سۇنىڭ قېتىدىن.

يۈرەك قەپىسىدىن قاڭقىپ چىقىدۇ،
ئۇچۇرما قۇشلارغا ئۆگىتىپ پەرۋاز.
ئاي ھۇجرىسىنى سىلىپ لەرزىگە،
يۇلتۇزلار ئارىسىدىن يىغىدۇ ئاۋاز.

سىم ـ سىم يامغۇرغا ئوخشاش خىيالدا،
تەنھالىق ئىچىگە كېتىمەن سىڭىپ.
ئۆزۈمنى ئۆزۈم باقسام چاقىرىپ،
ئەكس سادا كېلەر يۈرەككە مىنىپ.

## ھەسەل قىز

ئاڭلاپ ـ ئاڭلاپ دەردىمنى،
دەرەخلەر قۇرۇپ كەتتى.
يۈرىكىمنى كۆرسەتسەم،
كاۋاپلار تۇرۇپ كەتتى.

ئۇلۇغ تىنىپ ئولتۇرسام،
قۇش يىغلىدى يېنىمدا.
ئوي ئىلكىدە كۆز يۇمسام،
دولقۇن قاتتى قېنىمدا.

ماڭا نىسىپ بولمىدى،
دەريايىڭدا ئېقىشقا.
بارالمىدىم كېچەڭگە،
گۈلخېنىڭنى يېقىشقا.

زامان ئۆتتى چۆرگىلەپ،
تاغ قالدى تاغ پېتىچە.
يۈرىكىمگە ئورنىغان،
داغ قالدى داغ پېتىچە.

سىڭىپ كەتسۇن قىسمىتىم
بۇرۇنقى چۆچەكلەرگە.
كۆز يېشىمنىڭ جەۋھىرى
ئايلانسۇن چېچەكلەرگە.

دەردىنىڭ تاتلىق يېرىدىن
شىرنە بېرەي ھەرەڭگە.
شاد ياشىغىن ھەسەل قىز
سىغماستىن سەن تېرەڭگە.

## ئاشىق قىز

قىز يىگىتكە ئاشىق بولغاندا،
ئايلىنىدۇ نەيگە قىز دىلى.
چۈشلىرىدە داستان سۆزلەيدۇ،
تۇتۇلىدۇ ئوڭىدا تىلى.

ئۆتەر دەردنى ئىچىگە يۇتۇپ،
تەنھالىقنىڭ قېتىغا كىرىپ.
ئەگەر كۆرۈپ قالسا يىگىتنى،
ئوت ئالىدۇ چوغدەك قىزىرىپ.

دوستىغىمۇ ئىككى دۇنيالىق،
سىر تۇتىدۇ ھىجران دەردىنى.
شىرنى يېڭەر جۈرئەت بولسىمۇ،
يېڭەلمەيدۇ قىزلىق ـ زەردىنى.

قىز يىگىتكە ئاشىق بولغاندا،
ئازراق شەپە باقمامدۇ بېرىپ.
بولسا ئەگەر يىگىت ۋىجدانلىق،
تامچىمامدۇ شەبنەمدەك ئېرىپ.

*(ئاپتور شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىدا)*

رەشىدە سېيىت

# تەبىئەت مېنى سۆي، مېنى ئەركىلەت

## بىخ ياپراق

باھاردا قوۋزاق يېرىپ چىققان چېغىڭ،
سابالار سېنى سۆيۈپ ئۇخلاتمىدى.
چېچەكلەر ھىدى سېنى بىھوش قىلىپ،
شۇ يۇمران ھالىتىڭدە توختاتمىدى.

بىر سۆيگۈ ئورۇۋالدى «زېمىن» دېدىڭ،
قۇچاقلاپ ئانا يەرنى بەرق ئۇردۇڭ.
خىيالدەك تەۋرىگەندە گۈل دۇنياسى،
ئۆزۈڭنى ئارمانلارغا ئوراپ تۇردۇڭ.

باغرىڭدا بىر چىرايلىق ئاچتى چىراي،
ئاھ، ئەجەب ئاچچىق - چۈچۈك يۇمران مېۋەڭ.

قوۋۇتىڭ، گۈزەللىكىڭ كەتتى ئاستا،
يوقىلىپ يېشىللىقىڭ، نازۇك جىلۋەڭ.

ئاستىلاپ كەلگەن چاغدا ئاخىرقى كۈز،
خوش دېدىڭ مەي باغلىغان مېۋىلەرگە.
پەخىرلىنىك كۈلۈپ قالدىڭ قاپتاللاردا،
دۇنيانى كۆمۈۋەتكەچ نېمەتلەرگە.

سارغايدىڭ ئاستا - ئاستا گۈل باغرىدا،
ئۆششۈكتىن ساقلاپ گۈلنى بولدۇڭ قاقشال.
تەبىئەت پەلسەپەڭدىن ئويغا پېتىپ،
ھاياتنى شۇ ياپراقتا قىلدىم مىسال.

## يۇلتۇز

كۆكتە يېنىپ خىيالچان ھەر كەچ،
مۆڭدىشىسەن كۆزلىرىم بىلەن.
يۈرىكىمگە چۈشكەندە نۇرۇڭ،
سۆزلىشىمەن لىرىكام بىلەن.

كۆكتە يېنىپ خىيالچان ھەر كەچ،
چېچەكلەرگە سالىسەن نەزەر.
كېچە ھۆسنى تارام - تارام نۇر،
گۈزەل بولۇپ كېتەر شۇ قەدەر.

كۆكتە يېنىپ خىيالچان ھەر كەچ،
ئارمىنىمنى چۈشەندىڭ ئاخىر.
نۇر بەرگۈم بار مەنمۇ ھاياتقا،
مەن بىر ئىنسان ھەممىگە قادىر.

كۆكتە يېنىپ خىيالچان ھەر كەچ،
سۆبھى بىلەن كېتىسەن تاراپ.
قۇياش كۈلگەن ھەر بىر سەھەردە،
مەن ماڭىمەن زەپەرگە قاراپ.

## يۇلغۇن چېچىكى

تاقىلداپ ماڭماقتا بىر خىل رىتىمدە،
ساي ئاتلاپ چۆللەرنىڭ قوينىدا پويىز.
قالدۇرۇپ ئارقىدا ئېگىز تاغلارنى،
ئالمىشار شۇ ھالدا مەنزىرە بەك تېز.

www.uyghurkitap.com

بىر چاغدا كۆرۈندى يەنە كەڭ چۆللۈك،
يول بويى گۈللىگەن ياپپېشىل يۇلغۇن.
ئاجايىپ چىرايلىق ئۇنىڭ چېچىكى،
خۇددى بىر يالتىراپ تۇرغاندەك يالقۇن.

قارىسام كۆرۈنمەس دەريا ھەم ئېقىن،
كۆرۈنمەس بىر ئېرىق شىلدىرلىغان سۇ.
قاغجىراپ تاشلارنىڭ يېرىلغان لېۋى،
ئاشۇنداق بىر جايدا گۈل ئېچىپتۇ ئۇ.

شېخىمۇ قىزارغان، باراقسان شۇنچە،
يىڭنىدەك ئۆرلىگەن يېشىل ياپراقلار.
جىمجىتلىق قوينىدا قالدى ئۇ يىراق،
دىلىمدا ئويغىنىپ يۈكسەك ئارمانلار.

ئاي، كۈنلەر ئۆتسىمۇ تۇرار شۇ پېتى،
لاۋالار قوينىدا كەتمەيدۇ قۇرۇپ.
بورانلار چىقسىمۇ گۈلدۈرلەپ راسا،
ئاھ ئۇرۇپ كەتمەيدۇ شاخلىرى سۇنۇپ.

شارقىراپ ياغسىمۇ توختىماي يامغۇر،
كۆمسىمۇ بويىنى ۋە ياكى ئاق قار.
ئۇ كۈلۈپ قارايدۇ ئالەمگە يەنە،
دىلىدا ئالەمچە غۇرۇر، ئىپتىخار.

خىيالىم قېتىدا يۇلغۇن چېچىكى،
سەن لىرىك ئارمان بول مىسرالىرىمغا.
دىلىمدا كۈلۈپ قال، دىلىمدا ئېچىل،
نۇر بەرگىن، غۇرۇر بەر ھايات يولۇمغا.

## ماڭا تونۇش ئاشۇ چىغىر يول

ماڭا تونۇش ئاشۇ چىغىر يول،
ماڭا تونۇش ئاشۇ دۆڭ ئېرىق.
ناخشا ئوقۇپ كېلەر پادىچى،
قويلىرىنى ئارقىغا سېلىپ.

دوڭغاق جىگدە يەنە كۆكەرگەن،
يىلمىنى كولايدۇ بىر قىز.
ئاخىرلاشقان خامان ناخشىسى،
زەردەك چاقناپ تاۋلىنار ئېگىز.

پاكار تاملىق باغلارغا قاراپ،
غورىلىرى كەلدى ئېسىمگە.
چىقىپ كەلدى ماڭا تونۇش ئىت،
يۈزلىرىنى سۈركەپ پېشىمگە.

ھەممە ئىشىكنىڭ ئالدىدا بىردىن،
خاسىيەتلىك ـــ ئۈجمە دەرىخى.
شاخ ئارىلاپ ئۇچار ئاق قۇشقاچ،
(تۇپىلاشمىغان باللار تېخى.)

مەيىن دولقۇن ياسايدۇ ئاستا،
تال ئۇچىنى ئويناپ كۆل سۈيى.
باغۋارانىنى لەرزىگە سالار،
تورغايلارنىڭ يېقىملىق كۈيى.

ئۆتۈپ كەتتىم ئاشۇ سەھرادىن،
ماڭا تونۇش چىغىر يول بىلەن.
بىراق قالدى سەھرادا كۆڭلۈم،
قۇچاقلىشىپ لىرىكام بىلەن.

*(ئاپتور ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 181 ـ نومۇر 10 ـ بىنا 3 ـ ئىشىك 302 ـ ئۆيدە)*

(بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ھەزرەتئەلى ئەخەت)

ئەكبەر جاپپار

# پېشقان كاتىپ



(ھېكايە)

ئوقۇغان كەسپىم ئەدەبىيات بولغاچقا، خىزمەتكە قاتناشقان 15 يىلدىن بېرى ئىدارىمىزنىڭ كاتىپلىق خىزمىتىنى ئىشلىگەچ بوش ۋاقىتلىرىمدا يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، مەتبۇئاتلاردا بىر بۆلۈك ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدىم. ئىدارىمىزدا ئۈچ باشلىق ئالماشقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يازغان تۈرلۈك پىلان، خۇلاسە ۋە باشقا ماتېرىياللىرىمدىن قۇسۇر چىقارماي، مېنى ئەتىۋارلاپ، ئاز ـ تولا ئەمەل بېرىپ ئىشلىتىشتى.

ئۈچىنچى باشلىقىمىز ئالمىشىپ كېتىپ، ئورنىغا يېڭىدىن بىر باشلىق كېلىپ تۇنجى كۈنىلا ئاچقان يىغىندا، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئىدارىدە قانداق يېڭىلىقلارنى ياراتقانلىقى ۋە ئىدارىمىزدا بىرىنچى بولۇپ قايسى خىزمەتلەرنى تۇتۇپ ئىشلەيدىغانلىقى توغرىسىدا ئىككى سائەتتەك سۆزلەپ، يىغىن ئەھلىنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرۇۋەتتى. يىغىن مەيدانىدىن چىقىپ ھەممەيلەن دېگۈدەك، مانا ئەمدى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ھەقىقىي ھالىغا يېتىدىغان، قورسىقىدا ئۆمىچى بار بىر باشلىققا ئېرىشىپتۇق، دېيىشىپ ناھايىتى خۇشال بولۇشتۇق. ئارىدىن ھەپتە ئۆتۈپ ئىدارىدە يېڭى كەلگەن باشلىقىمىزنى ئاغزىدا شەھەر ئالىدىغان، ئەمەلىيەتتە قىلىنىمۇ تەۋرىتەلمەيدىغان، قۇرۇق سان ـ سېپىر بىلەنلا يۇقىرىنى ئالداپ ئۆسكەن ئادەم ئىكەن، دېگەنگە

ئوخشاش مىش ـ مىش گەپلەر تارقىلىشقا
باشلىدى. ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ ئارقىسىدىن
گەپ قىلمايدىغان، بىرى بىھۇدە ئازار بەرمىسە،
ئۆز ئىشىمنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ قول-
قىمنى يوپۇرۇپ يۈرۈۋېرىدىغان ئادىتىم بول-
غاچقا، ئۇنداق گەپ ـ سۆزلەرگە ھېچقانداق
پوزىتسىيە بىلدۈرمىدىم.

يېڭى باشلىق كېلىپ ئۈچ ئايدىن كې-
يىن، بىر كۈنى ئىشخانىدا جىددىي ماتېرىيال
يېزىۋاتسام، قوشنا ئىشخانىدىكى ئىمىر:

ــ سىزنى باشلىق توۋلاۋاتىدۇ، ــ دېدى.

قىلىۋاتقان ئىشىمنى قويۇپ باشلىقنىڭ ئىش-
خانىسىغا كىرسەم، ئۇ تېلېفوندا سۆزلىش-
ۋاتقان ئىكەن، مېنى ساپاغا ئولتۇرۇشقا شەرەت
قىلىپ قويۇپ، ماقۇل ئەمىسە، قالغان گەپنى
كېيىنچە دېيىشەيلى، دەپلا تۇرۇپكىنى قويدى.

ــ كېلىڭ ئۇكام سەيدۇللا، ــ دېدى ئۇ
سېمىز گەۋدىسىنى ئورۇندۇقتىن سەل مىدىر-
لىتىپ قويۇپ، ــ سىياسىي باشقارمىدىكىلەر-
دىن سورۇشتە قىلسام، سىز خىزمەتكە چىققان
15 يىلدىن بېرى ئىزچىل تۇردە ئىدارىمىزنىڭ
كاتىپلىق خىزمىتىنى ئىشلەپ كەپسىز،
ئىشخانىغا مۇئاۋىن مۇدىر بولۇپ ئىشلىگى-
نىڭىزگىمۇ بەش يىلچە بوپتۇ، شۇنداق بول-
سىمۇ تورلۇك ماتېرىياللارنى يەنە ئۆزىڭىز يې-
زىۋېتىپسىز، ھازىرقى كۈنلەردە سىزدەك ئىش-
لەيدىغان ئوتتۇرا قاتلام رەھبىرىي كادىرلىرىنى
تاپماق تەس، مەن سىياسىي باشقارمىدىكىلەرگە
ئىشخاناڭلارغا كاتىپلىقنىڭ ھۆددىسىدىن چى-
قالىغۇدەك كادىردىن بىرنى يۆتكەپ بېرىشنى
تاپىلىدىم. يېڭى كاتىپ ئىشقا چۈشكەندىن
كېيىن سىزنى باشقا بۆلۈملەرگە ئالماشتۇرۇپ
قويۇشنى ئويلىشىمەن، ئۇنىڭغىچە ئىشخا-
نىنىڭ خىزمىتىنى بۇرۇنقىدەك ئىشلەڭ. ھە
راست، سىزنى گېزىت ـ ژۇرناللارغا ئانچە ـ
مۇنچە ئەسەر يازىدۇ، قەلىمى خېلى پىشقان
يازغۇچى دەپ ئاڭلىدىم، فوتو سۈرەتچىلىك-
تىنىمۇ خەۋىرىڭىز بار ئىكەن، بۇنىڭدىن كې-
يىن ئىدارىمىزدىكى يېڭىلىقلارنىمۇ كۆپرەك
يېزىپ مۇناسىۋەتلىك گېزىت ـ ژۇرناللارغا ئە-
ۋەتىپ تۇرۇڭ، مەن ئەزەلدىن بىلىملىكلەرنى
ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىپ كەلگەن. ئەسلىي گەپكە
كەلسەك، سىزمۇ بىلىسىز، مەن بۇ ئىدارىگە
يۆتكىلىپ كەلگەن ئۈچ ئايدىن بېرى نۇرغۇن يې-
ڭىلىقلار بولدى، بۇرۇن ھەل قىلىنمىغان قالغان،
كادىرلارنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىگە چېتىشلىق
بىر قىسىم ئىشلار ھەل قىلىندى. سىز دەرھال
ھەر قايسى بۆلۈملەردىن مۇناسىۋەتلىك سان ـ
سىپىرلارنى ئىگىلەپ، ئەتە چۈشكىچە ئىدارى-
مىزنىڭ ئۈچ ئايلىق خىزمىتىدىن تەپسىلىي بىر
خۇلاسە يېزىپ چىقىڭ، مەن كۆرۈپ بولغاندىن
كېيىن يۇقىرىغا يوللاپ بېرەيلى، ــ دېدى ـ دە،
يانچۇقىدىن ئالىي دەرىجىلىك تاماكىسىنى ئې-
لىپ لېۋىگە بىر تال قىستۇردى. باشلىقنىڭ
گەپلىرىنى ئاڭلاپ، نەدىمۇ ئۈچ ئايدا بىر خۇلاسە
يازىدىغان ئىش بولسۇن، يۇقىرىغا يوللايدىغان
خۇلاسىنى ئەزەلدىن يېرىم يىلدا، يىل ئاخىرىدا
بىر يېزىۋاتقان تۇرساق، ئۇ كەلگەندىن كېيىن
ئېغىزغا ئالغۇدەك بىرەر يېڭىلىق بولمىسا نې-
مىنىمۇ يازارمەن، بوپتۇ، قاراپ تۇرۇپ يولۋاس-
نىڭ بۇرۇتىنى تارتىپ سالماي، دېگەنلەرنى ئوي-
لاپ ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ ئىشخانىدىن چىقتىم ۋە
مۇناسىۋەتلىك سان ـ سىپىرلارنى ئىگىلەپ ئۈچ
ئايلىق خىزمەتتىن تۈجۈپلەپ خۇلاسە يېزىپ
پۈتتۈردۈم.

ــ ئاساسىي مەزمۇن تولۇق يېزىلىپتۇ،
بىراق يەنە بىر بۆلۈك مۇھىم يەرلىرى چۈشۈپ
قاپتۇ، قايتىدىن يېزىڭ، ــ دېدى ئۇ ئون بەت
ماتېرىيالنىڭ ھەر بىر بېتىنى شۇنداقلا ۋاراقلاپ
كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن قايىقىنى تۈرۈپ.
ئىشخانىغا چىقىپ ماتېرىيالنى نەچچە قېتىم
ئوقۇپ چىققان بولسامىمۇ، لېكىن زادى نېمە-
نىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلەلمىدىم.
ئاخىرى، سىياسىي باشقارمىدىكىلەرنىڭ

ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتقانلىق ئىشلىرىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ ماتېرىيالنى پۈتتۈردۈم.

— سىزنىزە، نەرىڭىز 15 يىللىق كاتىپقا ئوخشايدۇ، مۇشۇنداق ماتېرىيالنىمۇ يۇقىرىغا يوللىغىلى بولامدۇ، نەچچە ئىدارىدە رەھبەر بولۇپ سىزدەك ماتېرىيال يازىدىغان كاتىپنى كۆرمەپتىكەنمەن، يەنە ئويلىنىپ تولۇقلايدىغان يەرلىرىنى تولۇقلاڭ، — دېدى ئۇ بۇ قېتىم تەلەتنى بۇرۇنقىغا قارىغاندا خېلىلا سەتلەشتۇرۇپ. ئاچچىقىمدا ئاغزىمنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان نەرى بولماپتۇ؟ دەپ بەرمەمسىز، دېگەن گەپنى زورلاپ يۇتۇۋېتىپ گەپ-سۆزسىز ماتېرىيالنى ئېلىپ يېنىپ چىقتىم. بېشىم زىڭىلداپ ئاغرىماقتا ئىدى. 15 يىلدىن بېرى مۇشۇنداق ماتېرىيال يېزىپ قانداق كاتىپلىق قىلغانسىز دەيدۇيا، يازغىنىمنىڭ نەرى بولمىغاندۇ، ئەجەب بۇرۇنقى باشلىقلارغا يارىغان ئادەم ئەمدى بۇ باشلىققا يارىماي قالدىمغۇ، نەرىنى تولۇقلىسام بولار؟ ئۇيان ئويلىنىپ، بۇيان ئويلىنىپ ئاخىرى كاللامغا بىر ئوي كەلدى. كومپيۇتېرنى قوزغاپ ئۆز ئىرادەمگە خىلاپ هالدا، باش قۇردىكى ئۈچ ئايدىن بېرى دېگەن يەرنىڭ ئالدىغىلا ئىدارىمىزنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى ئالماشقاندىن كېيىن، يېڭى كەلگەن رەھبىرىمىز سابىرنىڭ باشچىلىقىدا، دېگەن گەپنى قوشۇپ قويدۇم.

— يارايسىز ئۇكام، خۇلاسە دېگەننى مانا مۇشۇنداق يازمامدۇ، ئەمدى بوپتۇ، ماڭا سىزگە ئوخشاش مۇشۇنداق پىشقان كاتىپ لازىم، — دېدى ئۇ ماتېرىيالنىڭ بىرىنچى بېتىنى كۆرۈپلا ناھايىتى خۇشال بولۇپ. ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ كاللامدا ھەر خىل ئويلار تۇغۇلدى.

قوشۇپ قويغان جۈملىلەرنىڭ ئۆزۈمگە «پىشقان كاتىپ» دېگەن ئاتاقنى ئېلىپ كەلگەنلىكىدىن كەچ كىرگۈچە ۋىجدانىم ئازابلاندى. يۈرىكىمنى تىڭشاپ باقسام، زامان ئۆزگەردى، باشقا ئىش قىل دېگەن سادا كەلگەندەك قىلدى. يەنە ئاشۇنداق خۇلاسە يازىدىغان ئىش چىقىپ قالسا قانداق قىلارمەن، دېگەنلەرنى ئويلاپ، بېشىمغا غەم چۈشۈشكە باشلىدى. نۇرغۇن ئويلىنىش ئارقىلىق ئەتىسى سەھەردىلا خۇددى ئۆزى سۆيگەن ئاشىقىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان مەشۇقتەك كۆڭلۈم ناھايىتى يېرىم هالدا، باشقا بۆلۈملەرگە ئالماشتۇرۇپ قويۇش توغرىسىدا بىر پارچە ئىلتىماس يېزىپ، باشلىقنىڭ ئىشخانىسىغا قاراپ ماڭدىم.

*(ئاپتور قەشقەر ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنىدا)*

مۇھەررىر مۇختار تۇردى

كىتاب تۈر بېكىتى
uyghurkitap.com

مەتقاسىم تۇرسۇن



# بارات لەگلەك

(ھېكايە)

تاك سەھەردىلا ئاڭلانغان ھەسرەتلىك يىغا ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىقىشىمغا يان قوشنىمىز مەتشېرىپ ھۆڭگىرەپ يىغلىغان پېتى تۆۋەن مەھەللىدىكى بارات لەگلەكنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئېلىپ كىردى. ئىت پوق يېمەستىلا ئاڭلىغان بۇ شۇم خەۋەردىن يۈرىكىم مۇجۇلۇپ، كۆڭلۈم بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى. ئادەم دېگەن ئاجايىپ نەرسە ئىكەن، ھايات چېغىدا جاھانغا پاتماي ئۆزىنى دۇنيادا پەقەت بىرلا دەپ ھېسابلايدىغان بۇنداق قالتىس ئادەمنىڭمۇ ئۆلىدىغان كۈنى بولىدىكەن. ئۇ گەرچە ھايات ۋاقتىدا تازا ياخشى ئادەم بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئىچ ئاغرىتىپ ياش تۆكمەي تۇرالمىدىم.

— نېمە سەۋەبتىن قازا تېپىپتۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن، ئالدىمدا مۇسىبەت قايغۇسىغا چۆمگىنىچە بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغان

مەتشىرىپتىن.

— بۇنىسى نامەلۇم، يېقىندىن بۇيان ئۇنىڭ ئەقلى - ھوشى تازا جايىدا ئەمەس ئىدى، باشقىلارنىڭ ئېيتىشىچە ئالا بويناق ئىتنى قوچاقلىغىنىچە ھويلىسىنىڭ بۇلۇڭىدا قېتىپ قالغانمىش. بۈگۈن سەھەردە قوشنىسى بىر ئىش بىلەن ئۆگزىسىگە چىقىپ ئۇنى كۆرۈپ قاپتۇ، ئۇنىڭ ئۆلۈپ قالغانلىقىغا مېنىڭ زادى ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ، — مەتشىرىپ سۆزلەۋاتقاچ قايتىدىن ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. مەتشىرىپنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپ مېنىڭمۇ كۆزلىرىمگە قايتىدىن يىغا ئولاشتى.

مەن بارات لەگلەكنى ئىككى ئاي ئىلگىرى ھويلىسىنىڭ ئالدىدا بىر توپ ئىتۋازلار بىلەن ئىت تالاشتۇرۇۋاتقان ھالەتتە كۆرگەن ئىدىم، ئۇ چاغدا بارات لەگلەكنىڭ ۋاقىتسىز ئاقىرىشقا باشلىغان چاچ، ساقاللىرى ئۆسۈپ، قاغىنىڭ چاڭگىسىغىلا ئوخشاپ قالغان، كىيىم - كېچەكلىرى كىرلىشىپ رەڭگىنى يوقاتقان بولسىمۇ خېلىلا روھلۇق كۆرۈنگەن ئىدى. ئۇ ئالا بويناق ئىتىنىڭ قارشى تەرەپنىڭ ھەم سېمىز، ھەم يوغان تايغان ئىتنى بوغۇپ ئاللا - توۋىسىنى چىقىرىۋەتكەنلىكىگە مەستلىكى كەلگەن ھالدا، ئەتراپتىكى سالاپچىلار بىلەن تاماشا كۆرگۈچىلەرنىڭ يېڭىپ چىققۇچى ئىتقا دو تىكىشىپ، تالىشىشلىرىغا پەرۋاسىز قاراپ تۇراتتى. ئالا بويناق ئىتمۇ ئىگىسىگە «شان - شەرەپ كەلتۈرۈشكە» تىرىشىۋاتقاندەك، يوغان چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، خىرىس قىلغىنىچە ئىككىنچى رەقىبىنىمۇ بىردەمدىلا قانغا بويىۋەتتى. شۇ چاغدا بارات لەگلەكنىڭ قارامتۇل چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپ، گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئەتراپتىكىلەرگە مەغرۇرلۇق بىلەن نەزەر تاشلاپ چىققاندىن كېيىن، ئالا بويناقنىڭ يارىلانغان جايلىرىنى قولياغلىقى بىلەن ئالدىرىماي سۈرتكەن، قان يوقى پېشانىسىگە مەڭزىنى يېقىپ، بۈگۈنكى باتۇرلۇقىغا بولغان رازىمەنلىكىنى ئىپادىلىگەن، ئاندىن ئۇتقان پۇللىرىنى پۇرلىگىنىچە تۆش يانچۇقىغا قاتلاپ تىقىپ ھويلىسىغا كىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ھەرىكىتى تولىمۇ نورمال بولۇپ، ئېلىشىپ قالغاندەك قىلمايتتى. مانا ئارىدىن ئىككى ئايدەك ۋاقىت ئۆتمەيلا ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى يېتىپ كەلدى. ئىش - ئوقەتنىڭ ھەلەكچىلىكىدە يۈرۈپ ئۇنى بىرەر قېتىم يوقلاپ قويمىغانلىقىم ئۈچۈن مۇشۇ تاپتا ۋىجدانىم ئازابلىنىشقا باشلىدى. زۇرەمخان ئاچا مېنى ئەيىبلەۋاتقاندەك بىر خىل تۈيغۇ چاقماق تېزلىكىدە كاللامدىن ئۆتتى.

مەن ئالدىراشلىق بىلەن كىيىمىمنى كىيىپ، بارات لەگلەكنىڭ مېيىتىنى ئۇزىتىش ئۈچۈن تۇپراق بېشىغا كېتىۋاتقانلارغا ئەگەشتىم. قايغۇ ئىچىدە توپقا ئەگىشىپ كېتىۋاتىمەن، كۆز ئالدىمدا رەھمەتلىكنىڭ ھايات چېغىدىكى ئىشلىرى ئايان بولماقتا. ئۇنىڭ ئانىسى زۇرەمخاننىڭ يامغۇردەك ياش تۆككىنىچە پۇتىغا ئېسىلىپ يېلىنىپ - يالۋۇرۇشلىرىغا پەرۋا قىلماي ئۆيدىكى پۇلغا يارىغۇدەك بىساتلارنى سېتىپ ئىچكىرىگە قېچىپ كەتكىنى، بىچارە ئانىنىڭ بالا دەردىدە ئاھ ئۇرۇپ، زار - زار يىغلاشلىرى، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاندا يېنىدا قارىغۇچىسى بولمىغاچقا، قازا قىلىپ كەتكەندىمۇ باشقىلار بىلمەي جەستىنىڭ پۇراپ قالغانلىقى... ئويلىغانسېرى قەلبىمدە ئىچ ئاغرىتىش بىلەن نەپرەت ئارىلاشقان بىر خىل تۈيغۇ ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى.

خېلى ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى يۈز بەرگەن بىر ئىش زادىلا ئېسىمدىن كەتمەيدۇ. بىر كۈنى بارات لەگلەك ئۆيىمىزگە قەرز سوراپ كىرىپ قالدى، بۇ دەل ئۇ ئىچكىرىدىن قايتىپ چىققىنىغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغان كۈنلەر بولۇپ، ئۇنىڭدا قەرزى بار كىشىلەر ئۆيىنىڭ ئەتراپىنى ئەگىپ كېتەلمەيۋاتاتتى، نېمە ئامال،

www.uyghurkitap.com

بېرەي دېسەم قايتۇرۇپ ئالالماسلىقتىن قورقىمەن، بەرمەي دېسەم ئانىسىنى داۋالىتىش ئۈچۈن پۇلغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغانلىقىنى باھانە قىلىۋاتىدۇ، ئاخىرى زۆرەمخان بىلەن بولغان ئۇزۇن يىللىق قوشنىدارچىلىقنىڭ يۈز ـ خاتىرىسى ئۈچۈن يۈز سوم ئۆتنە بەردىم. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىنلا ئايالىم بىلەن زۆرەمخاننى يوقلاپ باردۇق، يېشى ئاتمىشلاردىن ئاشقان بۇ ئايال باراتنىڭ خاپىچىلىقى ۋە تۇرمۇشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە جۇدەپ قورايغىنىلا ئوخشاپ قالغان ئىدى، ئۇ چىرايى تاتىرىپ، لەۋلىرىنى گەز باغلىغان، خۇنى قاچقان كۆزىنى چاپاق باسقان ھالدا ھويلىدىكى تال بارىڭى ئاستىغا قويۇلغان ياغاچ كارىۋاتتا تۇگۈلۈپ ياتاتتى. بارات بولسا ئىت كاتىكىنىڭ يېنىدا نېمىگىدۇر پايپېتەك بولۇپ يۈرەتتى. زۆرەمخان ئانىدىن ئەھۋال سوراپ بولغاندىن كېيىن، باراتنى نېمە قىلىۋاتىدىغاندۇ دېگەن گۇمان بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا باردىم، باردىمىيۇ، ئۇنىڭ قىلىقلىرىنى كۆرۈپ مېڭەمدىن تۇتۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇ نېپىز توغرالغان قوي گۆشى سېلىنغان تەخسىنى ئىتنىڭ ئالدىدا قويغىنىچە ئۇنىڭ يېيىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ ئولتۇراتتى. ئالا بويناق بولسا گۆشنى پۇراپ قويۇپ سوزۇلۇپ ياتاتتى، ئىتنىڭ بويىنىغا تۇرلۇك زىننەت بۇيۇملىرى ئېسىلغان بولۇپ، ياتىدىغان جايىمۇ شۇنداق پاكىز ئىدى. باراتنىڭ پۇل قەرز ئېلىپ تۇرۇپ بىر تۆكيۈز مەخلۇقنى ئالىي دەرىجىلىك مېھماننى كۈتكەندەك ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغىنىچە گۆش يېيىشكە زورلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىمانىم قىرىق گەز ئۆرلىدى ـ دە، غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدىم:

—ھوي ئاداش، شۇنداق ياخشى گۆشنى ئىتقا بەرگۈچە زۆرەمخان ئاچامغا شورپا قىلىپ بەرسەڭ بولمامدۇ، سېنىڭ نەرىڭنى ئادەم بالىسى دېگىلى بولىدۇ؟

ئەمما بارات لەگلەك مېنىڭ ئاچچىقلىنىشلىرىمغا قىلىچە پەرۋا قىلماي جاۋاب بەردى:

—ئانامنىڭ نېرۋىسى تازا جايىدا ئەمەس، گۆش يېگەن دېسە ئىسسىق كېلىدۇ دەپ زادى ئۇنىمايدۇ. مەجبۇرلاپ يېگۈزۈشنىڭ تېخى ئورنى يوق.

—ئۇنداق بولسا سېنىڭ بۇ ئىتىڭنىڭ نېرۋىسى جايىدا ئىكەندە، كۈندە گۆش يەيدىغانغا، —دەۋەتتىم ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ.

—ئۇنداقىمۇ ئەمەس، بىراق، ئىت دېگەن بۇ ھايۋان ئەسلىدىنلا ئىنتايىن ۋاپادار كېلىدۇ، مېنىڭ پۇل خەجلەپ ئالغان شۇنچە كۆپ خوتۇنلىرىم مېنى تاشلاپ كەتتى، بىراق بۇ ئىتىم يەنىلا مېنىڭ يېنىمدا. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇ يېزا تەۋەسىدىكى ئەڭ داڭدار تالاشچى ئىت، ئۇنىڭغا ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئىككى مىڭ سومنى نەق سانايدىغانلار بار، ئەمما ئۇنىڭغا مېھرىم چۈشۈپ قاپتۇ، سېتىۋېتىشكە كۆزۈم قىيمايدۇ، ئۇنى بىر قېتىم سورۇنغا سالسام نەچچە يۈز سوم يانچۇقۇمغا كىرىدۇ، شۇڭا ئۇ دائىم گۆش يەپ تۇرۇشقا ھەقلىق. سىزدىن ئۆتنە ئالغان پۇلنى مۇشۇ قېتىملىق سورۇندىن كېيىن چوقۇم قايتۇرۇپ بېرىمەن، — بارات شۇنداق دېگەچ ئىتنى بويىنىدىن قۇچاقلاپ ئەركىلىتىپ قويدى. مەن باراتنىڭ ئىتقا ئۆز ئانىسىدىنمۇ ئارتۇق مېھرى بارلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. ئۇنىڭ قىلىقلىرى زادىلا كۆزۈمگە سىغمىدى. ئانىسىنى گۆش يېمەيدۇ دەيدۇ، ئىتقا بولسا ئالدىدا قادىلىپ ئولتۇرۇپ يېگۈزىدۇ، دۇنيادا نەدىمۇ گۆش يېمەيدىغان ئادەم بار، ئوغلى ئۈچۈن پۇل تېجەيمەن دەپ گۆش يېمەيمەن دەپ قويسا ئىزا تارتماستىن «ئانام گۆش يېمەيدۇ» دەپ گۆشنى ئىتقا بېرىۋاتقىنىنى. شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ ئىتتىن ئانچە پەرقى يوقكەن دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن ئىدىم.

مانا ئۇ ئۆلگەندىمۇ ئىتنى قۇچاقلىغان پېتى ئۆلۈپتۇ. يېنىمدا ئۈنسىز ياش تۆكۈۋاتقان مەتشىرىپنىڭ بىچارە تۇرقىغا قاراپ ھەقىقەتەن ئىچىم ئاغرىپ قالدى. ئۇ بارات لەگلەكنىڭ ئەڭ يېقىن ئىتۋاز دوستلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنچىلىقنى ئىتنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق شەكىللەنگەن دوستلۇق دېيىشكىمۇ بولاتتى. مەتشىرىپمۇ بارات لەگلەككە ئوخشاش ئىتۋازلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزەتتى. يامان يېرى ئۇ ئەمدىلا باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگەن ئوغلىنىمۇ ئىت تالاشتۇرىدىغان سورۇنغا بىللە ئېلىپ بېرىشقا باشلىغان ئىدى.

بارات لەگلەكنىڭ مېيىتى ئاددىيلا ئۇزىتىلدى. مەتشىرىپنىڭ ئارىلاپ - ئارىلاپ يىغا - زار قىلىۋاتقانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇپ ياش تۆكۈۋاتقان يەنە بىرى يوق ئىدى. جامائەتتىن ئايرىلىپ ئۆيگە كېتىۋاتىمەن، خىيالىم يەنىلا بارات لەگلەكتە...

بارات لەگلەك ئاتا - ئانىسىنىڭ يالغۇز ئوغلى ئىدى. ئۇ كىچىك تۇرۇپلا دادىسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ ئانىسىنىڭ ھىمايىسىدە چوڭ بولدى، زۆرەمخان ئۇنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرەتتى. ئەپسۇس بارات ۋاپادار بالا بولمىدى، ئۇ گويا بۇ دۇنياغا ئويۇن - تاماشا ئۈچۈنلا يارالغاندەك بالاغەتكە يېتەر - يەتمەيلا تاماكا چېكىش، ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆگەندى، كۈندە دېگۈدەك ئىت تالاشتۇرىدىغان سورۇنلاردا يۈرگەچكە دەسلەپتە «بارات ئىتۋاز» دەپ ئاتالدى، قۇرامىغا يەتكەندە بولسا كەينىگە چاپارمەنلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈپ، ياۋاشلارنى بوزەك قىلىپ يۈردى. شۇ چاغلاردا مەھەللىدىكى تەڭتۇشلار ئارىسىدا ئۇنىڭ مۇشت - پەشۋالىرىنى يېمىگەنلەر ئاز ئىدى. ئەنە شۇنداق لاغايلاپ يۈرۈپ، ھېچ بىر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتمىدى، تاپقاندا قارنىم يېرىلىپ كېتەر دېمەي يەپ، تاپالمىسا كوچىنىڭ ئىتلىرىدەك ئاچ قورساق يۈرۈۋەردى، ئىچكىرىگە كىرىپ ئوقەت قىلىش دولقۇنى قوزغالغاندا ئانىسىنىڭ يېلىنىپ - يالۋۇرۇشلىرىغا پەرۋا قىلماي دېڭىزغىمۇ سەكرەپ بېقىپ قۇرۇق قول قايتىپ چىقتى، ئۇنىڭ «لەگلەك» دېگەن لەقىمىمۇ شۇ چاغدا قويۇلۇپ قالغان ئىدى. زۆرەمخانىنىڭ پۈتۈن غېمى باراتنى ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىپ ئۇنىڭ بىرەر پەرزەنتىنى بولسىمۇ قاتارغا قوشۇپ بېرىش ئىدى. بارات لەگلەك ئانىسىنىڭ زورى بىلەن كۆپ قېتىم ئۆيلەنگەن بولسىمۇ خوتۇنلىرى ئۇنىڭ خوي - مىجەزىگە چىدىيالماي، ئۇنى تاشلاپ كەتتى.

بىر كۈنى مەن ئۇنى كوچىدا ئۇچرىتىپ قېلىپ ئىككى ئېغىز نەسىھەت قىلىپ قويماقچى بولدۇم:

—بارىتاخۇن، خوتۇندىن بەش - ئالتىنى يەڭگۈشلىدىڭلا، بولا - بولماس خوتۇنلارنىڭ ھەممىسىنى تاپماي، ئوبدانراق خوتۇندىن بىرنى ئېلىپ بالا - چاقىلىق بولۇڭلا، ئادەم دېگەننىڭ ياشانغاندا ھەمراھ بولغىلى پەرزەنتى بولمىسا بولمايدۇ. تەڭتۇشلىرىڭلىنىڭ ئالدى باللىرىنى ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىپ بولدى، ئۆزۈڭلىنى ئويلىمىساڭلىمۇ زۆرەمخان ئاچامنى ئويلاڭلا، سىلى يوق چاغلاردا تىكەندەك يالغۇز قېلىۋاتىدۇ.

بارات لەگلەك نەسىھىتىمنى ئاڭلاپ بىردىنلا كىنو ئارتىسلىرىدەك قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى - دە، مەندىن ياندۇرۇپلا سورىدى:

—سىزنىڭ يەڭگەم بىلەن توي قىلغىنىڭىزغا نەچچە يىل بولدى؟

مەن باش - ئاخىرى يوق بۇ سوئالدىن ئەجەبلىنىپ:

— يىل ئۆرۈلسە تويتوغرا ئوتتۇز يىل بولىدۇ، — دېدىم. بارات لەگلەك بايىقىدىنمۇ بەكرەك كۈلۈپ كېتىپ:

—تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بوپتۇ. بىر ئايال بىلەن قىرىق يىلنى قانداقمۇ بىللە ئۆتكۈزگەنسىز؟ ئايال كىشى دېگەننىڭ خۇلقى-مىجەزى بىر-بىرىگە زادى ئوخشىمايدۇ، شۇڭا ئۇنى ۋاقتى-ۋاقتىدا ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش كېرەك.

مەن بارات لەگلەكنىڭ مۇشۇ جاۋابىدىنلا ئۇنىڭغا نەسھەت قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلىقىنى ھېس قىلدىم. مەن بۇ غەلىتە ئىنساننىڭ يېنىدىن تېزرەك كېتىشنى ئويلاپ مېڭىشقا تەمشىلىۋاتقاندا، ئۇ يەنە ئىتىنىڭ پارىڭىنى باشلىدى:

—ئاجايىپ مۆجىزە، ھاشىم قوتازنىڭ قانجۇقى بەشنى كۈچۈكلەپتىكەن، ھەممىسى تۆت پۇتلۇق ئىكەن.

مەن ئۇنىڭ بۇ غەلىتە گەپلىرىدىن ئەجەبلىنىپ سورىدىم:

—دۇنيادىكى ئىتلارنىڭ ھەممىسى تۆت پۇتلۇققۇ، جاھاندا نەدىمۇ ئۈچ پۇتلۇق ئىت بولسۇن؟

—سىز بىلمەيدىكەنسىز، ھاشىم قوتازنىڭ بۇ ئىتى ئىلگىرى كۈچۈكلىسە دائىم ئۈچ پۇتلۇق كۈچۈكلەيتتى. ئۇ ئىتنى چەت ئەللىك بىر ساياھەتچى بېرىپتىكەن. ئۈچرىغانلا ئىت بىلەن جورا بولۇۋەرگەنلىكتىن تۇغۇلغان كۈچۈكلىرىنىڭ ھەممىسى ئۈچ پۇتلۇق ئىدى. كۈتۈلمىگەندە بىزنىڭ ئالا بويناق بىلەن ئىلىشىپ قېلىپ ساپلا ئالا بويناق كۈچۈكتىن بەشنى كۈچۈكلەپتۇ، ھاشىم قوتاز بىزنىڭ ئالا بويناقنىڭ ئەجرى ئۈچۈن ماڭىمۇ كۈچۈكتىن بىرنى بېرىۋەتتى، سىزگە لازىم بولسا ھاشىم قوتازغا دەپ بىرنى ئېلىپ بېرەي.

مەن ئىت باققان ئادەمنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيتتىم. شۇڭا ئۇنىڭ تەلىپىنى دەرۇ رەت قىلدىم.

ئارىدىن ھەپتە ئۆتكەندە بارات لەگلەكنى كوچا دوقمۇشىدا يەنە ئۇچرىتىپ قالدىم. مېنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ ئېغىزى يەنە ئېچىلدى:

—قارىمامسىز، ھاشىم قوتازنىڭ ھېلىقى بەشنى كۈچۈكلىگەن چىپار ئىتى بارغۇ، يولۋاسقا ئايلىنىپتۇدەك، يەنە كېلىپ تازىمۇ يوغان يولۋاسقا، بۇمۇ دەل بىزنىڭ ئالا بويناقنىڭ تۆھپىسى دەڭا، بىزنىڭ ئالا بويناق ئۇنىڭ چىپار ئىتىغا جور بولمىغان بولسا، نەدە تۇرۇپتۇ ئۇنىڭدەك نەسلى پەس ئىتقا بۇنداق ئامەت.

بۇ قېتىم مېنىڭ تازىمۇ جۇدۇنۇم ئۆرلىدى.

—قاچانلا بولسا شۇ ئىتنىڭ گېپىنى قىلىدىكەنسەن، مۇنداق ھال-ئەھۋال سورىشىدىغان گېپىڭ يوقمۇ زادى، —دېدىم مەن زەردە بىلەن.

—ھەي ئاكا، بۇ قېتىمقىسى ئوخشىمايدۇ، ئۇ قانجۇق ئىت يېقىندىن بۇيان بەكمۇ تالاشچى بوپ كەتكەنمىش، سورۇنغا بىرلا كىردىمۇ مانا مەن دېگەن ئەركەك ئىتلارنىڭ ئەبجىقىنى چىقىرىۋېتەرمىش. بۇمۇ بىزنىڭ ئالا بويناقنىڭ تۆھپىسى ئەمەسمۇ، بىزنىڭ ئالا بويناقنىڭ بارلىق خۇي-پەيلى ئۇ ئىتقا ئەينەن يۇققان گەپ، ئەمدى بۇ قوتازنىڭ تازا بىر ئامىتى كېلىدىغان بولدى-دە.

مەن گەپمۇ قىلماي كېتىپ قالدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى قايتا ئۇچراتمىغان ئىدىم، مانا ئەمدى ئۇ ئەتىيازنىڭ قىروسىدەك، بۇ دۇنيادىن نام-نىشانسىز كېتىپ قالغان ئىدى...

كېچىچە قالايمىقان چۈش كۆرۈپ زادىلا ئۇخلىيالمىدىم، چۈشۈمدە بارات لەگلەك ئاجايىپ پوزۇر كىيىنگەن ھالدا ھېلىقى چاغدا ئۆتنە ئالغان يۈز سوم پۇلنى تەڭلىگىنىچە ئۆيگە كىرىۋاتقۇدەك، ئالا بويناق ئىتى بولسا چىشلىرىنى ھىڭگايتقىنىچە ماڭا خىرىس قىلىۋاتقۇدەك. بەلكىم باراتنىڭ روھى مېنى سېغىنغاندۇ. مەن روھ دېگەن نەرسىگە ئانچە

www.uyghurkitap.com

ئىشىنىپ كەتمىسەممۇ خىيالىمغا باراتنىڭ تۇپراق بېشىغا چىقىپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىش ئويى كېلىۋالدى ـ دە، ئالدىراپ تاھارەت ئېلىپ زاراتگاھلىقا چىقتىم. تاڭ خېلىلا سۈزۈلۈپ قالغان چاغ بولسىمۇ، باراتنىڭ قەبرىسى ئالدىدا تىك تۇرغان بىر گەۋدىدىن دەماللىققا مەڭدەپ قالدىم، قەبرىگە يېقىنلاشقاندىلا ئاندىن يۈرىكىم جايىغا چۈشتى. قەبرە ئالدىدا تۇرغىنى مەتشېرىپ ئىدى. ئۇ قەبرىگە تىكىلگىنىچە دۇئا قىلىۋاتاتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ دۇئاغا قول كۆتۈردۈم. ئۆزۈم بىلگەن ئايەتلەرنى ئوقۇۋاتاتتىم، بىر نەرسىنىڭ پۇتۇمنى يالىشى بىلەن قورقۇپ ۋاقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدىم. پۇتۇمنى يالاۋاتقىنى باشقا نەرسە ئەمەس، دەل كېچىدىن بېرى چۈشۈمدە ماڭا ئاراملىق بەرمىگەن باراتنىڭ ئالا بويناق ئىتى ئىدى. مەن دۇئانى چالا ـ بۇلا قىلىپلا ئىتتىن ئۆزۈمنى قاچۇردۇم. مەتشېرىپ بولسا خېلى ئۇزۇندىن كېيىن دۇئادىن توختاپ مەن بىلەن كۆرۈشتى، تولا يىغلىغانلىقىدىن بولسا كېرەك كۆزلىرى قان قۇيغاندەك قىزىللىقا تولغان ئىدى. زاراتگاھلىقتىن چىققاندىن كېيىن ئۇ تۇنجى بولۇپ ئېغىز ئاچتى:

— كېچىدىن بېرى باراتئاخۇن چۈشۈمگە كىرىۋېلىپ زادى ئۇخلاتمىدى، ئۇ چۈشۈمدە ئالا بويناقنى بېقىۋېلىشىمنى قايتا ـ قايتا ئۆتۈندى، دېمىسىمۇ بۇ بىچارە ئىگىسىدىن ئايرىلىپ ھىمايىسىز قالدى، جامائەت توغرا تاپسا گۇۋاھلىقتىن ئۆتكۈزۈپ بېقىۋالايمىكىن دەيمەن، ئۆزلىرىمۇ مۇشۇ مەھەللىنىڭ ئاقساقاللىرىدىن بىرى، بۇ ھەقتە جامائەتكە ئىككى ئېغىز ياخشى گەپ قىلىپ قويالا.

مەن مەتشېرىپنىڭ بۇنچىۋالا ھەسرەت چېكىشىنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى چۈشەنگەندەك بولدۇم ـ دە، ئۇنىڭ بۇ تەلپىگە ماقۇل ياكى ياق دېيىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم.

*(ئاپتور نىيا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئىشخانىسىدا)*

**مۇھەررىر پاتگۈل ئەخمەت**

## تۈزىتىش

ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ يىللىق 2 ـ سانىنىڭ 3 ـ بەت مۇقاۋىسىغا بېرىلگەن رەسىملەرنى ئاۋات ناھىيىسىدىكى دېھقان رەسساملار سىزغان بولۇپ، ئادرېسىنىڭ ئېنىق تەمىنلەنمىگەنلىكى سەۋەبىدىن «مەكىت دېھقانلار رەسىملىرىدىن» دەپ بېسىلىپ قالغان، بۇنى «ئاۋات دېھقانلار رەسىملىرىدىن» دەپ تۈزىتىپ ئوقۇشۇڭلارنى سورايمىز.

«تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

ئابلىكىم ھەسەن



# كونا تۈمەنزىنى «جىن» ھر

(چۆچەك)

ئالىپتېكىننىڭ ئاپئاق يۇزلىرى سەھرا شامىلىدا قارىداپ، ئوت مەڭزىگە ئاپتاپ تەم-رەتكىسى چۈشتى. نازۇك بىلىكى تومىلىشىپ بۇلجۇڭ گۆشلىرى بۆرتۈپ، خېلىلا كۈچلۈك باللار قاتارىغا كىرىپ قالدى. شۇڭا، ئۇنى «شەلىك *، قوڭى تەرلىك» دەپ زاڭلىق قى-لىدىغان باللار ئەمدى ئانچە يەكلىمەيدىغان بولۇشتى. قوغلاشماق ئويىنىغاندا ھېچكىم ئۇ-نىڭغا يېتىشەلمەيتتى. ئۇ سوقما تام تۆپىسىدە غۇلاچ كېرىپ يۈگۈرىدىغان بولسا، چوڭ ئايال-لار قورقۇپ: «سۇبھاناللا، مۇشۇكمۇ بۇ!» دەپ ياقىسىنى چىشلەپ قالاتتى. ئالىپتېكىننىڭ يۈرىكىدە يېزا باللىرىدىن ئۆزىنى ئاجىز چاغ-لايدىغان بۇرۇنقى ئەيمىنىشلىرى يوقاپ، ئۇلارنى بېسىپ چۈشىدىغان بىر قەھرىمانغا ئايلىنىش ئىستىكى ئۇلغايدى.

* شەلىك — شەھەرلىك دېمەكچى.

—مەھەللىدىكى بالىلارنى مۇسابىقىگە تەشكىللەيلى. بىرىنچى، ئىككىنچى بولغانلارنى پۇل يىغىش قىلىپ مۇكاپاتلايلى، — دېدى ئالىپتېكىن بالىلارغا.

شۇنىڭ بىلەن مەھەللىدىكى تەڭتۇش بالىلار تولۇق يىغىلىپ مۇسابىقىلەشتى. ئۆستەڭگە سەكرەش، دەرەخقە يامىشىش، پاكار تامدىن ئاتلاش، سۇغا باش چۆكۈرۈش، يىراققا تاش ئېتىش، دۆڭگە يامىشىش، چېلىشىش قاتارلىق تۈرلەر بويىچە كەسكىن تاللاش ئېلىپ بېرىلدى. ئالىپتېكىن تۆت تۈردە چېمپىيون بولدى. ئەمما ئۇ بۇنىڭدىن مەغرۇرلىنىپ كۆرەڭلەپ كەتمىدى. شۇڭىمۇ بالىلار ئۇنى ياقتۇرۇپ قالدى.

—ئالىپتېكىن شەھەردە چوڭ بولغان بىلەن، دادىسى بىزنىڭ يېزىدا چوڭ بولغان، بوۋىسى مەھەللىمىزدىكى ئاقساقال، شۇڭا ئۇ شەلىك ئەمەس، مۇشۇ يەرلىك، — دېدى غاپپار دېگەن ئۇزۇنتۇرا بالا، — ئۇ بىز دېمەت بالىلارنىڭ يىگىتۇېشى بولسۇن.

ئەمما، بىر مۇنچە بالا بۇ پىكىرگە قارشى چىقتى.

—مۇشتلىششقا كەلگەندە ھېچكىم بىزنىڭ غەيۇرنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇ غەيۇر بىلەن مۇشتلىشىپ يېڭىۋالىسا، ئاندىن يىگىتۇېشى بولسا بولسۇن، — دېيىشتى ئۇلار.

—ئاكاڭنىڭ مۇشتۇمى بازغان جۇمۇ، — غەيۇر يوغان مۇشتۇمىنى تۈگۈپ بالىلارغا كۆرسەتتى، —ھۆرۈ - پۆرۈ دەيدىغانلىرىڭ بولسا، قېنى كېلىشە.

غەيۇرنىڭ يېنىدىكى زىكرى ئىسىملىك ۋىجىك بالا ئالىپتېكىنگە:

—ئالىپتېكىن، سەن بىنەملىكتىن يىلان تۇتالامسەن؟ ئاق يەرنىڭ يىلىنى ئەڭ زەھەرلىك، چاقسا شۇ زامان جاننى ئالىدۇ. مانا بىزنىڭ غەيۇر يىلان تۇتۇشنىڭ پىرى، — دېدى.

بالىلارنىڭ چىرايىنى قورقۇنچ باستى. غەيۇر تېخىمۇ سۇر پەيدا قىلىپ يەردىن داڭگال ئېلىپ ھەدەپ مۇشتۇمى بىلەن ئۇۋۇتاتتى؛ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، بارماقلىرىدىن «قارس» چىقىراتتى. ئالىپتېكىنمۇ بوش كەلمىدى.

—«بىلىكى كۈچلۈك بىرنى يېڭەر، بىلىمى كۈچلۈك مىڭنى يېڭەر» دېگەن ماقالنى ئاڭلىغانمۇسىلەر؟ —دېدى ئۇ زىكرىگە.

—ئۇ دېگەن شەلىكنىڭ گېپى.

بۇ گەپ بىلەن بالىلار پاراقىچە كۈلۈپ كەتتى.

—كۈچى يوقنىڭ گېپى.

—تۈلكىنىڭ گېپى.

—ھا... ھا... ھا...

ئارىدىكى بايىقى جىددىيلىك پەسىيىپ قالغانىدى.

—ئىشقىلىپ، —دېدى ئالىپتېكىن، — مەن بىرەرسى بىلەن بىكاردىن بىكارغا سوقۇشمايمەن. يا مېنىڭ غەيۇردا ئۆچۈم بولمىسا، بولدى، يىگىتۇېشىلىكنى غەيۇر قىلىۋەرسۇن.

—ماڭا ۋاي پاخ - پاخ! — غاپپار ئالىپتېكىنگە ۋارقىرىدى، — بىز سېنى سوقۇش دېمىدۇق، مۇشتلاش دەۋاتىمىز. بۇمۇ مۇسابىقە، شۇنداقمۇ بالىلار؟

—شۇنداق، شۇنداق! — تەڭ تۇۋلاشتى بالىلار ھىجايغىنىچە. ئۇلارنىڭ بۇ ئىككىسىنى سوقۇشتۇرۇپ قويۇپ تازا خۇمارىنى چىقارغۇسى بار ئىدى. بۇ يەردە قىرىلارمۇ كىچىكلەرنى سوقۇشقا سېلىپ قويۇپ تاماشىسىنى كۆرەتتى. بىرەر كىم ئۇلارنىڭ جېدىلىنى ئايرىماقچى بولسا، «قويەۋۈي، بىر ئوبدان سوقۇشۇۋاتسا، نېمە قىلىسەن ئاجرىتىپ» دەپ كايىپ كېتەتتى.

— ئوغۇل بالا دېگەن باتۇر، قورقۇمسىز بولىدۇ، — دېدى زىكرى ئىنچىكە ئاۋازىنى كۆچەپ يۇقىرىلىتىپ، — يىگىتۇېشى دېگەن 30 ئوغۇلنىڭ ئەڭ باتۇرى بولۇشى كېرەك - تە.

—ئوغۇل بالىنىڭ قانداقلىقىنى بىزگە

چۈشەندۈرۈپ كەتكىنىڭنى قارا، — دېدى غە-
يۇر ئۇنىڭ ئىشكىنى كۆرسەتكەچ بارمىقىدا
ئىلىپ، —كېچىدە تالاغا چىقالمايدىغان ئەل-
لەيغۇسەن.

—زىكرىنىڭ كۆرپىسىنى ئاپىسى يۇماي-
دۇ، ئاپتاپقىمۇ قاقلىمايدۇ، — دېدى چىرايى
سەپكۈن، چىشلىرى رەتسىز مەرغۇپ ئىسمە-
لىك بالا ھەيبارلىق قىلىپ، — نىمىشقا دەم-
سىلەر؟ زىكرى دېگەن ئورنىغا سىيىپ ياتىد-
غان تۇرسا!

باللار قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. زىكرى
قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى.

—ئۇنداق ئەمەس، كۆرپەمنى بىر قېتىم
ئاپتاپقا يايغان... — دېدى زىكرى دۇدۇقلاپ.

—ھە - ھە، نىمىشقا يايغان؟ — باللار
ئالدىراپ سوراشتى.

—ئورنۇمغا سىيىپ قويغاچقا.

—ۋەيت! —باللار كۈلكىدىن ئۆزلىرىنى
يەرگە تاشلىۋېتىشتى، — ھا... ھا... ھا!

باللار خىلىغىچە كۈلۈپ، ئاندىن ئۆھ
دېيىشتى. بەزى باللارنىڭ تېلىقىپ كۈلۈپ
كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتكەندى.

— خەپشۇك، باللار، — مەرغۇپ بالد-
لارغا كۆزنى چىمچىقلىتىپ، قويۇپ، زىكرى-
دىن كوچىلاپ سورىدى، — ئورنۇڭغا نىمىش-
قا سىيىپ قويىدۇڭ؟

— بۇ چۈشۈمدە بولغان ئىش.

باللار ئۇنىڭ ئالدىغا دۈررىدە يىغىلىپ،
ئاغزىغا قاراشتى.

— شۇ كۈنى كېچىدە چۈش كۆرۈپتى-
مەن. چۈشۈمدە غەيۇر، غاپپار، يەنە سەنمۇ بار،
—دېدى زىكرى مەرغۇپقا قاراپ قويۇپ،—
بەشەيلەن تىلىۋالدى ھاجىملارنىڭ ئۆگزىسىگە
چىقىپ، قۇرۇت ئوغرىلىغىلى ئارغامچا بىلەن
تۆگلۈكتىن ئۆيگە چۈشۈپتۇق. غەيۇر ئىككە-
مىز يانچۇقىمىزغا، قويىنلىرىمىزغا قۇرۇت
دېگەننى تازا تولدۇردۇق. شۇنىڭ بىلەن باشتا
مەرغۇپ ئارغامچىغا يامىشىپ ئۆگزىگە چىقد-
ۋالدى. ئاندىن مەن ئارغامچىغا ئېسىلدىم. تو-
رۇسقا يېقىن كەلگەندە باللار قولۇمدىن تۇتتى.
شۇ ۋاقىتتا بىر نەرسە پۇتۇمدىن تارتقاندەك قىل-
دى. قارىسام، تىلىۋالدى ھاجىم پۇتۇمدىن تۇتۇ-
ۋاپتۇ: «ۋوي، ھايۋانلار، پاچىقىڭنى چېقىپ، دا-
داڭغا تاشلاپ بەرمىسەم، خەپ!» دەپ پۇتۇمدىن
ھەدەپ تارتىۋاتقۇدەك. باللارمۇ قولۇمدىن يۇقد-
رىغا تارتىۋاتقۇدەك. «ۋاي، باللار، قويۇۋېتىڭلار!
قولۇم ئۈزۈلۈپ كېتەي دېدى، چىدىمىدىم!» دەپ
ۋارقىراۋاتقۇدەكمەن. مۇشۇ ۋاقىتتا، مەرغۇپ:
«تىلىۋالدى ئاكامنىڭ بېشىغا سىيۇەت، قويۇ-
ۋېتىدۇ!» دېگۈدەك. شۇنىڭ بىلەن، مەرغۇپنىڭ
كۆرسەتكەن ئەقلى بويىچە جىڭغاپ سىيىۋەت-
تىم. بىر چاغدا تېگىم ھۆل، بىئارام بولۇپ ئويد-
غىنىپ كېتىپتىمەن. ئەتىسى ئاپام مېنى «ھو
سىيگەك» دەپ تىللاپ كەتتى.

باللار يەرگە شاپىلاقلاپ، بىر - بىرىنى
مۇشتلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. مەرغۇپ بولسا
كۈلۈپ يەردە دومىلاپ كەتكەندى.

— ھەممىنى قىلغان مەرغۇپ دېگەن
ھىيلىگەر، — دېدى زىكرى، — چۈشۈمدىمۇ
مېنى ئالدايدۇ.

باللار مەرغۇپقا قاراپ كۈلۈشتى.

— بولدى، بۇ گەپنى قويۇپ، كىمنى
يىگىتۋېشى قىلىسىلەر؟ — دېدى غەيۇر ئۇ-
لارنىڭ كۈلكىسىنى توختىتىپ.

— ئەلۋەتتە، ئەڭ باتۇرنى تاللايمىز-
دە، — دېدى غاپپار، — قېنى، قايسىڭلار
تۆگمەندە بىر كېچە تۈنىيەلىسەڭلار، شۇنى
باشچىمىز سايلايمىز.

باللار جىمىپ كېتىشتى. غەيۇرمۇ باياد-
قى ھۇرپىيىگەن ھالىتىدىن بوشاپ كەتتى. ئۇ
خۇددى ئۆزىدىن يامان رەقىبىنى تۇيۇقسىز
ئۇچرىتىپ قالغان خورازدەك تويتىن سۇغۇرۇ-
لۇپ، ئۆيى تەرەپكە كەتمەكچى بولدى.

— نىمە بولدۇڭ، غەيۇر، قۇيرۇقۇڭنى



www.uyghurkitap.com

قىسسۇالدىڭغۇ؟ — دېيىشتى باللار ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ.

— ئالىپتېكىن تۇگمەندە بىر كېچە قونالىسا، بولدى يىگىتۋېشى شۇ بولسۇن، مېنىڭ ئۇ يەردە ياتىدىغانغا ئۈنچىلىك يۈرىكىم يوق.

باللار ئالىپتېكىنگە قاراشتى. تۇگمەندىنمۇ قورقامدۇ، ئۇ دېگەن ئۇن تارتىدىغان يەرغۇ، دەپ ئويلىدى ئالىپتېكىن.

— قونسام قوندۇم، بۇنىڭدەك ئاسان ئىش بولامدۇ، — دېدى ئالىپتېكىن.

— راستىما؟ — دېدى غاپپار، — قونمىساڭمۇ زورلىمايمىز جۇمۇ، بىكار بىر ئىش بوپ قالسا بىزدىن كۆرمە.

— ياقەي، بۇگۈنلا بېرىپ تۇگمەندە ياتىمەن.

غەيۇر ئالىپتېكىننىڭ ئالدىغا كەلدى.

— گېپىڭ گەپ ھە؟ — غەيۇر ئوڭ قولىنى ئالىپتېكىنگە ئۇزاتتى. ئالىپتېكىن ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى:

— ھەئە، گېپىم گەپ.

غەيۇر ئالىپتېكىننىڭ، ئالىپتېكىن ئۇنىڭ قولىنى سىقتى. غەيۇر ھەقىقەتەنمۇ كۈچلۈك بالا ئىدى. ئۇ ئالىپتېكىننىڭ قولىنى ئامبۇردەك قىسىپ ئاغرىتىۋەتتى.

— غەيۇر دېگەندە قارا كۈچ بار، — دېدى زىكرى غەيۇرغا ھەۋەسلىنىپ، — پادا باققان ۋاقتىدا يىلاندىن بىرنى پىشۇرۇپ يەپ قويۇپ، يۈرىكى قىزىپ كېتىپ، بىر كېچە ئۆستەڭدىكى سۇغا چىلىنىپ چىققان. شۇڭا قىشتىمۇ سوغۇق سۇدا يۇيۇنىدۇ ئەمەسمۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى غەيۇر باللارغا، — خۇپتەندىن بۇرۇن مەھەللە بېشىغا يىغىلىڭلار.

* *

مەھەللىنىڭ سىرتىدا بىر كونا تۇگمەن بار ئىدى. تۇگمەن تاغدىن كەلگەن بىر ئۆستەڭ سۇنىڭ دەل شارقىراپ چۈشىدىغان باغرىغا ياسالغان بولۇپ، سۇنىڭ كۈچى بىلەن چاقپەلەك ئايلىنىپ تۇگمەن تېشىنى چۆرگىلىتەتتى. بۇغداي، قوناق دانلىرى ئىككى تاش ئارىسىدا ئۇۋۇلۇپ ئۇنغا ئايلىناتتى. ئۆتكەندە ئالىپتېكىن بوۋىسىنىڭ ئېتىغا مىنىپ بۇ يەرگە كەلگەن، ئۇ ئۇن تارتقاچ تۇگمەننى سەيلە قىلغان. سۇنىڭ نوردىن شارقىراپ چۈشۈشلىرى، تۇگمەن تېشىنىڭ گۈلدۈرمامىدەك گۈلدۈرلەشلىرى، ئەلگەكنىڭ خۇددى جېنى باردەك



توختىماي ئۇن تاسقاشلىرى، ئاپئاق ئۇنىڭ قاردەك توزۇشلىرى ئالىپتېكىندە ئەرشكە بېرىپ قالغاندەك تۇيغۇ پەيدا قىلغانىدى. ئۇ ئەرشتە پەرشتىلەرنىڭ تۆت پەسىلدىكى قار-يامغۇر، چاقماق، بورانلارنى باشقۇرىدىغان ئۆيى بارمىش دەپ ئاڭلىغانىدى. ئۇ تۇگمەن ئالدىدا خىزىردەك ئۇزۇن ساقال بوۋايلارنى، دۇندەك زور ئادەملەرنى، بىر قۇلىقىنى ئېتىۋېلىپ، تۇگمەن جابدۇقلىرىدەك لىڭشىپ سىرلىق قىسىلەر-

نى سۆزلەيدىغان ئۆزۈن چاچ دەرۋىشلەرنى كۆرگەن ئىدى...

ئالپىتېكىن تۇگمەن بېشىغا كەلدى. ئۇ مومىسىدىن: «بۇگۈن دوستلىرىم بىلەن تونەك ئوينايمىز» دەپ رۇخسەت ئالغانىدى. باللار ئۇنى تۇگمەن پەنجىرىسىدىن تۇگمەن ئىچىگە كىرگۈزۈۋېتىپ كېتىپ قالدى. تۇگمەنگە بارىدىغان مەھەللە دوقمۇشىدا بىر قانچە بالا قېلىپ، ئالپىتېكىننى كېچىچە كۆزىتىپ ياتىدىغان بولدى.

بۇگۈن تۇگمەن بەكلا چۆلدەرەپ قالغانىدى. بەلكىم بۇ يىلقى قۇرغاقچىلىقنىڭ كاساپىتىدىن بولسا كېرەك. چاقپەلەكنى چۆرگىلىتىدىغان ئۆزۈككىنە سۇ بولمىغاچقا، تۇگمەن تېشى چۆرگىلەشتىن قالغان. ئۆي ئىچى ئاي يورۇقىدا غۇۋا يورۇپ تۇراتتى. قاراڭغۇ بۇلۇڭلاردىن چاشقانلارنىڭ چىرىلداشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئالپىتېكىننىڭ بۇرنىغا توزۇندىلار كىرىپ، بۇرنى قىچىشىپ نەچچە رەت چۈشكۈرۈۋەتتى. كۆزلىرىمۇ سەل قىچىشتى. خېلى ئۇزاقتىن كېيىن، كۆزى قاراڭغۇلۇققا كۆنۈپ، تۇگمەن ئىچى بارا-بارا ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئالپىتېكىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىگە ياتىدىغان ئەپلىك جاي ئىزدىدى. ئۇ بىر ساندۇق ئىچىدىن تۇگمەنچىنىڭ كۆرپە ۋە ياستۇقىنى تاپتى. سۇكەن ئىچىگە مۆكۈنۈپ ياتاي، ئەتە باللار مېنى تاپالماي، «بۇ قورقۇنچاق قېچىپ كېتىپتۇ-دە» دېيىشىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز بېشىمنى چىقىرىپ ۋارقىراپ، ئۇلارنى بىر قورقۇتۇۋېتەي، ئالپىتېكىن بۇ ئويىدىن سۆيۈنۈپ تۇگمەن تېشى ئۈستىدىكى سۇكەنگە تۇۋرۇك بىلەن يامىشىپ چىقىپ، ئىچىگە كىردى-دە، تېگىگە كۆرپە سېلىپ ياستۇقنى دۈمبىسىگە قويۇپ يۆلەندى.

ئالپىتېكىن بېشىدىكى ئۇن يۇقۇشقان ئاق ئۆمۈچۈك تورىنى ئېلىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز تۇگمەن ئىچىدە «شاراق-شۇرۇق» قىلغان ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇ پەسكە ئېڭىشتى. تۇگمەنگە بىر نەچچە مۆشۈك كىرىپ كەلگەنىدى.

— ئۇھ، ۋايەي، داۋۇت تاقىچىنىڭ سوكال ئىتى بىزنى ئەجەب بوزەك ئەتتا. مۆشۈ يەرگىچە قوغلاپ كەلدى دېسە، — دېدى بىر مۆشۈك ئادەملەردەك سۆزلەپ. بۇ مۆشۈكنىڭ تىللاۋاتقىنى ئالپىتېكىنلەرنىڭ ئىتى ئىدى. ھەي، مەن چۈش كۆرمەيۋاتقاندىمەن؟ يا ئۇيقۇچىلىقتا قۇلىقىمغا شۇنداق ئاڭلىنىپ كەتكەنمىدۇ؟ مۆشۈكمۇ گەپ قىلالامدۇ!؟ ھېچقانداق ھايۋان ئادەملەردەك سۆزلىيەلمەيدىغان تۇرسا! ئالپىتېكىن مۆشۈلارنى ئويلاپ تۇرۇشىغا، مۆشۈكلەر پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى:

— يۇقىرىقى مەھەللىدىكى خېلىچىخان دېگەن موماينى بىلەمسىلەر؟

— قايسىسى، ھېلىقى سالاھىدىن مەشچىنىڭ ئاپىسىمۇ؟

— ياق، ھېلىقى يالغۇز موماي چۇ. ئۇ موماي بىر يىل بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەنىدى. خەققە دېمەي 10 مىڭ سومدەك پۇل يىغىپ تورۇسقا تىقىپ قويۇپتىكەن. پۇلى شۇ تورۇستا ھازىرغىچە تۇرىدۇ.

— ئۇ پۇلنى ئېلىپ، ئامېرىكىغا كەتمەيلىمۇ دوستلار، — دېدى بىر ئاق مۆشۈك، — ئۇ يەردە مۆشۈكلەر ئادەملەردەك بىنا ئۆيلەردە تۇرىدىكەن، تېخى ماشىنىلىرىمۇ باركەن.

— ۋاھ، قالتىسقۇ، كېلەر پەيشەنبە يولغا چىقايلى ئۇنداق بولسا، — دېدى سېمىزلىكىدىن تۇلۇمچاشقانغا ئوخشاپ قالغان بىر قارا مۆشۈك قۇيرۇقىنى ئاران شىپاڭلىتىپ.

ئالپىتېكىن ئۇلارنى «ئەجەبمۇ ساددا مۆشۈكلەركەن» دەپ ئىچىدە كۈلۈپ تۇرۇشىغا:

— ئۇ دېگەن، ئادەم باللىرىنى قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەنگەن كىنودىكى ساختا مۆشۈكلەر. ھەممىسى كومپيۇتېر تېخنىكىسىدا سىزىپ چىقىلغان رەسىم. جاھاندىكى ھەممە مۆشۈكنىڭ تۇرمۇشى ئوخشاش.

مۇشۇك تائىپىسى جاھاننىڭ قەيېرىدە بولسۇن، چاشقان تۇتۇپ، ئادەملەرگە خۇشامەت قىلىپ ياشايدۇ، —دېدى ئاقساپ ماڭىدىغان بىر قېرى مۇشۇك چىڭقىلىپ سۆزلەپ.

— سىزگۇ دانىشمەن بوۋاي، — دېدى ھېلىقى ئاق مۇشۇك، — بىراق ئۇ پۇلنى ئادەملەر ئۇقمىسا، بىكاردىن بىكارغا چاشقانلار غاجىلاپ يوقىتىدۇ دەڭا.

— ئۇنداق بولسا، مېنىڭ ئىگەمنىڭ قىزى سەلىمە دوختۇرخانىدا ئاغرىپ ياتىدۇ، شۇ پۇلنى ئىگەمنىڭ ئىشىكى ئالدىغا تاشلاپ قوياي، — دېدى سېمىز مۇشۇك.

— سەلىمەنىڭ كېسىلىنى دوختۇرلار تاپالمايدۇ. ئۇنىڭ ئەينەك قاچىدا باققان بىر جۈپ ئالتۇن بېلىقى بار ئىدى. ئاڭلىسام بۇ بېلىقلارنى سەن ئوغرىلىقچە يەۋاپسەنغۇ! سەلىمە شۇ بېلىقلىرىنىڭ دەردىدە ئۈچ ئاغرىقى تارتىپ تاماقتىن قالدى. ئۇنىڭدىكى كېسەل ئازاب كېسىلى. خەپ-خەپ، سېنىڭ ئاچ پاقىلىقىڭنى داۋالايدىغان بىرەر دورا ياسىمىسام بولمىدى، — دېدى قېرى مۇشۇك سېمىز مۇشۇكنى ئەيىبلەپ.

— ئەسسالام ئەلەيكۇم!

پەنجىرىدىن تاغىل بىر مۇشۇك سەكرەپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! كېچىكتىڭغۇ توختى قالپاق؟

— موللا مولۇنكامنىڭ قېشىغا بېرىپ كەلدىم، — دېدى توختى قالپاق ئىسىملىك تاغىل مۇشۇك.

— تاغدىكى مولۇن دوستلىرىمىز ياخشى تۇرۇۋېتىمۇ؟

— ھەئە، موللا مولۇنكام ھەممىڭلارغا سالام ئېيتتى ھەم بىر شۇم خەۋەرنى سىلەرگە دەرھال يەتكۈزۈشۈمنى تاپشۇردى.

— نېمە شۇم خەۋەر؟ — مۇشۇكلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى.



— ھازىر تاغدا قاتتىق يامغۇر يېغىۋاتىدۇ. ئەتە سەھەردە بۇ تەرەپلەرگە قىيان كەلگۈدەك. بۇ قېتىم قىيان ناھايىتى دەھشەتلىك كېلەرمىش. مۇشۇ توگمەننى ئۆرۈپ، ساي ئىچىدىكى ئۆيلەرنى ئېقىتىپ كېتىدىكەن. شۇڭا سىلەرنى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ھامان مەھەللە تەرەپكە كەتسۇن، دەيدۇ.

مۇشۇكلەر دەرھال قېرى مۇشۇككە تىكىلىشتى.

— بۇنداق مۇھىم ئىشنى بىزگە ۋاقتىدا يەتكۈزگەنلىكىڭگە رەھمەت، بالام. بىراق بىزغۇ مەھەللە تەرەپكە كېتەرمىز. ساي ئىچىگە ئۆي سېلىۋالغان بىر نەچچە ئائىلىلىك ئادەم بار. ئۇلارنى قانداق قىلىمىز؟

باشقا مۇشۈكلەر مۈرىسىنى قىسىشتى:

— ھەي، نېمە ئامال؟ ئادەمزات تۇغمەندىلا بىزنىڭ گېپىمىزنى چۈشىنەلەيدۇ. بىراق ئادەملەر كېچىدە تۇگمەندە جىن بار دەپ قورقۇپ تۇگمەنگە كىرەلمەيدىكەن.

ئالىپتېكىن بۇ گەپتىن باللارنىڭ نېمىشقا ئۇنى تۇگمەندە تۇنەشكە كۈشكۈرتۈپ قويۇپ ئۆزلىرىنى ئەپقاچقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلدى.

— ئادەم دېگەن ئاجايىپ خۇراپىي مەخلۇق ـ تە، —دېدى ئاق مۇشۈك، — بىزنىمۇ كېچىسى جىنغا ئايلىنىدۇ، دەپ قورقىدۇ ئەمەسمۇ.

— ئۇنداق بولسا، سايدىكى ئۈچ ئائىلىنى ھەممەيلەن بېرىپ تەڭ مىياۋلاپ قورقۇتۇپ ئويغىتايلى. بىز مىياۋلىغاندىن كېين ئىتلار چوقۇم ھاۋشىيدۇ. بۇنىڭ بىلەن كالا ـ قويلارمۇ قورقۇپ مۆرەپ ـ مەرەپ كېتىشىدۇ. ئېشەكلەرمۇ ھاڭراپ، توخۇلار قوقۇقلىشىپ كەتسە، ئادەملەر چوقۇم بىر شۇملۇقنى سېزىدۇ،— دېدى قىرى مۇشۈك.

— جۇرۇڭلار، شۇنداق قىلايلى!

مۇشۈكلەر قېرى مۇشۈكنىڭ ئارقىسىدىن ئۆرتۆپە بولۇشقانچە تۇگمەندىن چىقىپ كېتىشتى. تۇگمەن ئىچى ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان جىمجىتلىققا چۆمدى. بۇ يەردە ئەمدى چاشقانلارنىڭ كىترلاشلىرىمۇ يوقىغانىدى. ئالىپتېكىننىڭ كۆز ئالدىغا ئەتىكى دەھشەتلىك كەلكۈن كېلىۋالدى. ساپسېرىق كەلكۈن سۇلىرى ياغاچ ـ تاشلارنى دومىلاتقانچە تۇگمەننى ئۆرۈپ، سايدىكى ئۆيلەرنى كۆمپەيكۈم قىلىۋېتىدۇ؛ ئادەملەر، ماللار سۇ ئاستىغا غەرق بولۇپ ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ؛ مەھەللىدىكى ئادەملەر ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىپ ھازا ئاچىدۇ، مەھەللە ئىچىنى يىغا ـ زار قاپلايدۇ. . .

ئالىپتېكىن سۇكەندىن ئىرغىپ چىقتى ـ دە، پەنجىرىگە يامىشىپ، تالاغا پۇتىنى ئالدى.

ئۇ يۈگۈرۈپ مەھەللە بېشىغا باردى. ئۇنى كۆزەت قىلىپ ياتقان غەيۇر، غاپپار، زىكرىلەر سىدە ئاستىدىكى كەڭ سۇپىدا ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئالىپتېكىن ئۇلارنى تۇرتۇپ ئويغاتتى.

—ۋۇي، قېچىپ كەپسەنغۇ؟ ئارقاڭغا جىنلارنى ئەگەشتۇرۇپ كەلمىگەنسەن؟ — دېدى زىكرى كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، — يىگىتۋېشىلىك قىلمايدىغان بولدۇڭما؟

— ئىشقىلىپ ساق كەپسەن، — دېدى غەيۇر ئۇنىڭ مۈرىسىگە پەپىلەپ، — ھەر ھالدا خېلى يۈرىكىڭ باركەن. مەن ساڭا قايىل بولدۇم.

— بولدى، بۇ گەپلەرنى ئەتە دېيىشەيلى. سايغا قىيان كەلگۈدەك! — دېدى ئالىپتېكىن گەپنىڭ نەق يېرىنى دەپ.

— قۇرغاقچىلىقتىن يەرلەر گەز باغلاپ كەتتى. تەتۈر گەپقۇ بۇ، — باللار ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمىدى.

— قەسەم قىلىپ بېرەي، مەن سىلەرگە قاچان يالغان گەپ قىلغان؟!

ئالىپتېكىن مۇشۈكلەرنىڭ پارىڭىنى ئەينەن دەپ بەرمەكچى بولۇپ ئىككىلىنىپ قالدى. بۇ خەۋەرنى مۇشۈكلەردىن ئاڭلىدىم دېسەم، بۇلار ماڭا «جىن چاپلىشىپتۇ» دەپ ئويلاپ قالىدۇ.

— مەن «يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن» دېگەن كىتابنى ئوقۇغان. كىتابتىكى كەلكۈن ھەققىدىكى بايانلاردا ھايۋانلارنىڭ ئۆركۈشلىرى يېزىلغان. ئىشەنمىسەڭلار بىردەمدىن كېيىن ساي تەرەپتە ھايۋانلار پاتپاراق بولۇپ كېتىدۇ. ئەتە سەھەردە كەلكۈن كېلىدۇ. سايدىكى ئادەملەرنى بۇ يەرگە ئەكىلىۋالايلى.

— گېپىڭ راست بولسا، قېنى، بىر دەم ساقلايلى، — دېدى غاپپار. بۇ گەپكە باشقا باللارمۇ قوشۇلدى.

باللار ساي تەرەپتىن كېلىدىغان شەپىنى ساقلاپ يېرىم سائەتچە كۈتتى. بىراق ھەممە ئىش ئاۋۋالقىدەك نورمال ھالەتتە ئىدى.

— ئالىم دوستۇم، — دېدى غاپپار ئالىپتېكىنگە تەنە قىلىپ، — بولدى، ئەمدى

ئۆيگە قايتايلى.

ئالپتېكىن تۆگمەندىكى گەپلەرنى چۈشۈم بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ ئۇھ تارتتى.

باللار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، كىيىملىرىدىكى توپىلىرىنى قاقتى.

— مېنىڭ يانپىشىمدىكى توپىنى ئالپتېكىن قاقسۇن، — دېدى غەيۇر ئالپتېكىننىڭ قېشىغا يېقىن كېلىپ، — بولمىسا ئۇنى جازالايمىز.

— مەيلى، مېنى جازالاڭلار.

باللار ئۇنى ساي تەرەپكە سۆرەپ ماڭدى.

— ئۇ تەرەپكە كۆلچەك بار. كۆلچەككە تاشلاپ ئۇيقۇڭنى ئېچىپ قويايلى، — دېيىشتى باللار.

باللار ئالپتېكىننى پەسكە سۆرەپ كېتىۋاتقاندا، بىردىن مۇشۇكلەرنىڭ مياۋلىشى بىر توپ بوۋاقنىڭ يىغىسىدەك ياڭراپ كەتتى. ئارقىدىن ئىتلار هاۋشىپ، ئاتلار كىشنەپ، ئېشەكلەر هاڭراپ، كالا - قويلارمۇ مۆرەپ - مەرەپ كېتىشتى.

— باللار، قىيامەت بولمىغاندۇ؟ — دەپ ئەنسىز تۇۋلىۋەتتى زىكرى.

باللارقورقۇمسىراپ ئالپتېكىنگەقاراشتى.

— سايدىكى ئادەملەرنى ئويغىتىپ، مەهەللىگە ئېلىپ كېتەيلى! — دېدى ئالپتېكىن ناهايىتى كەسكىن ئاۋازدا.

باللار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ساي تەرەپكە چېپىشتى...

* *

شۇنداق قىلىپ ساي ئىچىدىكى ئۈچ ئائىلىلىك — 14 جان ئادەم هەم ئۇلارنىڭ مال - چارۋىلىرى تاغدىكى كەلكۈندىن ئامان قالدى.

— جان بولسا جاهان، ئاش بولسا قازان بار. سۇدا ۋەيران بولغان ئۆيلىرىڭلارنى ئەل - جامائەت قول - قولچە ئوڭشاپ بېرىمىز، — دېدى مەهەللە ئاقساقاللىرى ئۇلارغا تەسەللى بېرىپ.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، كەنت باشلىقى ئۇلارنى كەنت ئىشخانىسىغا چاقىردى.

— كۆردۈڭلارمۇ ماۋۇ بىر تۇتام پۇلنى، ئۆز ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمايدىغان بىر موماي ئىشخانامغا بىر پارچە خەت بىلەن تاشلاپ قويۇپتۇ. بۇ مېهرىبان ئانىمىز ئۆيى كەلكۈندە ۋەيران بولغان ئائىلىلەرگە 10 مىڭ سوم ئىئانە قىپتۇ. ئەمدى سىلەر تالادا قالمايدىغان بولدۇڭلار!

ئاپەتكە ئۇچرىغان ئۈچ ئائىلىلىك كىشىلەر كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى.

* *

ئالپتېكىن ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى يېزا دوختۇرخانىسىغا كەلدى. ئۇلار سەلىمەنى يوقلاپ كەلگەنىدى.

— بىز ئۆتكەندە ئۆيىڭىزگە كىرىپ، بېلىقلىرىڭىزنى ئوغرىلىقچە ئەكەتكەن ئەسكى باللار. بۈگۈن بىز بېلىقلىرىڭىزنى قايتۇرۇپ بەرگىلى كەلدۇق، — دېدى ئالپتېكىن باللار بىلەن كېلىشكىنى بويىچە يالغاندىن گەپ ياساپ.

باللار ئىككى جۈپ ئالتۇنبېلىق سېلىنغان ئەينەك قاچىنى سەلىمەگە ئۇزاتتى.

— مېنىڭ يىتكەن بېلىقىم بىر جۈپ ئىدى. ئەمدى ئىككى جۈپ بولۇپ قاپتىغۇ؟ — دېدى سەلىمە كېسەل كارىۋىتىدىن يەرگە يەڭگىل سەكرەپ چۈشۈپ.

— يەنە بىر جۈپ بىزنىڭ سىزگە بولغان كۆڭۈل سوۋغىمىز.

سەلىمە ئەينەك قاچىنى قوش قوللاپ ئېلىپ دەرهال يۈرىكىگە ياقتى.

— هاي، ئاۋايلاڭ، سۈيى تۆكۈلۈپ كېتىدۇ! — دەپ چۇرقىراشتى باللار.

*(ئاپتور شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىدا)*

مۇھەررىر قاھار نىياز



ئاينىسا نايۇپ

# ئەدەبىياتتا بايان دۇچ كەلگەن كرىزىس ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش يوللىرى

ئون توققۇزىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرى، يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەدەبىياتتا بولۇپمۇ
پروزا ساھەسىدە كرىزىس كۆرۈلۈشكە باشلىدى. نۇرغۇن كىشىلەر پروزىنىڭ ئىستىقبالىدىن قاتـ
تىق ئۈمىدسىزلىنىپ، پروزا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ شاھانە ئوردىسىدىن بىردىنلا ھەيدەپ
چىقىرىلىش تەقدىرىگە دۇچ كېلىدۇ دەپ قاراشتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە پروزىنىڭ ئىنسانىيەت دۇنـ
ياسىدىن يوقىلىشى پەقەت ۋاقىت مەسىلىسىدىنلا ئىبارەت ئىدى. ئۇلار پروزا پەقەتلا دۇنيانىڭ بۇـ
لۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدىكى مەدەنىيىتى ئارقىدا قالغان جايلاردا بىر مەزگىل مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالاـ
لايدۇ، تەرەققىي قىلغان ئەللەردە بولسا كۇنسېرى ئىستېمالدىن قالىدۇ، كىشىلەرنىڭ پروزىغا
ئېھتىياجى چۈشمەس بولۇپ كېتىدۇ دەپ قاراشتى. كىشىلەرنىڭ بۇ خىل ئەندىشىسىنى كەلتۈرۈپ
چىقارغان نەرسە دەل كىنونىڭ ئىختىرا قىلىنىپ دۇنياغا تېزلىكتە يامرىشى بولۇپ، بۇ يېڭىچە
سەنئەت شەكلى بىردىنلا كىشىلەرنىڭ دىققەت نۇقتىسىغا ئايلىنىپ ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە تەـ
رەققىيات ئىستىقبالى كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. كىشىلەرنىڭ پروزىنىڭ ئىستىقبالىدىن بۇنداق
ئەنسىرىشى، شۇنىڭدىن سەللا ئاۋۋال پەيدا بولغان رەسساملىقتىن ئەنسىرەشكە ئوخشاپ كېتەتتى.
ئەمەلىيەتتە فوتو ئاپپاراتىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى كىشىلەر پەرەز قىلغاندەك رەسىم سەنئىتىگە ھالاـ
كەت ئېلىپ كەلمەستىن، بەلكى ئۇنى ئىلگىرىكى تارىخىي دەۋرلەردە بولۇپ باقمىغان تەرەققىياتـ
لارغا ئېرىشتۈردى. كىشىلەر مەنزىرە ۋە ئادەملەرنىڭ پورترېتىنى فوتو ئاپپارات بىلەن ئۆز ئەينى
تارتىۋالغىلى بولۇۋاتسا رېئاللىقتىكى ئەسلىي كۆرۈنۈشكە ئوخشاشلىقتا فوتو سۈرەتكە يەتمەيدىغان
ماي بوياقتا كىمنىڭمۇ ھاجىتى چۈشىدۇ؟ دەپ ئويلىغان ئىدى. ئەمەلىيەتتە كىشىلەر ئاجىزلىق
دەپ قارىغان ماي بوياق سەنئىتىنىڭ فوتو ئاپپاراتتەك كۆرۈنۈشنى ئۆلۈك ھالدا قايتىدىن كۆرسىتىپ
قويمايدىغانلىقىنىڭ ئۆزىلا رەسساملىقنىڭ پۈتمەس ـ تۈگىمەس ھاياتىي كۈچىنىڭ مەنبەسى ئىدى.
قول بىلەن سىزغان رەسىم ئەينەنلىكتە فوتو سۈرەتكە يېتىشى ناتايىن، لېكىن ئىنساننىڭ پسىـ
خىك پائالىيىتىنى، ئىچكى دۇنياسىنى ئىپادىلەشتە فوتو سۈرەت ئەلۋەتتە قولدا سىزغان رەسىمگە
يەتمەيدۇ. رەسساملار ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرى ۋە پسىخىك كۆزىتىشىگە تايىنىپ مەيلى ئادەمنىڭ خام

خىيالى بولسۇن ياكى چۈشى بولسۇن ھەممىنى ئىپادىلىيەلەيدۇ. پىكاسسونىڭ ①رەسىملىرىدىكى ھەر خىل سىمۋوللۇق بەلگىلەر، دالىنىڭ ②رەسىملىرىدىكى ئەسەبىي خام خىياللار، ۋانگوكنىڭ ③ رەسىملىرىدىكى رەڭلەر ئارقىلىق يارىتىلغان پسىخىك كەيپىياتنى جانسىز، تەپەككۇرسىز فوتو ئاپپاراتى قانداقمۇ ئىپادىلەپ بېرەلىسۇن؟ مەشھۇر سەنئەت نەزەرىيىچىسى جون ۋىلسون «ئەينى چاغدىكى كىشىلەرنىڭ رەسساملىقنىڭ ئىستىقبالىدىن ئەنسىرىشى پەقەت يېڭى شەيئىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئېلىپ كەلگەن ھاياجاندىن پەيدا بولغان مۇبالىغە خاراكتېرلىك خام خىيال ئىدى، ھەرقانداق يېڭى شەيئى پەيدا بولغاندا دائىم كىشىلەردە خۇددى ئۇ ھەممىگە قادىردەك خاتا تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ» دېگەن ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن بۇنىڭغا ئەسىر ئاخىرى تۇيغۇسى قوشۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، ھەر قېتىملىق ئەسىر ئاخىرىدا كىشىلەردە گاڭگىراش ۋە كرىزىس تۇيغۇسى كۆرۈلمەي قالمايدۇ. مەسىلەن، 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى كىشىلەردە پەيدا بولغان گاڭگىراش ۋە كرىزىس تۇيغۇسى دۇنياۋى سانائەت ئىنقىلابىنى بارلىققا كەلتۈردى، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئەسىر ئاخىرى كرىزىسى بولسا دۇنيا مىقياسىدا ئاقارتىش ھەرىكىتىنى قوزغىغان.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەدەبىيات ساھەسىدە پەيدا بولغان كرىزىس تۇيغۇسى كىشىلەرنىڭ ئەمەلىيىتىدە بۇرۇنقى ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتنىڭ ۋەقەلىك سۆزلەشتىن ئىبارەت تۈپكى ئالاھىدىلىكىدىن گۇمانلىنىشتا ئىپادىلەندى. ئىلگىرىكى بارلىق دەۋرلەردە ۋەقەلىك ئەدەبىي ئەسەرنىڭ جېنى دەپ قارىلاتتى، بولۇپمۇ پروزىدا شۇنداق. ۋەقەلىكسىز پروزىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. پروزىنىڭ بۇ خىل تۈپكى خۇسۇسىيىتىدىن گۇمانلىنىش ئەلۋەتتە پروزا ساھەسىدە ئۆزگىرىشنى بارلىققا كەلتۈرۈشى كېرەك. پروزىنىڭ ۋەقە بايان قىلىش ئالاھىدىلىكىدىن گۇمانلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان نەرسە كىنوچىلىق بولۇپ، دەسلەپتە كىنوچىلىق بارلىققا كەلگەندە پروزىنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا تۆۋەندىكى جەھەتلەردە خىرىس ئېلىپ كەلدى:

1. پروزا ئەسەرلىرىدە بىرنەچچە يۈز بەتتە بايان قىلىنغان ۋەقەلىكنى كىنو بىر يېرىم سائەتتىن ئىككى سائەتكىچە ۋاقىتتا بايان قىلىپ بولىدۇ، كىشىلەر كىنونى پروزا ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندەك نەچچە كۈنلەپ باش كۆتۈرمەي ئوقۇپ ئاۋارە بولماستىن بىر يېرىم سائەت ئىچىدىلا كۆرۈپ بولىدۇ.

2. پروزا ئەسەرلىرىدە نۇرغۇن سەھىپە ئاجرىتىپ تەسۋىرلىگەن تەسۋىرلەرنى كىنودا بىرەر سېكۇنت ئىچىدىلا كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئايان قىلغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، دوستويېۋسكىينىڭ «جىنايەت ۋە جازا» رومانىدا ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى راسكولنىكوفنىڭ ياتىقى ئالتە بەت تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، كىنودا بۇ ياتاقنىڭ كۆرۈنۈشى نەچچە سېكۇنت ئىچىدىلا كىشىلەرنىڭ ئالدىدا نامايان بولىدۇ.

3. پروزا ئەسەرلىرىدە تەسۋىرلەر ھەرقانچە ئىنچىكە بولسىمۇ ئەينەنلىكتە كىنودىكى كۆرۈنۈشكە يەتمەيدۇ. مەسىلەن، رومانىدا بىر پېرسوناژنىڭ پورترېت تەسۋىرى بىرنەچچە بەت تەسۋىرلەنسىمۇ كىشىلەرگە يەنىلا غۇۋا تەسىرات بېرىدۇ. بىر قىزنىڭ قېشىنىڭ قانداقلىقى، لەۋلىرىنىڭ قانداقلىقى نەچچە بەتلەپ تەسۋىرلەنسىمۇ يازغۇچى ئۆزى تەسۋىرلىمەكچى بولغان ئوبرازنى بىر پارچە رەسىمچىلىك دەل قىلىپ تەسۋىرلەش مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. كىتابخانلار بۇ ئوبرازنى ئۆز تەسەۋۋۇرى بويىچە تەسەۋۋۇر قىلىپ چىققاندا، ئۇ يازغۇچىنىڭ ئېڭىدىكى پېرسوناژ بىلەن تامامەن ئوخشىمايدىغان بىرى بولۇپ چىقىشى مۇمكىن.

4. پروزا ئەسەرلىرى كىنودىكى مۇزىكا، رەڭ ۋە سۈرەتكە ئېلىش ۋاسىتىلىرى ياراتقان ئۈنۈمنى يارىتالمايدۇ. كىنودىكى بۇ ئۈنۈملەر پەيدا قىلغان ھاياجاننى پروزا ئەسەرلىرى يارىتالمايدۇ.

①پىكاسسو —.ئىسپانىيە رەسسامى ② دالى— ئىسپانىيە رەسسامى③ ۋانگوك — گوللاندىيە رەسسامى

ئەلۋەتتە، بۇلاردىن باشقا يەنە پروزىنىڭ ئۆزىدىكى مەسىلىمۇ بار. ۋەقەلىكنى ئاساس قىلغان پروزىدا ۋەقەلىك جەھەتتە ئاڭسىز ھالدىكى تەكرارلىق ۋە ئوخشىشىپ قېلىش كۆرۈلۈشكە باشلىدى. جەمئىيەتنىڭ سىرلىق قۇرۇلمىسىنىڭ يوشۇرۇن كونترول قىلىشى تۈپەيلىدىن دۇنيانىڭ بىر چېتىدە ياشاۋاتقان ئادەم بىلەن يەنە بىر چېتىدە ياشاۋاتقان ئادەمنىڭ كەچۈرمىشى تامامەن ئوخشاپ قېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ ۋەقەلىكى شېكىسپىرنىڭ «ھاملېت» درامىسىنىڭ ۋەقەلىكىگە ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئوخشىشىدۇ. ھەر ئىككىسىدە تاغىسى دادىسىنى ئۆلتۈرۈپ ئانىسىنى خوتۇنلۇققا ئېلىۋالىدۇ، شاھزادە ئاخىرىدا سۇيىقەستچى تاغىسىنى ئۆلتۈرۈپ دادىسىنىڭ قىساسىنى ئالىدۇ. چىڭگىزخان ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ ۋەقەلىكىمۇ قەدىمكى يۇناننىڭ دراماتورگى سوفېكلىسنىڭ «پادىشاھ ئودىپوس» ناملىق ئەسىرىنىڭ ۋەقەلىكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ھەر ئىككىسىدە پادىشاھ ئوغلىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيدۇ، بىراق ئۇنى ئۆلتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغۇچى دانا ۋەزىر بوۋاق بالىنى ئۆلتۈرۈشكە قولى بارماي، ئۇنى بىر پادىچىغا بېقىۋېلىشقا بېرىۋېتىدۇ، ئاخىرىدا بۇ بالىلار چوڭ بولۇپ يەنىلا پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرىدۇ. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننى شېكىسپىرنىڭ بىلىشى ناتايىن، كېيىنكى مىسالدىكى چىڭگىزخان بولسا سوفېكلىستىن 2500 يىل كېيىن ياشىغان. قۇرۇلمىچىلىق تەنقىدچىلىكى كىشىلەرنىڭ توقۇغان ۋەقەلىكى، ھەتتا كەچۈرمىشلىرىدىكى بۇ خىل كىشىنى تاڭ قالدۇرىدىغان ئوخشاشلىق ھەققىدە ئىزدىنىپ، ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر قۇرۇلمىسى ۋە ئېڭىنىڭ سىرتىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ بۇ خىل ئوخشاشلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاساسىي سەۋەب ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەسىلەن، ئوخشىمىغان ئىككى جايدا ياشاۋاتقان ئىككى ئادەم، بىر ـ بىرى بىلەن قەتئىي تونۇشمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تەپەككۇر ئەندىزىسىدىكى ئوخشاشلىق ئىجتىمائىيلىقنىڭ ئوخشاش بىر قاتلىمىغا دۇچ كەلگەندە تامامەن ئوخشاش نەتىجە يارىتىشى مۇمكىن. بۇ خىل ئوخشاشلىق ئىنسانلارنىڭ ئىختىيارىنىڭ سىرتىدا بولغاچقا ئىنسانلار ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمايدۇ، شۇڭا دۇنيانىڭ بىر چېتىدىكى يازغۇچى بىلەن يەنە بىر چېتىدىكى يازغۇچىنىڭ تامامەن ئوخشاش ۋەقەلىكنى توقۇپ قېلىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. بۇمۇ يازغۇچىلارنىڭ ئالدىغا پروزىدا ۋەقەلىكنى ئاساس قىلىۋېرىش ياكى يېڭى بىر يول تېپىش ھەققىدە سوئال قويىدى.

كىنونىڭ پروزا ئەسەرلىرىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە پروزىنى داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەدەبىيات نەزەرىيىچىلىرى ۋە يازغۇچىلار بۇنىڭ ئۈچۈن قاتتىق باش قاتۇردى. ئەلۋەتتە پروزا كىنوغا ئورۇن بوشاتماسلىق ئۈچۈن ئالدى بىلەن كىنو يارىتالمايدىغان بەدىئىي ئۈنۈمنى يارىتىش كېرەك، يەنى كىنو قىلالمايدىغاننى قىلىش لازىم. بۇ چاغدا پروزا يازغۇچىلىرى دۇچ كەلگەن ئەھۋال، فوتو ئاپپارات بارلىققا كەلگەندە ماي بوياق رەسسام دۇچ كەلگەن كرىزىسقا ماھىيەت جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا رەسساملىقتا بارلىققا كەلگەن ئىپادىلەش بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش ئوتتۇرىسىدىكى تالاش ـ تارتىش پروزا ساھەسىدىمۇ كۆرۈلدى. ئەنگلىيە ئاڭ ئېقىمى يازغۇچىسى ۋىرگىنىيە ۋولف كېيىنچىلا، رېئاللىقنى ئۆلۈك ھالدا قايتا ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ ۋاقتى ئۆتتى، ھەممە ئادەمگە ئايان بولغان رېئاللىقنىڭ يۈزەكى سىرتقى قىياپىتىنى خۇددى ھېچكىم بىلمەيدىغاندەك ۋەزخانلىق قىلىپ قايتىدىن سۆزلەپ بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق، يازغۇچىنىڭ قىممىتى پەقەت رېئاللىقنىڭ يوشۇرۇن ماھىيىتىنى ئىپادىلەپ بېرىشتە دەپ قارىدى.

ناھايىتى روشەنكى، ئىنسانلارنىڭ روھىي دۇنياسى ئىنتايىن مول ھەم ئۆزگىرىشچانلىققا ئىگە بىر دۇنيا. روھىي دۇنيادىكى مۇرەككەپ پسىخىك كەچۈرمىشلەرنى، سىرلىق ھېس ـ تۇيغۇلا-

رنى، خام خىياللارنى، تارىخ، تەقدىر ۋە ھاياتنىڭ ماھىيىتى ھەققىدىكى سىمۋوللۇق سەزگۈلەرنى پەقەت سۈرەت ئارقىلىق ھاياتنىڭ سىرتقى قىياپىتىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان كىنونىڭ ئىپادىلەپ بېرەلىشى ناتايىن. مانا شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىيات ساھەسىدە ئىنسانلارنىڭ پسىخىكىسىنى تەسۋىرلەشنى ئاساس قىلغان پروزا بارلىققا كەلدى. كىشىلەر ئەدەبىياتنىڭ ئىستىقبالىدىن قايغۇرۇپ يۈرگەن ئاشۇ چاغلاردا، پسىخولوگىيە ۋە پەلسەپە ساھەسىدىمۇ غايەت زور تەرەققىياتلار بارلىققا كېلىپ پسىخولوگىيە ھازىرقى زامان ئىلىم ـ پەننىدىكى قىزىق نۇقتىغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. پسىخولوگىيە ئالىملىرى ئىنساننىڭ پسىخىكىسىدىكى ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملارغا بۆسۈپ كىردى. ئاۋسترىيىنىڭ پسىخولوگىيە ئالىمى، روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرى سىگموند فرېئۇد ئىنسانلارنىڭ ئاڭ قۇرۇلمىسىدا ئىنسانلارغا تا ھازىرغىچە مەلۇم بولمىغان، لېكىن ئۇنىڭ ھەر خىل پسىخىك پائالىيەتلىرىدە ۋە تۇرمۇشتىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە قارار چىقىرىشى ھەم تاللىشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان يوشۇرۇن ئاڭنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بايقىدى. بۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى ۋە ئۆزىنىڭ نامەلۇم قاراڭغۇ جايلىرىنى چۈشىنىشىگە يول ئېچىپ بەردى. پسىخولوگىيە ساھەسىدىكى بۇ غايەت زور بايقاش ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرىنىڭ يۈزەكى ۋەقەلىكنى تەسۋىرلەشتىن ئىنساننىڭ پسىخىكىسىنى تەسۋىرلەشنى ئاساس قىلىشقا كۆچۈشىنى مۇھىم نەزەرىيىۋى ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى. پەلسەپە ساھەسىدە ئامېرىكىدا كۆتۈرۈلگەن ۋىلىيام جامېس باشلامچىلىقىدىكى پراگماتىزم پەلسەپىسى ۋە فرانسىيىدىكى بېرگسون باشلامچىلىقىدىكى بىۋاستە سېزىم پەلسەپىسى يازغۇچىلارنىڭ ئىنسىساننىڭ روھىي دۇنياسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىشىگە ھەل قىلغۇچ يول كۆرسىتىپ بەردى. ھازىرقى زامان پروزىسىنىڭ ئاساسچىسى جامېس جويسنىڭ ①قارىشىچە، ئىنساننىڭ روھىي دۇنياسى چەكسىزلىككە ئىگە بولۇپ، ھازىرغىچە قېزىلماي كەلگەن بۇ ساھە ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ مۇھىم بايلىقلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئۇنىڭ مەشھۇر رومانى «ئۇلىسس»تا بىر ئائىلىدىكى ئۈچ ئادەمنىڭ بىرنەچچە كۈنلۈك كەچۈرمىشى يېزىلغان بولۇپ، ۋەقەلىك ئاساسەن نۆل ھالەتكە چۈشۈپ قالغان. ئۇنىڭ يەنە بىر رومانى «پىنىنىگىنلارنىڭ ئويغىنىشى»دا بولسا پېرسوناژلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى ئاساسەن يوق بولۇپ، بىر ئادەمنىڭ سەكراتتىكى ئاخىرقى مىنۇتلىرى تەسۋىرلەنگەن. پېرسوناژنىڭ ئاڭ پائالىيىتى ئادەتتىن تاشقىرى ئىنچىكە بولۇپ، سەكراتتا ياتقان ئاشۇ كىشىنىڭ ئېڭىدىن پۈتكۈل ئېرلاندىيىنىڭ تارىخى، ھەتتا پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ تارىخى ئۆتىدۇ، لېكىن بۇ تارىخ قەدىمدىن ھازىرغىچە ئۆتكەن ئىشلارنى يىل تەرتىپى بويىچە ھېكايە قىلىش بولماستىن، بەلكى پېرسوناژدا زاھىر بولغان سىرلىق تۇيغۇلار، مىستىك ئىدىيەلەر، سىمۋوللۇق كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق تارىخنىڭ ئەڭ چوڭقۇر ماھىيەتلىك قاتلاملىرىغا سىڭىپ كىرىشتۇر. ئۇ ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئىككى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بار، ئۇنىڭ بىرى ئۇرۇش، يەنە بىرى جىنسىي ئالاقە دېگەن ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە ئۇرۇش ئادەمنى ھالاك قىلىدۇ، جىنسىيەت ئادەمنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئىنساننىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا ئۆلۈم خاھىشى بىلەن ياشاش خاھىشى تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ، ئادەملەر ئۇرۇش ئارقىلىق ئۆلۈم ئىستىكىنى قاندۇرىدۇ، جىنسىيەت ئارقىلىق ياشاش ئىستىكىنى قاندۇرىدۇ.

پسىخىك رېئاللىققا يۈزلىنىش پروزىنىڭ ئاجايىپ زور ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدى. پروزا بىلەن تەڭ شېئىرىيەت ۋە دراماتورگىيە ساھەسىدىمۇ غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. شېئىرىيەتتە شائىرلار ئادەتتىكى تۇرمۇش ھادىسىلىرى ۋە كىشىلەرنىڭ يۈزەكى ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەشتىن ئىنساننىڭ روھىي ماھىيىتىگە ئىچكىرىلەپ كىرىشنى ئەلا بىلىپ، بۇ ساھەدە كۆپلىگەن ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى. ئەمەلىيەتتە كىنونىڭ خىرىسىغا ھەممىدىن بەكرەك دۇچ كېلىدىغىنى

①جامېس جويس — ئەنگلىيىنىڭ ئاڭ ئېقىمى يازغۇچىسى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

دراماتورگىيە ئىدى. نۇرغۇن كىشىلەر دراما كىنودىن كېيىن مەۋجۇت بولمايدۇ، چۈنكى كىنو درامىنىڭ ۋەقەلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا سەھنىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراشتەك ئاجىزلىقىنى يېڭىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى دەپ قاراشقان ئىدى، لېكىن ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە دراماتورگلار درامىنىڭ ئەڭ قەدىمىي شۇنداقلا بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۆلمەيدىغان، كىنوغا تۈپتىن ئوخشىمايدىغان بىر ژانىر ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئىسپاتلاپ بەردى. نەتىجىدە كىنو جەمئىيەتتە ئومۇملىشىپ كەتكەندە دراما ئۆزىنىڭ ئاقسۆڭەكلەرچە ھالىتى بىلەن كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى ناھايىتى يۇكسەك ئورنىنى ساقلاپ قېلىۋەردى. دراما كىنودىن تۆۋەندىكى نۇقتىلاردا پەرقلىنىدۇ:

1. درامىدا تاماشىبىنلار رول ئالغان ئارتىسلار بىلەن يەنى پېرسوناژلار بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىدۇ. ئۇلارنىڭ سەھنىدىن ئاڭلاۋاتقىنى تىرىك ئادەملەرنىڭ ئاۋازى، سەھنىدە كۆرۈۋاتقىنى تىرىك ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتى. گەرچە درامىدا ئالاھىدە كۆرۈنۈش ۋە يېقىن كۆرۈنۈش قاتارلىق ئۇنۇملۇك ۋاستىلەر بولمىسىمۇ، لېكىن كىنو درامىنىڭ سەھنىدىكىلەر بىلەن تاماشىبىنلارنىڭ بىۋاسىتە ئۇچرىشىشىدەك ئۇنۇمىگە ئېرىشەلمەيدۇ، چۈنكى كىنو نېمىلا بولمىسۇن پەقەتلا سۈرەتتۇر.

2. درامىدا سەھنە جابدۇقلىرى بىلەن دېكوراتسىيىدىن پايدىلىنىپ سىمۋوللۇق ئۇنۇم يارىتىپ، بۇ ئارقىلىق ئىنسان ھاياتىنىڭ ماھىيەتلىك چوڭقۇر تەرەپلىرىنى ئېچىپ بەرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، شۋېتسارىيىلىك ستىلېنبېرگ ۋەكىللىكىدىكى ئىپادىچىلىك دراملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇ دراملاردا سەھنىنىڭ تۈزۈلۈشى ئىلگىرىكى دراملارغا ئوخشىمايدۇ، سەھنە تۇرمۇشتىكى كۆرۈنۈشلەردىن پەرقلىق بولۇپ، سەھنىدىكى جابدۇقلارنىڭ ۋە مەنزىرىلەرنىڭ رەڭگى رېئاللىقتىكى بىلەن ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ دراملىرىدىكى ئاسماننىڭ رەڭگى قىپقىزىل، دېڭىزنىڭ رەڭگى جىگەررەڭ. بىمەنە تىياتىرچىلىقنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى، ئىرېلاندىيە يازغۇچىسى بېككېتنىڭ «گودوتنى كۈتۈش» ناملىق درامىسىدا سەھنىدە بىرلا تال قۇرۇپ كەتكەن دەرەخ بار بولۇپ، بۇ دەرەخ قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا يايپېشىل بىر تال يوپۇرماق بار. ئۇ بۇ ئارقىلىق ھاياتلىقنىڭ ئىنتايىن ئاجىز ۋە يار ـ يۆلەكسىز ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن.

3. درامىدا يەنىلا بىر خىل سىرلىق داغدۇغا كۈچى بار بولۇپ، ھەر قېتىملىق درامىنىڭ سەھنىگە ئېلىپ چىقىلىشى تا ھازىرغىچە مەدەنىيەت ساھەسىدىكى مۇھىم بىر ھادىسە بولۇپ قارىلىشتىن قالغىنى يوق. بۇ بەلكىم درامىنىڭ ئەڭ دەسلەپتە بىر خىل مۇراسىم شەكلىدە ئوينىلىدىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. گەرچە بۇ مۇراسىملار ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئاڭدا ساقلىنىپ، دىنىي مۇراسىملاردا بولىدىغان سۈرلۈك كەيپىيات دراما كۆرگەندە كىشىلەردە باشقىچە يوشۇرۇن مۇقەددەسلىك تۇيغۇسى پەيدا قىلىشى مۇمكىن.

ئەدەبىي ئەسەردە يەنە بايانىنىڭ شەكلى ھەققىدىمۇ خىلمۇ خىل ئىزدىنىشلەر بارلىققا كەلدى. ئاڭ ئېقىمىدىكى يازغۇچىلار باياندا ۋاقىتنى پارالېللاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىپ پسىخىك ۋاقىت قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ۋاقىت بىر نىسبىي ئۇقۇم بولۇپ، رېئاللىق كىشىلەرنىڭ ئەسلىمىسىگە ئايلانغان چاغدا، ئۇنىڭدىكى ۋاقىت تەرتىپى رېئاللىقتىكى ۋاقىت تەرتىپى بىلەن تامامەن ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن، بىر ئادەم كۆرۈشمىگىلى بەك ئۇزاق بولۇپ كەتكەن بىراۋنى كۆرۈپ ئۇنى تونۇش ھېس قىلغان، لېكىن كىملىكىنى بىلەلمىگەن بولسا، مۇشۇ چاغدا ئۇ ئادەمنىڭ ئېڭىدا ۋاقىت پارالېللاشقان بولىدۇ. يەنى ئىلگىرى ئوخشىمىغان ۋاقىت، ئوخشىمىغان ئورۇنلاردا ئۇچراشقان ھەر خىل ئادەملەرنىڭ ئوبرازى بىرلا ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئېڭىدا يىغىلىپ پەيدا بولغاچقا، ئۇ كۆز ئالدىدا تۇرغان ئادەمنىڭ ئوبرازىنى ئېڭىدا ئەكس ئەتكەن ئاشۇ ئادەملەرنىڭ ئوبرازى ئارىسىدىن ئىلغاپ چىقالماي ئۇنى بىر ھازا تونۇيالمايدۇ. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئېڭىدا نۇرغۇن ۋاقىت پارالېللىشىدۇ. شۇڭا ھازىرقى زامان پروزا ئەسەرلىرىدە ئۆتمۈشتىكى

ئىشلاردىن قالغان ئەسلىمە، هازىرقى كۆز ئالدىدىكى هادىسىلەر ۋە كەلگۈسى ھەققىدىكى خام
خىياللارنى پاراللېللاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم بىر ئۇسلۇب بولۇپ، بۇ ئۇسلۇب
كېيىن ئاڭ ئېقىمى دائىرىسىدىن ھالقىپ چىقىپ پروزىنىڭ بارلىق ساھەسىگە كېڭەيدى.
ئەدەبىي ئەسەردە باياندا يېڭى شەكىللەرنى ئىجاد قىلىش دەسلەپتە ۋاقىتنى پاراللېللاشتۇرۇش-
تىن باشلىنىپ، كېيىن بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان ئۇسۇللار قوللىنىلدى. شۇنىڭدىن تار-
تىپ تا ھازىرغىچە پروزا ساھەسىدە ئۈزلۈكسىز ھالدا بايان شەكلىنى ئىجاد قىلىش ئاساسىي ئې-
قىمغا ئايلىنىپ، بايان شەكىللىرى كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك دەرىجىدە كۆپ خىللىشىپ كەتتى.
مەسىلەن، ئاللان روبېي گىرىللېت، ①بورخېس، ②مىتچېل بوتتور ③قاتارلىق يازغۇچىلار بىر
خىل ئېزىتقۇ قەسىر شەكلىنى ياراتتى. ئۇلارنىڭ ئەسىرىنىڭ قۇرۇلمىسى مۇرەككەپ، كۆپ
قىرلىق بولۇپ، كىتابخانلارغا ئېزىتقۇ قەسىرگە كىرىپ قالغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ، بۇ ئېزىتقۇ
قەسىر ئىچىدە كىتابخانلارنىڭ چىقىش ئىشىكىنى ئىزدەش جەريانىنىڭ ئۆزىلا ئىنسانىنىڭ ھايا-
تىنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە ئىزدىنىش جەريانى بولۇپ، خىلمۇ خىل بېشارەت ۋە سىمۋوللارغا تولغان
بۇ سىرلىق ئەسەرلەر ئادەمدە چوڭقۇر ئويلىنىشلارنى پەيدا قىلىدۇ. مىلان كوندېرا، ④كىچىك
كورت ۋوننىگۇت، ⑤توماس پىنچون ⑥قاتارلىق يازغۇچىلار كۆرۈنۈشلەرنى سانسىز ئۇششاق
بۆلەكلەرگە بۆلۈپ قايتىدىن پەلسەپۋى ياكى پسىخىك تەرتىپتە قۇراشتۇرۇپ بىر - بىرىگە ئۇلاپ
قويۇشتىن ئىبارەت ئۇسۇلنى قوللاندى. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە دائىم رېئاللىقتىكى ۋەقە - ھادىسى-
لەر، ئادەملەرنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرى، گېزىت - ژۇرناللاردىكي خەۋەرلەر، رېئال تارىخىي شەخسلەر-
نىڭ ھايات پائالىيىتى ھەققىدىكى باشقىچە ئوي - پىكىرلەر، ھەتتا رەسىملەر ۋە ئېلانلار كىرىش-
تۈرۈلگەن بولۇپ، كىشىگە ھاياتنىڭ مەلۇم پېرسوناژ بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك كارتىنىسىنى كۆر-
سىتىپ بېرىشتىن ھالقىپ، ھاياتنىڭ خىلمۇ خىل ۋە رەڭگا رەڭ كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ھەممىسىنى
ئىپادىلەشكە تىرىشتى. جون بارس، ⑦كلاۋدى سىمون، ⑧ئې ل دوكتېروف ⑨قاتارلىق يازغۇ-
چىلار ئۇسلۇبىنى تېخىمۇ خىللاشتۇرۇپ، ھەتتا ھەر بىر ئەسىرىدە ئوخشىمىغان بايان
شەكلىنى قوللىنىشقا تىرىشتى. جون بارس «تاماكا سودىگىرى» ناملىق ئەسىرىدە روھىي پارچى-
لىنىشتىن ئىبارەت پسىخىك كېسەللەردە بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك ھالىتىنى رومانغا قۇ-
رۇلما قىلغان بولسا، «كۆكۈل ئېچىش ئۆيىدە ئېزىقىش» ناملىق ئەسىرىدە يازغۇچى بىلەن پېر-
سوناژ ۋە كىتابخان ئارىلىشىپ كېتىدىغان مېتاپروزا ئۇسۇلى سىناق قىلىنىغان. ئې ل دوكتېروف
«جۇلجۇللۇق دەۋرى» ناملىق رومانىدا مونتاژ ۋە سىياسىي مۇلاھىزە شەكلىنى كىرىشتۈرگەن بولسا،
«دانىيالنامە» ناملىق رومانىدا مېتاپروزا شەكلىنى قوللانغان. كلاۋدى سىمون «فرەند تاشيولى» نام-
لىق رومانىدا ھەر خىل شەخسلەرنىڭ بايان نۇقتىسىنى توختىماستىن ئالماشتۇرۇپ بايان قىلىش
ئۇسۇلىنى قوللانغان، ئۇ ھېلى بىرىنچى شەخس تىلىدا بايان قىلسا، ھېلى ئىككىنچى شەخس
تىلىدا، ھېلى ئۈچىنچى شەخس تىلىدا بايان قىلىدۇ. ئۇ «يېزا كۈيى» ناملىق رومانىدا 16 - ئەسىر،
18 - ئەسىر ۋە 20 - ئەسىردىكى ئۈچ ئادەمنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىنى كىرىشتۈرۈپ بايان قىلغان.
سېربىيە يازغۇچىسى پاۋېچ ۋە جۇڭگو يازغۇچىسى خەن شاۋگوڭلار بولسا لۇغەت شەكلىدە رومان
يازدى. ئۇلارنىڭ «خازار لۇغىتى» ۋە «ماچىياۋ لۇغىتى» ناملىق ئەسەرلىرىدە ئوخشاشلا لۇغەت
شەكلى بايان شەكلى قىلىنىغان بولۇپ، ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى خۇددى ئىزاھلىق لۇغەتتىكى سۆز-
لۈكلەرگە ئىزاھ بەرگەنگە ئوخشايدۇ.

---

① ئاللان روبېي گىرىللېت — فرانسىيە يازغۇچىسى ② بورخېس — ئارگېنتىنا يازغۇچىسى ③ مىتچېل بوتتور — فرانسىيە يازغۇچىسى
④ مىلان كوندېرا — چېخ يازغۇچىسى ⑤ كىچىك كورت ۋوننىگۇت — ئامېرىكا يازغۇچىسى ⑥ توماس پىنچون — ئامېرىكا يازغۇ-
چىسى ⑦ جون بارس — ئامېرىكا يازغۇچىسى ⑧ كلاۋدى سىمون — فرانسىيە يازغۇچىسى ⑨ ئې ل دوكتېروف — ئامېرىكا يازغۇچىسى.

20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىگە يېقىنلاشقانسېرى پروزا ساھەسىدىكى يېڭىلىق يارىتىش شۇ قەدەر كۆپ بولۇپ كەتتىكى، خۇددى ئىساك باشۋىس سىنگېر ئېيتقاندەك، يېڭىلىق يارىتىشمۇ كونىلىقتا ئايلىنىپ ۋاقتى ئۆتتى. ئىساك باشۋىس سىنگېر، سائۇل بېللوۋ ① قاتارلىق يازغۇچىلار بايان شەكلىگە ئادەتتىن تاشقىرى بېرىلىپ كېتىش يازغۇچىنىڭ قالتىس قابىلىيىتىنى ئىپادىلىمەستىن، بەلكى يازغۇچىنىڭ ئىختىدارسىزلىقىنى كۆرسىتىدۇ دەپ قارىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، يېڭى شەكىل ۋە ئاجايىپ ـ غارايىپ بايان قۇرۇلمىسى دېگەنلەر يازغۇچىلارنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىنى يوشۇرۇش ۋاسىتىسى بولۇپ، ئۇلار ھەقىقىي مۇنەۋۋەر يازغۇچى ئەڭ كونا ئۇسلۇب بىلەن ئەڭ يېڭى تۇيغۇ بېرەلەيدىغان ئەسەرنى ئىجاد قىلالايدۇ دېيىشتى. شۇنىڭدىن باشلاپ، يەنى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن كېيىن كىشىلەر بايان شەكلىدە يېڭىلىق يارىتىش زادى بىر مەزگىللىك كرىزىس تۈپەيلىدىن كاللا قىزىپ كېتىش نەتىجىسىدە كۆرۈلگەن ھادىسىمۇ ياكى ئۇمۇ تارىختىكى باشقا ئەدەبىيات ھەرىكەتلىرىگە ئوخشاش ھەقىقىي ئەھمىيەتلىك ئىشمۇ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە سوغۇق قانلىق بىلەن ئويلىنىشقا باشلىدى. بەزىلەر، ئەدەبىيات ساھەسىدىكى بۇ بىر قاتار يېڭىلىق يارىتىش ھەرىكەتلىرىنى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ مەنىلىك ئىزدىنىشلەرنىڭ بىرى دەپ قارىسا، بەزىلەر ئۇنى پروزىنىڭ ھاياتىي كۈچىدىن ئورۇنسىز ئەنسىرەش كەلتۈرۈپ چىقارغان دەپ قارىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، كىنو قاتارلىق زامانىۋى شەكىللەرنىڭ پروزىنىڭ ئورنىنى تامامەن بېسىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھەقىقەتەن بەزى كىشىلەر ئېيتقاندەك پروزا ئەسەرلىرىدە بىرنەچچە يۈز بەتتە بايان قىلىنغان ۋەقەلىكنى كىنو بىر يېرىم سائەتتىن ئىككى سائەتكىچە ۋاقىتتا بايان قىلىپ بولىدۇ، كىشىلەرمۇ پروزا ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندەك نەچچە كۈنلەپ باش كۆتۈرمەي ئوقۇپ ئاۋارە بولمايدۇ. لېكىن بۇ ئىككىسى پەيدا قىلغان ھاياجان ئوخشىمايدۇ. كىنودا ھەممە نەرسە كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا تەييار تاشلىنىپ تۇرىدۇ، پروزا ئەسەرلىرىدە بولسا كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرغىنى پەقەتلا يېزىق بولۇپ، ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ تەقدىرى، ياشاش مۇھىتى، ھېس ـ تۇيغۇلىرى ھەققىدە كەڭ تەسەۋۋۇر بوشلۇقى قالدۇرۇلغان بولىدۇ. كىتابخانلار ئەدەبىي ئەسەرنى ئوقۇغاندا ئۇنىڭدىكى بايان ۋە تەسۋىرلەردىكى ئېنىقسىز جايلارنى ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرى بىلەن تولدۇرۇپ ماڭىدۇ. يەنى مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، كىنودا كىشىلەر باشقىلارنىڭ ھاياتىنى سىرتتا تۇرۇپ كۆرسە، پروزا ئەسەرلىرىدە كىتابخان ئەسەردىكى پېرسوناژلار بىلەن بىللە ياشايدۇ. پروزا ئەسەرلىرىدە نۇرغۇن سەھىپە ئاجرىتىپ تەسۋىرلىگەن تەسۋىرلەرنى كىنودا بىرەر سېكۇنت ئىچىدىلا كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئايان قىلغىلى بولىدۇ. لېكىن بۇ تەسۋىر يەنىلا پروزا ئەسەرلىرىدىكىدەك تۇيغۇ بېرەلمەيدۇ. مەسىلەن، دوستويېۋسكىينىڭ «جىنايەت ۋە جازا» رومانىدىكى ئالتە بەت تەسۋىرلەنگەن راسكولنىكوفنىڭ ياتىقى كىنودا سېكۇنت ئىچىدىلا كىشىلەرنىڭ ئالدىدا نامايان بولغان بىلەن كىنودىكى كۆرۈنۈش پەقەتلا سىرتقى كۆرۈنۈش بولۇپ، كىنودىن ياتاقتىكى پۇراقنى ھېس قىلغىلى بولمايدۇ. روماندا روھىي كېسەل بولۇپ قالغان راسكولنىكوفنىڭ پۇراق سەزگۈسى ئېشىپ كەتكەن بولۇپ بۇنىڭغا دوستويېۋسكىي ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا كىنودا ياتاق ئىچىدىكى ھەممە نەرسە كۆزگە تەڭ تاشلىنىپ تۇرىدۇ، روماندا بولسا نېمە تىلغا ئېلىنغان بولسا شۇ كىتابخاننىڭ دىققىتىگە قويۇلىدۇ. شۇڭا روماندا پېرسوناژنىڭ ئالاھىدە پسىخىك ھالىتىنى بايان قىلىش ئۈچۈن تەسۋىرلەنگەن نەرسىلەر كىنودا تاماشىبىنلارنىڭ دىققىتىنىڭ سىرتىدا قېلىشى مۇمكىن. پروزا ئەسەرلىرىدە تەسۋىرلەر ھەرقانچە ئىنچىكە بولسىمۇ، ئەينەنلىكتە كىنودىكى كۆرۈنۈشكە يەتمەيدۇ. لېكىن مۇشۇ ئەينەنلىكنىڭ بولمىغىنى مەلۇم نۇقتىدىن پروزىنىڭ كىنوغا ئوخشىمايدىغان ئارتۇقچىلىقىدىن

---

① سائۇل بېللوۋ — ئامېرىكا يازغۇچىسى

ئىبارەت. فرانسىيە يازغۇچىسى، پەيلاسوپى جان پول سارترې كىشىلەرنىڭ ئەدەبىي ئەسەردىن ھۇزۇرلىنىش پسىخىكىسى ھەققىدە توختىلىپ، كىتابخان رومان ئوقۇغاندا دائىم ئۆزىنى باش قەھرىماننىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. باش قەھرىمان بىلەن كىتابخاننىڭ ھېسسىياتى بىرلىشىپ كەتكەن بولىدۇ، ئەگەر كىتابخان باش قەھرىمان بىلەن ئۆزىنى بىرلەشتۈرەلمىسە ئەدەبىي ئەسەردىن ھۇزۇرلىنالمايدۇ دەيدۇ. مەسىلەن، روماندا باش پېرسوناژنىڭ پورترېت تەسۋىرى بىرنەچچە بەت تەسۋىرلەنسىمۇ كىشىلەرگە يەنىلا غۇۋا تەسىرات بېرىدۇ، دەل مۇشۇ غۇۋالىق كىشىلەرگە كەڭ تەسەۋۋۇر ئىمكانىيىتىنى بېرەلەيدۇ. ئەگەر ئۇ تەسۋىر كىنودەك ئۇنۇم ياراتسا ھېچكىمگىمۇ باش قەھرىماننى ئۆزى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەسەۋۋۇر قىلىش ئىمكانىيىتى قالمايدۇ. پروزا ئەسىرىدىكى «مەن» كىتابخان ئۈچۈنمۇ «مەن»دۇر، لېكىن كىنودىكى باش قەھرىمان كۆرەرمەن ئۈچۈن زادىلا «مەن» ئەمەس. روماندا تەسۋىرلەنگەن ئەر پېرسوناژ ئايال كىتابخانلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدا چوقۇم ئۇ تونۇيدىغان بىر يىگىت، روماندا تەسۋىرلەنگەن قىز پېرسوناژ ئەر كىتابخانلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدا چوقۇم ئۇ تونۇيدىغان بىر قىز بولۇپ چىقىشى مۇمكىن. پسىخولوگىيە ئالىملىرىنىڭ بايقىشىچە ئەدەبىي ئەسەردىكى ئاشىق ـ مەشۇقلارنى كىشىلەر ئاساسەن ئۆزى ياخشى كۆرۈپ قالغان كىشىلەرنىڭ ئوبرازى بويىچە تەسەۋۋۇر قىلىدىكەن. پروزا ئەسىرىدىكى پورترېت تەسۋىرى قانچە ئېنىقسىز بولسا كىتابخانغا شۇنچە كەڭرى تەسەۋۋۇر ئىمكانىيىتى بېرىپ، پروزا ئەسىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەسىرچانلىققا ئىگە قىلىدىكەن.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىگىرمە يىلىدا ئەدەبىيات ساھەسىنى بىر خىل تۇرغۇنلۇق ۋە بۇ تۇرغۇنلۇق ئېلىپ كەلگەن بۇرۇقتۇرمىلىق قاپلىدى. كىشىلەر ئېلىپ بارغان خىلمۇ خىل سىناقلارنىڭ ھېچقايسىسى ئەدەبىياتنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى بولۇپ قالالمىدى. ئەلۋەتتە ئەدەبىيات پەقەت يېڭىلىق ئارقىلىقلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. ئىساك باشۋىس سىنگېر يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ۋاقتى ئۆتتى دېگىنى بىلەن ئۆزىمۇ ئەدەبىياتتا يېڭىلىق ياراتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ نەزەردە تۇتقىنى بەزى بىر خىل ئېكستېرمىزملىق يېڭىلىقلار بولۇپ، بۇ خىل يېڭىلىقلار ھەقىقەتەنمۇ پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا كىشىلەرنىڭ نارازىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا باشلىغان ئىدى. ھەر قېتىملىق ئەسىر ئاخىرىغا ئوخشاشلا، بۇ قېتىمقى ئەسىر ئاخىرىدىمۇ ئەدەبىياتتا كرىزىس كۆرۈلدى، بۇ خىل كرىزىستىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى ھەققىدە كىشىلەر ھەدەپ ئىزدەنمەكتە، بەلكىم بۇ كرىزىس ئەدەبىيات ساھەسىدە تېخىمۇ كۆپلىگەن يېڭىلىقلارغا ھامىلىدار بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ يازغۇچىلار، ئەدەبىيات نەزەرىيىچىلىرى ۋە ئېستېتىكاشۇناسلاردىن تېخىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىشنى كۈتمەكتە.


پايدىلىنىلغان كىتابلار:

1. ۋىلىيام جونسون «پروزىدىكى ئاۋانگارتلىق ۋە ئۇنىڭ چەكلىمىلىكى — مېتاپروزا ھەققىدە»، پىكادور نەشرىياتى، 2002 ـ يىل ئىنگلىزچە نەشرى.
2. «ئامېرىكا بۈگۈنكى دەۋر يازغۇچىلىرى ھەققىدە»، چيەن مەنسۇ تۈزگەن، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.
3. «سارترې ماقالىلىرىدىن تاللانما»، خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى، 1989 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.
4. شۇجىڭيا: «يېڭى ئېستېتىك پرىنسىپ كۆتۈرۈلۈپ چىقماقتا»، شاڭخەي ئەدەبىياتى ژۇرنىلىنىڭ 1982 ـ يىللىق 6 ـ سانى، خەنزۇچە.
5. ياك لېنھاردېت، «بىر روماننىڭ سىياسىي ئوقۇلۇشى»، خۇنەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى، 2001 يىل، خەنزۇچە نەشرى.
6. لۇ چۈيۈەن، «تىلنى ھالقىش»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1989 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.
7. ليۇيىدا، «ۋاڭ مىڭنىڭ ئىجادىيەت يولى ۋە ئىجادىيەت پرىنسىپى» ئەدەبىيات تەتقىقاتى ژۇرنىلىنىڭ 2003 ـ يىللىق، 11 ـ سانى، خەنزۇچە.



*(ئاپتور مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىلى فاكۇلتېتىنىڭ 2004 ـ يىللىق ئاسپىرانتى)*


مۇھەررىر: قاھار نىياز



ئەركىن مۇھەممەت كامالى

# سۆيگۈنى تۇغىدۇ سەبىي تىنىقلار

1

چاپچىيدۇ سەن تامان مېنىڭ تايلىرىم،
ئېرىقتىا سۇ ئەمەس ئاقىدۇ كۈيلەر.
لەۋلەردەك شېرىندۇر ئېچكەن چايلىرىم،
سۆيدۈرەر يۈرەكنى كۆزۈڭدەك تۈنلەر.

كۆللەرگە قارايمەن كۆللەر چىرايلىق،
تۈيغۇمنى غىدىقلاپ ئۆتەر تىنىقلار.
جىلمىيىپ باقىدۇ نىلۇپەر گۈللەر،
سۆيگۈنى تۇغىدۇ سەبىي قىلىقلار.

تەشۇيشلەر يوقالغان ئەسلەردىن تامام،
پەرىلەر لەپىلدەپ چۈشەر ئاسماندىن.
بىر ئېزگۈ رەۋىشتە جىرىڭلايدۇ جام،
ئامەتلەر گۈل بولۇپ ئۈنەر ئالىقاندىن.

كۆرۈنەر يىراقتىن ئاخىرقى بېكەت،
سىگنال يوق يانفوندا كەلمەيدۇ ئۈچۈر.
ئاخىرقى بىر بېكەت ئاخىرقى پۇرسەت،
ئۈيقۇسىز كۆزلەردە يالتىرايدۇ نۇر.

2

كۆندۈزى ئوكۇمدا، تۈندە چۈشۈمدە،
گۈزىلىم پەقەتلا سۆيىمەن سېنى.
سۆيگۈنىڭ جۇلاسى چاقنار كۆزۈمدە،
سۆيىمەن خۇددى سەن سۆيگەندەك مېنى.

كىرىمەن سەن ئۈچۈن ئوتقا ـ قوقاسقا،
يىغلىساڭ ئاقىمەن ياش بوپ كۆزۈڭدىن.
تۇغۇلۇش باشقا گەپ ئۆلۈش ھەم باشقا،
مىڭ ئۆلۈپ تىرىلەي بىرلا سۆزۈڭدىن.

سۆيىمەن خۇددى سەن سۆيگەندەك مېنى،
كەل جېنىم قوشۇلسۇن جېنىمىزغا جان.
تېخىمۇ چىرايلىق ئەتىنىڭ تېڭى،
چاچايلى بىرلىكتە قۇشلارغا بىز دان.

3

كۆرۈنۈپ تۇرغان جەزمەن سېنىڭ ئۆيۈڭ،
يانىدۇ چىراغلىرى كۆزۈڭدەكلا.

كېلىدۇ ئۇندىن بىر كۆي ئۇچۇپ لەرزان،
يېقىملىق، سېھىرلىك ھەم ئۆزۈگىدەكلا.

رەيھاننىڭ پۇرىقى بار دېرىزەڭدە،
ئېھتىمال دېرىزەڭگە كەلدىڭ يېقىن.
بىر كۈچلۈك نۇر تارايدۇ ئاراشلاردىن،
بەلكى بۇ بىر جۈپ كۆزۈڭ چاقنان چېقىن.

تەنلىرىڭ گويا قاردەك سۇزۇك، ئاپئاق،
شامالدەك سىلىق، يەڭگىل تىنىقلىرىڭ.
قويىدۇ جاننى ئېلىپ جاڭگاللاردا،
كېيىكتەك شاش ھەم سەبىي قىلىقلىرىڭ.

باقىمەن ئۆيۈڭ تامان ئۇزاق - ئۇزاق،
ئۇخلىساڭ چۈشلىرىڭگە كىرەرمەنمۇ؟
ئۆچمەيدۇ چىراغلىرىڭ، ئۆچمەيدۇ ئوت،
بۇگۈنمۇ يەنە شۇنداق تۈنەرمەنمۇ؟

4

ئۇزىتىپ قالدىڭ مېنى كۆزۈڭدە ياش،
قىيمىدۇق، قىيالماسلىق ئۆتتى جاندىن.
نەقەدەر ئازاب بىزگە بەخت دېگەن
ئەگىپلا ئۆتۈپ كەتسە داۋان ياندىن.

شېرىن چۈش، تاتلىق خىيال بىزگە ھەمراھ،
ئاي بولۇپ ئايلىنىمەن مەھەللەڭنى.
جۈرئەتلىك چېكەلمەيمەن ئىشىكنى ھەم،
تۇرسەممۇ جەينەككىچە گاھى يەڭنى.

يۇلتۇزلار مازاقلايدۇ كۆزنى قىسىپ،
نومۇستىن قىزىرىمەن، يېرىلىمەن.
يىغقاندا ئەسلىرىمنى تەبەسسۇمىڭ،
بەخت شۇ دەيمەن مەغرۇر كېرىلىمەن.

5

سۆزلەپ بەر سۆزلىرىڭنى گۈلۈم ماڭا،
مەنمۇ ھەم چۈشلىرىمنى بېرەي سۆزلەپ.
تۈيدۇڭمۇ ئىشىكىڭنى چەككىنىمنى،
بارغاندا مەھەللەڭگە سېنى كۆزلەپ.

قويدۇڭمۇ سائىتىڭگە قاراپ بىر رەت،
دېرىزەڭ كەينىدە مەن يۆتەلگەندە.
ناز بىلەن قوللىرىمدىن ئالدىڭمۇ سەن،
بېغىمدىن گۈللەر ئۈزۈپ ئەكەلگەندە.

تۈيدۇرماي شامال بولۇپ سۆيۈپ قاچسام،
نۇر بولۇپ، شولا بولۇپ قوغلىدىڭمۇ.
تۈنجى رەت بىز ئۇچراشقان تونۇش جاينى،
تۈيدۇرماي ماڭا تەنھا يوقلىدىڭمۇ؟

سۆزلەپ بەر چۈشلىرىڭنى گۈلۈم ماڭا،
شۇ گۈزەل ئالمىزاردا تۇراي ساقلاپ.
ۋە ياكى ئىشىكىڭنى ئاچقىن قىيا،
ھازىرلا ئۆيۈڭگە مەن كىرەي يوقلاپ.

6

ئاجايىپ كۈنلەر ئىدى ئاشۇ كۈنلەر،
ئامەتلەر ئۇچۇپ يۈرگەن بېشىمىزدا.
چۈشلەردەك شېرىن - تاتلىق ئۇزۇن تۈنلەر،
ئوت كۆيەر ئىچىمىز ھەم تېشىمىزدا.

لەۋلەردىن، يۈرەكلەردىن تامار سۆيگۈ،
تاڭ كۈلەر تاڭدەك سۈزۈك دىلىمىزدا.
بازىرى كاسات تامام ساختىلىقنىڭ،
بار جۇشقۇن جەزىبدارلىق قېنىمىزدا.

ئۆتكەن ھەر مىنۇتلاردا تۈمەن مەنە،
بۇلبۇللا تۇرار سايراپ بېغىمىزدا.
ئۆتتى يىل، ئۆتكەن گۈزەل ئەسلىملەر
ئاخشامقى چۈشتەكلا بار ئېڭىمىزدا.

خورسىنما گۈلۈم زىنھار كۈلۈپ تۇرغىن،
كۈلكەڭگە قاراپ كۈللەر قالسۇن تېلىپ.
ھەرقاچان ياشارتىمىز ئۆزىمىزنى،
ياشلىقنى باللارغا سۆزلەپ بېرىپ.

7

سەن مېنىڭ گۈلۈم بولساڭ كۈلۈپ كەلگىن،
ياتسىراش، تېگىرقاشلار قالسۇن يېتىم.
سەن مېنىڭ گۈلۈم بولساڭ كۈلۈپ كەلگىن،
قالمىسۇن چۈلدە زىنھار مەكدەپ ئېتىم.

كىرىۋەر ئۆيلىرىمگە ئىشىك چەكمەي،
كىرىۋەر دىلخانەمنى ئوچۇق ساڭا.
ياشىغىن نامەردلەرگە بويۇن ئەگمەي،
كۆزۈڭدىن ئاقسا قەترە ئۆلۈم ماڭا.

ياڭرىسۇن خۇشال ناخشاڭ سامالاردا،
كۈل جېنىم كۆرۈپ تۇراي زىنىقىڭنى.
ھېيت ـ بايرام ھەتتا قىلدان تومۇرلاردا،
ئاڭلىغان چاغدا يەڭگىل تىنىقىڭنى.

بىر سۆز بار ساڭا كۆپتىن دېيەلمىگەن،
بار ھەمدە ئېيتالمىغان بىرلا ناخشا.
ئېيتايلى بىرگە ئاشۇ ناخشىنى بىز،
سۆيۈلۈش باشقا گەپتۇر، سۆيۈش باشقا.

*(ئاپتور قاراماي ماشىنسازلىق باش شىركىتى ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت ئەترىتىدە)*

مۇتەللىپ ئوبۇل كۆلچۆر

# تاشلار تىلسىمى

## سېغىنىش

«ئاق گۈلدەستە كۆتۈرگىنىچە قىش»
دەرەخلەردە تۇرىدۇ كۈلۈپ.
ئاي تۈنەيدۇ شاخلاردا تەنھا،
غايىب بولغان ناخشاڭنى كۈتۈپ.

دېرىكىڭنى قىلىدۇ قۇشلار،
ئۇزاپ كەتكەن تەنھا ئىزلاردىن.
دىدارىڭنى ئىزلەيدۇ دالا،
قار بوپ ياغقان ئاپئاق قىزلاردىن.

قارلىق پۇتۇپ تونۇش چىغىر يول،
تىۋىشىڭغا سالىدۇ قۇلاق.
سۈرىتىڭنى تۇرار يادلاپ،
سەن يۈزۈڭنى يۇيغان چىم بۇلاق.

چىللاپ مېنى تونۇش دالىغا،
دېرىزەمنى چېكىدۇ شامال.
تەنھالىقتا كۆنەمدۇ كۆڭۈل،
يارنى باشلاپ كېلىڭلار ئاۋۋال.

## قارلىغاچ ئۇۋا سالغان ئايۋاندا

قارلىغاچ ئۇۋا سالغان ئايۋاندا،
ئۇخلاپ ياتار چۈشلىرىم تاتلىق.
ئىشىك چەكمەس بولدى شامالار،
قىلىنغان ئۇ كىملەرگە ياتلىق.

قارلىغاچ ئۇۋا سالغان شۇ ئايۋان،
بالىلىقنى ئەسلەپ تۇرىدۇ.
بىز قوغلاشماق ئوينىغان يوللار
داڭگال شۇمشۇپ خىيال سۈرىدۇ.

قارلىق تاشلاپ كېلەر ئىدى قىش،
ئاپئاق قاردا قالاتتى ئىزلار.
قېنى ۋاللەي ئوينىغان كالتەك،
قېنى سەبىي يىغلاڭغۇ قىزلار.

قارلىغاچ ئۇۋا سالغان ئايۋاننىڭ
ئەتراپىدا سايرامدۇ قۇشلار؟
ئەسلەپ ھايات چۇقانلىرىنى،
ئىسمىمىزنى توۋلامدۇ قۇشلار؟

چۇقان سېلىپ ماڭاتتۇق ھەر تاڭ،
پادىلارنى ھەيدەپ جاڭگالغا.
يالاڭ پۇتلار قىينايتتى جاننى،
پۇتلاشقاندا تاشقا، داڭگالغا.

قارلىغاچ ئۇۋا سالغان ئايۋانغا
بالىلىقنى تىقىپ قويدى كىم؟

بىز ياماشقان قېرى سۆگەتلەر
خىيالىمنى ئۇۋلايدۇ دائىم.

قېنى، غاجاپ يېگەن قاتتىق نان،
قېنى، سۈيى ئەلۋەك بۇلاقلار.
ئوغرىلىقچە باغلارغا كىرىپ،
قېنى، دەسسەپ ئۆتكەن شىۋاقلار.

قارلىغاچ ئۇۋا سالغان ئايۋاندا،
بىر ھېكايە سۆزلەيدۇ ئۇزاق.
ئېلىپ كەتتى شاماللار ئۈنى،
ھېچكىم بىلمەس جايلارغا يىراق.

## قارلىقىمنى كىمگە تاشلايمەن

ئاق ئەتىرگۈل تۇتۇپ دەرەخلەر،
كۆلكىسىنى ئېيتىدۇ ئەللەي.
تۇرۇپ قالدىم قولۇمدا قارلىق،
سېنى نەدىن ئىزلەشنى بىلمەي.

بۇزۇلمىدى كاچكۇلنىڭ چۇشى،
قار ئۇچقۇنى شىۋىرلار تاتلىق.
سۇ ئالغىلى چىقمىدى ھېچكىم،
ئەسلىمىلەر توۋلايدۇ ئاچچىق.

ئاق چېچەكتىن ئارتقانچە رومال،
ناخشا ئېيتىپ تۇرىدۇ ئورمان.
ئىزلار نەقىش ئويغان شۇ يولدا،
چېچەكلەيدۇ قەلبىمدە گۇمان.

كۆزتۇۋېرىپ تالدى ئەقىدەم،
ئەمدى كىمچۈن ناخشا باشلايمەن.
تەستەك سوۋغا قىلار تەنھالىق،
قارلىقىمنى كىمگە تاشلايمەن.

## شىۋاق

قۇشلارنىڭ ئۈلۈشى نەقەدەر ئازاب،
كۆيلەرنىڭ تىلسىمى بولغاندا گاچا.
چۇشلىرىم ئالدىڭغا بارسا گەر قاناپ،
تۇيدۇرماي بېشىمنى سىلاپ قوي ئانا.

بۈگۈن كۆرەلمىدىم ئاينى، ئاۋازى
ئېھتىمال تۆت تامغا قالدى قاپسىلىپ.
سەن ماڭا قالدۇرغان دۇتارنىڭ تارى
ياردار باغرىمدا كەتتى ئۈزۈلۈپ.

جىگدىنىڭ پۇرىقى ئوغرىلاپ كەتتى،
بۇلاقتا كۆمۈلگەن تىمتاس دىلىمنى.

ئاخىرقى ئاپتوبۇسمۇ ئۇزاپ كەتتى،
تۇرغىنىمدا چاينىماپ گاچا تىلىمنى.

يىغلايدۇ يوللاردا بىر گۈل ئاۋازسىز،
تىكەنلەر باغرىغا ئۇزاتمىدىم قول.
شورىلار سىر بەرگەن تۈنلەر ۋاپاسىز،
شاخلاردا تۈنەيدۇ باغرى قان بۇلبۇل.

تۇيدۇرماي بېشىمنى سىلاپ قوي ئانا،
قۇشلارنىڭ ئاۋازى بولسىمۇ قىرتاق.
يىغۇبار تاشلاردا پىچىرلاپ تەنھا،
ئۆزىنى غاجايدۇ قاقشال بىر شىۋاق.

## تاشلار تىلسىمى

ئېھتىمال بۇ يولنىڭ داۋامى ئۇزاق،
ئانىلار قول شىلتىپ قالدى يىراقتا.
ناخشىمىز چۇشىنى بۇزغان دالىلار،
بىر ئېتەك ياش بىلەن ئۆلدى پىراقتا.

تاشلارنىڭ تىلسىمى گاداي ئەسلىدىن،
يىرىلغان تەپتىدە يار ئالغان يۈرەك.
كۆزىدە بوغۇزلاپ قىسمەتلىرىنى،
تۆگلۈكتە تۇنەيدۇ بىغۇبار لىپچەك.

## خەت

بورانىڭ ھۇۋلىشى بىرەلمەس شادلىق،
تىترەڭگۈ قولدىكى سۇنۇق قەدەھكە.
ئۇيقۇسىز تۈنلەرنى ئۆتكۈزدۈم ئامان،
ئىسمىڭدىن ئوت يېقىپ بارچە تىلەككە.

كۆزلىرىم پاياناز بولدى يولۇڭغا،
بىر سېنىڭ مېھرىڭدە نۇرلىنىپ تۇرغان.
يار ئېلىش ئالدىدا تۇرغان يۈرەككە،
پەقەت سەن سالىسەن مەڭگۈلۈك تۇغان.

*(ئاپتور شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا 2003 ـ 2 ـ سىنىپتىن)*

مەھمۇدجان خوجا ئۈمىدۋار

# شەكلى شېئىر

## ئۈمىدۋار

خىيالچان بىر كىشى ئېيتۇر: «خىياللارغا گىرىپتارمەن،
خۇشال يۈرسەم، دېمە: ‹غەمسىز› پىغان سەھراسىدا خارمەن.
سېنى كۆرسەم تاپالماي گەپ، تۇرارمەن لەۋلىرىم تىترەپ،
مىسالى پادىشاھ، خان سەن، ئۆزۈم ئېغىر گۇناھكارمەن.
بىتاب بولساممۇ ھىجرىڭدە، كۆلۈپ يۈردۈم يارەنلەرگە،
لېكىن غەمناك، يۈرىكىم پاك، ساڭا مەنسۇپ پىداكارمەن.
تىلىم گەر ئېيتىسىمۇ: ‹دوستلۇق›، دىلىم سەندىن تىلەر سۆيگۈ،
ئەپۇ قىل بۇ سۆزۈمنى ئاھ، قەيەردىن ئىزلىسەڭ بارمەن.»
«دىلى غەملەر بىلەن تولغان، ماڭا چىن مەھلىيا بولغان،
ئۆزۈڭ كىمسەن؟» دېسەڭ، ئېيتاي: «سېنى كۈتكەن ئۈمىدۋارمەن.»

## چوغ ئۆزۈم، قالماس سۇۋۇپ

ئوتتا سەن كۆيتىن بۇيان، يۈردۈڭ قىزىل يالقۇن يۇتۇپ،
يۈرىكىڭ تەشنا ماڭا، كەلدىڭ لېكىن مەخپىي تۇتۇپ.
مەن چىقارماي بىر تىۋىش، كۆلگەچ ھامان تەنھا پېتى،

ئويلىدىڭ بەلكىم مېنى: «ئۇ ئېرىمەس، مۇزلۇق قۇتۇپ.»
چۆلدە سەن قاقشال گىياھ، مۇنبەتتىمەن سەندىن يىراق،
بوك - باراقسان زور چىنارمەن، كۆككە تۇرغان بوي سوزۇپ.
چۈشلىرىڭدە قۇش بولۇپ، ئۇچتۇڭ مېنى مەنزىل قىلىپ،
پەرلىرىڭ تالغاي لېكىن، شاخىمغا بىر قونماي تۇرۇپ.
جۇپ كۆزۈڭ شۇ تاپ سېنىڭ غەم - ئەلەم قەسرى گويا،
سەن خارابەت ئەھلىگە قالدىڭ غېرىب سۇلتان بولۇپ.
كەلسە كۆكلەم، رەڭلىنىپ كۈتتۈڭ مېنى باغلار ئارا،
مەندە يوق ئىللىق تەبەسسۇم، سەن شۇڭا قالدىڭ قۇرۇپ.
گۈل - چېچەك قىز رەنجىمە، زالىملىقىم رايىم ئەمەس،
مەن كەيپ، ئىچكەچ ئەزەلدە چىن ئىشقتىن مەي قۇيۇپ.
ئەڭ ئۇلۇغ ھىجران مېنى ئىزلەر: «ئۇمىدۋار قايدا؟» دەپ،
شۇ سەۋەب سۆيگۈ گۈلۈم بارغان ئىدى ئۇنىسىز سولۇپ.
ئىنتىھادا سۆز شۇكى: پاكىز يۈرەك ھەققە كۆيەر،
سۆي يا سۆيمە، بەربىر، چوغمەن ئۆزۈم قالماس سوۋۇپ.

*(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى تارىخ فاكۇلتېتى جەمئىيەتشۇناسلىق كەسپى 2004 - يىللىق 2 - سىنىپ)*

**ياسىنجان ياقۇپ**

# قىش كېچىلىرى

تىكەندەكلا قالىمەن يالغۇز،
كەچ كىرىشى بىلەن ياتاقتا.
ئوت ياقماقچى بولىمەن دەرھال،
توڭلاپ قالسام مۇدھىش سوغۇقتا.

دۇنيايىمنىڭ سىرتىدا قالغان،
ئاھ، بايىقى شاۋقۇنلۇق شەھەر.
مېنىڭ ئۈچۈن بەربىر ھامان،
قىزىل تاكسى، تونۇش ئادەملەر.

چۈنكى مېھىر ئىزدەپ يۈرمەيمەن،
تاشتىن قاتتىق يۈرەكلەر ئارا.
مېنىڭ قەيسەر سۇنماس ئىرادەم،
قورام تاشتىن تامغان نۇر زىيا.

قىش كۈنلىرى ئۈچۈپ مۇھەببەت،
ئۆخلاپ قالغان كوچا چىرىغى.
ئادەملىكتىن بەردۇق ئىمتىھان،
ماڭدامدا بىر تۇرمۇش سىنىقى.

ھۇزۇر ئېلىپ پەقەت ئوتتىنلا،
كىرىپ كەتتىم قىشقا جىممىدە.
ئون ئىككىنچى ئاينىڭ ئاخىرى،
يېڭى يىلنى قۇتلاپ كەلمەكتە.

*(ئاپتور قومۇل گېزىتى ئىدارىسىدە)*

www.uyghurkitap.com

تۇرسۇنگۈل مۇھەممەت

# بەختىم مېنىڭ — سەبىيلەر

«سالام» دېسە ھۆرمەت بىلەن سەبىيلەر،
كۆزلىرىدىن ئۈمىد نۇر بوپ تۆكۈلەر.
شادلىقىمدۇر، مېنىڭكى شۇ ئۈمىدلەر،
قەلبىم شۇئان باھارغىلا پۈركىنەر.

«سالام» دەيدۇ ھۆرمەت بىلەن سەبىيلەر،
تۇغار قايتا مېنى يېڭى شۇ سەھەر.
ئويغىنىدۇ شوخ بالىلىق تۇيغۇمدا،
ئاشۇ تۇيغۇ يۈرىكىمنى كۆيدۈرەر.

«سالام» دەيدۇ ھۆرمەت بىلەن سەبىيلەر،
يېڭى بىر كۈن قۇچاق ئېچىپ خۇش كۈلەر.
ئاسمىنىمدا چاقنىغاندەك مىڭ قۇياش،
چىن مېھرىمگە چۆمۈلىدۇ شۇ قەدەر.

«سالام» دەيدۇ ھۆرمەت بىلەن سەبىيلەر،
ماڭا بېقىپ مەسۇم، گۈلگۈن چېھرىلەر.
بىلىم بىلەن نەقىش چەكسەم دىللارغا،
كۈلەر قەلبىم، كۈلەر غۇنچە سەبىيلەر.

«سالام» دەيدۇ ھۆرمەت بىلەن سەبىيلەر،
شۇ سەبىيلەر دۇنيايىم بوپ كۆرۈنەر.
مەن ئۇلارنىڭ تەلپۈنگەن گۈل دۇنياسى،
بال ھەرىدەك يېپىشىدۇ ھەر مەھەل.

«سالام» دەيدۇ ھۆرمەت بىلەن سەبىيلەر،
جىلۋە قىلار چېھرىدە خۇش كۈلكىلەر.
تىلىكىمدۇر — سەبىيلەرنىڭ تىلىكى،
ئەجرىم ئاشۇ تىلەكلەرنى كۈلدۈرەر.

*(ئاپتور باي ناھىيە كانچى يېزا باشلانغۇچ مەكتەپتە)*





ئەكبەر قادىر

# زوردۇن سابىر قانداق يازغۇچى

(زوردۇن سابىر تۇغۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىغا بېغىشلايمەن)

زوردۇن سابىر (1937 ~ 1998) 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر رېئالىستىك يازغۇچى. ئۇ ئاساسلىقى 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزى ياشىغان دەۋردىكى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ گۈللىنىشىگە ئالاھىدە تۆھپە قوشتى. شۇنىڭدەك كىتابخانلار، ئوبزورچىلار تەرىپىدىن «ئۇيغۇر پروزىسىدىكى بايراقدار يازغۇچى» دەپ تەرىپلەندى. ئۇ رۇس يازغۇچىلىرىدىن شولوخوف، تولستوي، گوركىي قاتارلىق رېئالىستىك يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆپ ئوقۇغان بولغاچقا، ئىجادىيەتتە ئاشۇلارنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ تەسىرىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرگەن. ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە سىستېمىلىق بولغان رېئالىزملىق ئەدەبىي ئىجادىيەت نەزەرىيىسىنى مۇكەممەل تۇرغۇزغان. ئۇ تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ئىشلار ۋە يۈزەكى ھادىسىلەرگە ھەرگىز سەل قارىمايتتى. كۆزەتكەن، ھېس قىلغانلىرىنى خاتىرىسىگە يېزىپ قالدۇرۇۋالاتتى. بۇنداق خاتىرىلەر كېيىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە تۇرمۇش تەپسىلاتلىرىنى دەلىللەش رولىنى ئويناپ، ئەسەرلىرىنىڭ رېئالىزملىق پۇرىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان، تۇرمۇش بىلەن بولغان ئارىلىقىنى يېقىنلاشتۇرغان ئىدى. ئۇ مەيلى قەيەرگە بارسۇن، قانداق ئادەملەر بىلەن ئۇچراشسۇن ئۇلاردىن ئۆز ئىجادىيىتىگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئىزدەيتتى. ئۇ بىر قېتىم تۇرمۇش ئۆگىنىش ئۈچۈن مەكىتكە بارغاندا ئۇ يەردىكى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ بېيىغان دېھقان ئىسمائىل روزى بىلەن تونۇشىدۇ. ئويلىمىغان يەردىن بۇ دېھقان ئۆز ئىگىلىكى توغرىسىدا ئەمەس، بۆركۈتى توغرىسىدا كۆپ سۆزلەيدۇ. بۇ ھال رېئال تۇرمۇشقا سادىق يازغۇچىدا باشقىچە ئىلھام پەيدا قىلىدۇ. يازغۇچى «ئىجادىيەت ۋە تۇرمۇش» ناملىق ماقالىسىدە (بۇ ماقالە «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1986 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان) ئاشۇ ۋاقىتنى ئەسلەپ مۇنداق يازىدۇ: «ئۇنىڭ بۆركۈت توغرىسىدىكى قىزىقارلىق ھېكايىلىرى بىردىنلا مېنى جەلپ قىلىۋالدى. مەن بۇ رېئاللىق ئالدىدا چارۋا توغرىسىدا ئەھۋال ئىگىلەشتىن دەرھال ۋاز كەچتىم ـ دە، بۆركۈت توغرىسىدا ئويلاشقا باشلىدىم. بۆركۈتنىڭ سۆھبىتى مەندە يېڭى چۈشەنچە ھاسىل قىلدى». دېمەك، زوردۇن


ئاپتور يازغۇچى زوردۇن سابىر بىلەن بىللە

سابىر بەدىئىي توقۇلمىنى شۇ ۋەقەلىككە مۇناسىۋەت-لىك، باغلىنىشلىق بول-غان رېئال تۇرمۇشنى ياكى تۇرمۇشتىن كېسىۋېلىن-غان بىر پارچە ماتېرىيالنى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ بارلىققا كەلتۈردى.

يازغۇچى زوردۇن سا-بىرنىڭ رېئاللىققا بولغان سادىقلىقى ئۇنىڭ «قەرز-دار» ھېكايىسىنى يېزىش جەريانىدىن تېخىمۇ رو-شەن كۆرۈنۈپ تۇردۇ. يازغۇچى «قەرزدار» ھېكا-يىسىنى يازغان 1980 ـ يىلى خەلق گۈڭشېسى تېخى بىكار قىلىنمىغان ئىدى. لېكىن يازغۇچى خەلق گۈڭشېسىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ قازاننىڭ جۇڭگو دېھقانلىرىنى باي قىلالمىغانلىقىنى دېھ-قانلار ئارىسىدا يۈرۈپ كۆرگەن ئىدى. بۇ رېئاللىق ئۇنى «دېھقانلارنى ھەقىقىي بېيىتىش ئۈچۈن بۇ چوڭ قازاننى چاقماي بولمايدۇ» دېگەن ئىدىيىنى چىقىش قىلىپ ئەسەر يېزىشقا ئۈندىگەن.

* *

زوردۇن سابىر 1937 ـ يىلى باھار ئايلىرىدا غۇلجا ناھىيە يېڭىتام يېزا بوستان كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. دادىسى سابىر ئاكا دېھقان بولسىمۇ، ئىلىم ـ پەنگە قىزىقىدىغان، ئىلىم ئەھلىلىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان ئادەم ئىدى. ئانىسى ئانارخان ھەدە ئىشچان، پاكىز، چېۋەر ئايال ئىدى. زوردۇن سابىرنىڭ بالىلىق ھاياتى شىمالىدىن ئابرال تېغىنىڭ شامىلى ئۇرۇپ تۇرىدىغان مۇشۇ كىچىككىنە بوستانلىق مەھەللىدە ئۆتتى، 1942 ـ يىلى زوردۇن سابىر بەش ياشقا كىرگەن يىلى ئۇنىڭ ئانىسى ۋاپات بولۇپ كېتىپ، بۇ ئائىلىدىكى ئالتە جان ئادەم دادىسى سابىر ئاكىنىڭ ھەم دادا ھەم ئانا بولۇپ بېقىپ چوڭ قىلىشىغا قاراشلىق بولۇپ قالدۇ.

1946 ـ يىلى زوردۇن سابىر مەھەللىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىردۇ. ئۈچىنچى سىنىپنى پۈتتۈرگەندە تۆتىنچى سىنىپ يوق بولغاچقا داۋاملىق ئۆرلەپ ئوقۇشقا ئامالسىز قالدۇ. زوردۇن سابىرنىڭ ئاكىسى نۇرۇم سابىرنىڭ ئەسلەپ بېرىشىچە، شۇ ۋاقىتتا ئۇرۇق ـ تۇغقانلار زوردۇن سابىرنى مەھەللىدىكى ئىمامدىن دىنىي تەلىم ئالدۇرۇپ قارىي قىلىپ تەربىيىلىمەكچى بو-لۇشقان ئىكەن. لېكىن زوردۇن سابىر ئۆزىنىڭ ئۆرلەپ ئوقۇش ئارزۇسىدا چىڭ تۇرۇۋالغان. دادى-سىمۇ زوردۇننى زادى ئوقۇتىمەن دېگەن، شۇنىڭ بىلەن ئائىلە ئىقتىسادىنىڭ يار بەرمەسلىكىگە قارىماي ئۇنى باشقا يەرگە ئەۋەتىپ داۋاملىق ئوقۇتۇش ئويىغا كەلگەن.

شۇ ۋاقىتتا مەھەللە باشلانغۇچ مەكتىپىدە زاماندىن ئەپەندى ئىسىملىك بىر مۇئەللىم بار

بولۇپ، ئۇ زوردۇن سابىرنىڭ داۋاملىق ئوقۇشىنى تەشەببۇس قىلغانلارنىڭ بىرى ئىدى. زاماندىن مۇئەللىم زوردۇن سابىرنى ئارا ئۆستەڭ يېزىسى ئارا مەھەللە كەنتىدىكى تولۇقسىز مەكتەپكە ئاپىرىپ، تۆتىنچى سىنىپقا ئوقۇشقا كىرگۈزگەن. زوردۇن سابىر بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ئۆگىنىشتىكى تىرىشچانلىقى، زېرەك، ئەقىللىقلىقى بىلەن سىنىپتا بىرىنچى بولۇپ ئوقۇغان. بولۇپمۇ ماتېماتىكا دەرسىدە نەتىجىسىدە ئالاھىدە ياخشى بولغان. بىراق ئۇنىڭ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇشى تولىمۇ قىيىن بولغان. كۆپىنچە ساۋاقداشلىرى بايلارنىڭ ياكى ئىقتىسادىي شارائىتى ياخشى ئائىلىلەرنىڭ بالىلىرى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە زوردۇن سابىر نامرات ئائىلىنىڭ بالىسى قارىلىپ بەزىدە كەمسىتىلگەن. نۇرۇم سابىر ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «1949-يىلى كۈزدە زاماندىن ئەپەندىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن بىز بىر يوتقان-كۆرپە، كىگىز، نان دېگەندەكلەرنى تەسلىكتە تەييارلاپ، زوردۇننى ئارا ئۆستەڭگە يولغا سېلىپ قايدۇق. قېرىشقاندەك شۇ يىلى قىشتا ناھايىتى قېلىن قار ياغدى. دادام بالام توڭلاپ قالىدىغان بولدى، دەپ مەندىن بىر چاپان ئەۋەتتى. مەن بارسام، راست دېگەندەك ئىنىم يازدا كەتكەن يالاڭ چاپان بىلەن ئىكەن. بۇ يالاڭ چاپىنىمۇ كونا بولغاچقا سوغۇقتا تالاغىمۇ چىقالماي قاپتىكەن. ھەتتا بەزى مۇئەللىملەر ئىنىمنى مەكتەپتىن قايتۇرۇۋەتمەكچىمۇ بولۇپ تۇرۇپتىكەن».

1951-يىلى زوردۇن سابىر غۇلجا شەھىرىدىكى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ «ئىلى مەكتەپ»تە ئوقۇيدۇ. 1952-يىلى بۇ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ 1953-، 1954-يىللىرى گىمنازىيە (ھازىرقى سەككىزىنچى ئوتتۇرا مەكتەپ ئورنىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ)دە ئوقۇيدۇ. 1955-يىلى ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى ئىلى دارىلمۇئەللىمىن (ھازىرقى ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى)گە ئوقۇشقا كىرىپ، 1957-يىلى پۈتتۈرىدۇ.

دۇنيادا مەيلى كىم بولسۇن ئۇستازىنىڭ رولىسىز ھايات يولىنى توغرا باسالىغان ئەمەس. نۇرۇم سابىر «مەن زاماندىن مۇئەللىمنى زوردۇن سابىرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئۇستازى دەپ قارايمەن» دەيدۇ. شۇنداق، زاماندىن مۇئەللىم زوردۇن سابىرنىڭ ئوقۇش ئارزۇسىغا ئىلھام بەرگەن ھەم ئۇنى ئۆز قولى بىلەن ئۆرلەپ ئوقۇشقا ئاپىرىپ بەرگەن. ناۋادا شۇ قېتىم زاماندىن مۇئەللىم كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇنى مەكتەپكە ئاپىرىپ بەرمىگەن بولمىسا، بەلكىم زوردۇن سابىر ئوقۇش ئارزۇسىدىن مەھرۇم قالغان بولاتتى.

زوردۇن سابىر كىچىكىدىنلا ئەدەبىياتقا چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان. ئۇ مەھەللىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندىلا مەكتەپتىكى تۈرلۈك پائالىيەتلىرىدە شېئىرلارنى دېكلاماتسىيە قىلاتتى. ئۇنىڭ شېئىرغا بولغان قىزغىنلىقىنىڭ يېتىلىشىگە ئۆز مەھەللىسىكى ھاشىم ئاكا، ئۆمەر ئاكا قاتارلىق قوشاقچى ئادەملەرنىڭ ئاغزىدىن نۇرغۇن قوشاقلارنى ئاڭلىغان، يادلاپ ئالغان. دائىم ئۇلارنىڭ قېشىدىن نېرى كەتمىگەن. نورۇم سابىرنىڭ دەپ بېرىشىچە، زوردۇن سابىر ئىلى دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە 1956-يىلى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى تېما قىلىنغان تۆت پەردىلىك بىر دراما يازغان. بۇ دراما شۇ يىلى يازدا ناھىيىلىك تەشۋىقات تارماقلىرىنىڭ تەستىقلىشى ۋە قوللىشى بىلەن مەھەللىدە ئوينالغان ئىكەن.

زوردۇن سابىر ئىلى دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقاندا دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئەدەبىيات، پەلسەپە، تارىخ، جۇغراپىيىگە دائىر نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇغان. ئۇنىڭ ئەينى يىللاردىكى ئەدەبىيات مۇئەللىمى، دراماتورگ، يازغۇچى ماناپ قادىرى ئەپەندىنىڭ ئەسلەپ بېرىشىچە، ئۇ سىنىپ بويىچە ئەڭ ئەلاچى ئوقۇغۇچى بولۇپلا قالماي يەنە يېزىقچىلىق قابىلىيىتىمۇ ئەڭ يۇقىرى ئوقۇ-

غۇچى ئىكەن. ئۇ دائىم «ئانا»، «كېلىدۇ بىر كۈن»، «ئالتۇن ۋادىدىكى شاماللار»، «بوتا كۆز» قاتارلىق رومانلارنى قولىدىن چۈشۈرمەيدىكەن. دېمەك، زوردۇن سابىر ئۆزىدە ناھايىتى كۆپ بىلىم جۇغلانمىسى ھاسىل قىلىشقا تىرىشقان. زوردۇن سابىر 1989 - يىلى تەنقىدچى ئەنۋەر ئابدۇرېھىم بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىدە ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت قىزغىنلىقىنىڭ كىچىك ۋاقىتلىرىدىلا باشلانغانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ. «توققۇزىنچى سىنىپتا ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىمدا داستان يازغانىدىم. مەن يازغان ئىككى پارچە درامىنىڭ بىرى ‹ئېتىز كەپىسى› ئەينى يىللاردا رايون سەھنىلىرىدە ئوينالغان.» زوردۇن سابىرنىڭ ئىلى دارىلمۇئەللىمىنىدىكى ئوقۇتقۇچىسى مولداغالى مۇنداق دەيدۇ: «مەن زوردۇن سابىرغا پېداگوگىكا، پسىخولوگىيە، دۇنيا يېڭى زامان تارىخى قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتكەن. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ مەندىن دائىم چوڭقۇر سوئاللارنى سوراپ تۇرۇۋالاتتى. دەرسنى بەكلا چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرەتتى. مەن ئۇنىڭ يەنە ‹لېنىننىڭ بالىلىق چاغلىرى›، ‹بۇ ۋەقە روۋنو ئەتراپىدا بولغان› دېگەندەك كىتابلارنى ئوقۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆرەتتىم. زوردۇن سابىرنىڭ ‹ئانا يۇرت› رومانىنىڭ قازاقچە تەرجىمىسىنى ئوقۇپ چىقىپ مۇشۇنداق بىر ئوقۇغۇچۇم بولغانلىقىدىن تولىمۇ پەخىرلەندىم.»

نۇرۇم سابىر يەنە مۇنداق دەيدۇ: «زوردۇن ھەقىقەتەن كىتابنى كۆپ ئوقۇيتتى. ئىلى دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقاندا تەتىللەردە بىرلا قېتىم چىقاتتى. چىققاندىمۇ بىرمۇنچە كىتاب - ژۇرناللارنى ئېلىپ چىقاتتى. كۈندۈزى ئېتىز ئەمگىكىگە قاتناشسا ئاخشىمى لامپىنىڭ يورۇقىدا كىتاب ئوقۇيتتى. مەن زوردۇننىڭ تەسىرى بىلەن كىتاب ئوقۇشقا قىزىقىپ قالغان. مەكتەپنى پۈتتۈرگەندە مەن ئۇنى مەھەللىگە ئاچىققان ئىدىم. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ شۇ چاغدا ئىككى يۈز پارچىدىن ئوشۇق كىتاب ئاچىققان ئىدى. بىز ئىككىمىز كەچتە رومان ئوقۇيتتۇق. بىر قېتىم لامپا يورۇقىدا رومان ئوقۇپ تاڭ ئېتىپ كېتىپتۇ. سەھەردە دادام بىزنى كۆرۈپ خاپا بولۇپ: «مۇنۇغۇ كىتاب ئوقۇسۇن، سەنچۇ، سېنىڭ ئۇخلىمىغىنىڭ نېمىسى؟ سەن دېگەن ئېتىزغا بارىدىغان، كەتمەن چاپىدىغان تۇرساڭ» دەپ كايىپ كېتىۋىدى، زوردۇن دادامغا: «مەن بىكارغا رومان ئوقۇمايمەن، مەن كېيىن رومان يېزىپ سېنىڭ ئىسمىڭنى ئۆچمەس ئىسىمگە ئايلاندۇرىمەن، دادا» دېدى. بىز تالاغا چىققاندا شىمال تەرەپتىن ئابرال تېغىنىڭ شامىلى چىقىۋېتىپتىكەن. زوردۇن ھاياجانلىنىپ: «مەن رومانىمدا مۇشۇ ئابرال شاماللىرىنى يازىمەن. قارا، سەھەردىكى بۇ سالقىن شامالنىڭ راھىتىنى» دېدى. راست دېگەندەك، كېيىن «ئابرال شاماللىرى» رومانىنى يېزىپ چىقتى. مەرھۇم دادام 1976 - يىلى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان ۋاقتىدا بۇ رومانىنىڭ پىكىر ئېلىش نۇسخىسىنى كۆرۈپ خۇشال بولغىنىدىن «بالام دېگىنىنى قىپتۇ، مېنىڭ ئارزۇيۇمنى ئىشقا ئاشۇرۇپتۇ» دەپ قايتا - قايتا ماختاپ كەتكەن ئىدى.

زوردۇن سابىرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە رەسمىي قەدەم قويۇپ، يازغۇچى بولۇپ يېتىلىشىگە ئۇستاز بولغان ھەم تەسىر كۆرسەتكەن ئادەمنىڭ بىرى يازغۇچى توختاخۇن ناسىرى ئىدى.

توختاخۇن ناسىرى ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى ئەۋلاد ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ، 1963 - يىلىدىن 1970 - يىلىغىچە لەنجۇدا غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولغان. زوردۇن سابىر بىلەن توختاخۇن ناسىرىنىڭ دوستلۇقى غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا بىللە خىزمەت قىلىش جەريانىدا ئورنىتىلغان.

زوردۇن سابىر 1957 - يىلى لەنجۇ غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا ئەۋەتىلگەن. ئۇ يەردە ئۇ بىر تەرەپتىن خەنزۇ تىلى ئۆگىنىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن دەرس تەييارلاش ۋە تەتقىقات

خىزمەتلىرىگە ياردەملىشىدۇ. كىتاب ئوقۇش، بىلىم ئېلىشنىڭ تېخىمۇ ئەۋزەل ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىدۇ. ئۇ تەنقىدچى ئەنۋەر ئابدۇرېھىم بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەت خاتىرىسىدە شۇ يىللار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «مەن 1957 ـ يىلىدىن 1960 ـ يىلىغىچە تەخمىنەن ئۈچ يۈز پارچىدىن ئوشۇق رومان ئوقۇدۇم... مەن ئەينى يىللاردا ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹نېمە قىلىش كېرەك›، ‹ئوغرى سېغىزخان›، ‹ئۆلۈك جانلار›، ‹بوران›، ‹ئاباي›، ‹ناۋائى› قاتارلىق رومانلارنى ئوقۇپ خاتىرە قالدۇرغان. لەنجۇغا بېرىپ بىر يېرىم يىلدىن كېيىن خەنزۇچە رومانلارنىمۇ ئوقۇشقا كىرىشكەن ۋە ‹كۆكۈيۈن›، ‹خاتا تەربىيە› قاتارلىق رومانلارنى، مۇپاسسان ھېكايىلىرى، ماۋدۇننىڭ ‹تۈن يانغاندا›، باجىننىڭ ‹ئائىلە› قاتارلىق رومانلىرىنى ئوقۇغان. مەن غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىمدا يەنە ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، ئېستېتىكا، پەلسەپەگە ئائىت نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەرنى، جۈملىدىن لېنىننىڭ ‹ماتېرىيالىزمۇ، ئىمپېرىئوكرىتىسىزمۇ›، ‹پەلسەپە خاتىرىلىرى›، ‹دۆلەت ۋە ئىنقىلاب› قاتارلىق ئەسەرلىرى، ماركسنىڭ ‹كاپىتال›ناملىق ئەسىرىنى، ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەققىدىكى بايانلىرىنى، ماۋزېدۇڭنىڭ ‹ئەمەلىيەت توغرىسىدا›، ‹زىددىيەت توغرىسىدا›، ‹خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى توغرا ھەل قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە› قاتارلىق پەلسەپىۋى ئەسەرلەرنى ئوقۇدۇم. قىسقىسى، شۇ يىللاردا ئوقۇغان كىتابلىرىم ئەدەبىي ئىجادىيىتىمدە ئاساسلىق رول ئوينىدى.»

زوردۇن سابىر لەنجۇدىكى ۋاقتىدا «ئانا يۇرت» ناملىق ھېكايىلەرنى ۋە كۆپلىگەن شېئىرلارنى، ئوبزور، ماقالىلەرنى يېزىپ، ئۆزىنى ئەدەبىي ئىجادىيەت جەھەتتە چېنىقتۇرغان. توختاخۇن ناسىرى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «زوردۇن سابىر دائىم ئۆيۈمگە كىرەتتى. ماڭا شېئىرلىرىنى كۆرسىتەتتى. مەندە كىتاب ـ ژۇرناللار كۆپ ئىدى. ئۇ مېنىڭ ئۆيۈمدە ‹تارىم› قاتارلىق ژۇرناللارنى ئوقۇيتتى. مەن شۇ ۋاقىتتا ‹ئابرال ئېتىكىدە› ناملىق بىر رومان يازغان ئىدىم. زوردۇن بۇ رومانىمنىڭ قوليازمىسىنى ئوقۇپ چىققان». دېمەك، زوردۇن سابىرقەلبىدە كىچىكىدىن يانغان ئەدەبىياتقا بولغان ھەۋىسىنى غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا بارغاندىن كېيىن ئەدىب توختاخۇن ناسىرىنىڭ تەسىرى بىلەن جانلاندۇرۇپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن.

مۇدھىش مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ زىيانكەشلىكى بىلەن زوردۇن سابىر 1964 ـ يىلى غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ 1971 ـ يىلىغىچە ئۆز يېزىسىدا تۇرغان. كېيىن غۇلجا شەھەرلىك ئىككىنچى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇنىڭ بۇ يەردىكى ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتى يەنىلا مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ئاچچىق قىسمەتلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كېتىدۇ. زوردۇن سابىر 1989 ـ يىلى ئەنۋەر ئابدۇرېھىم بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتتە ئاشۇ يىللار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «1972 ـ يىلى ئىلىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ يۈرگىنىمدە، ئوبلاستتا ئىجادىيەت ئىشخانىسى قۇرۇلدى. بۇ ئىشخانىغا ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلالايدىغان بىر تەرجىمان كېرەك بولۇپ قېلىپ، مېنى ئەكەلگەن ئىدى. مەن ئۇ يەرگە ئورۇنلىشىپ، ئاز كۈندىن كېيىن يېزىقچىلىققا رەسمىي كىرىشىپ كەتتىم. مېنىڭ ‹تاغ كەينىگە ئۆتكىچە›، ‹گۆھەرنىڭ بەختى›، ‹دوستۇمنىڭ تارىخى›، ‹ئونىنچى سىنىپنى ئەمدى تۈگەتتىم›، ‹سەھەرچى› قاتارلىق بىر مۇنچىلىغان ھېكايىلىرىم شۇ چاغلاردا ئېلان قىلىنغان.»

زوردۇن سابىر 1970 ـ يىللارنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ ئىجادىيەتكە زور قىزغىنلىق بىلەن كىرىشىپ كېتىدۇ. يېڭى ـ يېڭى ھېكايىلەرنى يېزىپ تېزلا تونۇلىدۇ. ئۆزىنى ھېكايىچىلىقتا سىناپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن، تېزلا رومان يېزىشقا كىرىشىپ «ئابرال شامىللىرى»

رومانىنى يېزىپ پۈتتۈردى. بۇ رومان يازغۇچىنىڭ تۇنجى رومانى بولۇشىغا قارىماي بەدىئىيلىك جەھەتتىن خېلىلا يۇقىرى سەۋىيىدە ئىدى. رومان شۇ چاغدا تىيىپجان ئېلىيوف، ئابدۇكېرىم خوجا قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ قىزغىن مۇئەييەنلەشتۈرۈشى ۋە ماختىشىغا سازاۋەر بولىدۇ. زوردۇن سابىر يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلىدۇ. رومان بولسا شىپىگىرافتا بېسىلىپ يازغۇچى، شائىرلارغا پىكىر ئېلىش، كۆرۈش ئۈچۈن تارقىتىپ بېرىلىدۇ. ئۇ 1979 - يىلى ئۈرۈمچىگە ——شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا يۆتكىلىپ كېلىدۇ.

1980 - ، 1990 - يىللار زوردۇن سابىرنىڭ ئاجايىپ ئىشتىياق بىلەن يېزىقچىلىق قىلغان دەۋرى ئىدى. ئۇ بۇ مەزگىلدە مەكىت ناھىيىسىنى ئاساسلىق تۇرمۇش ئۆگىنىش بازىسى قىلىپ غۇلجا، تۇرپان قاتارلىق جايلارنىڭ يېزىلىرىدا، دېھقانلار ئارىسىدا بولدى. دېھقانلىرىمىزنىڭ ئۆزگىرىۋاتقان تۇرمۇشى، ئېڭى، خاراكتېرى، ئەنئەنىۋى پسىخىكىسى، ئىنتىلىشى ئىپادىلىنىدىغان ھېكايىلەرنى كۆپلەپ يازدى. ئۇنىڭ بۇ مەزگىلدىكى ھېكايىلىرىدىن «دولان ياشلىرى»، «ئۇنتۇمايمەن، گۈلسارە»، «ئىھ، توپىلىق يول»، «كومبايىن»، «بۇركۇت» قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

زوردۇن سابىر ئىجادىيەتتە رېئال تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈشنى ئىزچىل تەكىتلەپ كەلدى. رېئاللىق تەقەززا بولۇۋاتقان تېمىنى يازدى. رېئاللىق ئاتا قىلغان ھېسسىياتنى ئىپادىلىدى. شۇڭا زوردۇن سابىرنىڭ كۆپىنچە ئەسەرلىرى رېئاللىقتىكى ئۆزى كۆرگەن ياكى ئاڭلىغان ئىش-ۋەقەلەرنى ئاساسىي ۋەقەلىك قىلىپ يېزىلغان. ئۇنىڭ «ئىزدىنىش» رومانى ھەتتا ئۇ بىۋاسىتە ئۆز بېشىدىن كۆچۈرگەن كەچۈرمىشلىرىنى ۋەقەلىك لىنىيىسىنى قىلىپ يېزىلغان. «گۆھەرنىڭ بەختى» مۇ شۇنداق. 1966 - يىلى قاش ئۆستەڭگى ياسالغاندا دېھقانلارغا چاي توشۇيدىغان ئايخان دېگەن بىر ئايال بولغان. كېيىن بۇ ئۆستەڭ پۈتۈپ خەلققە بەخت ياراتقان. زوردۇن سابىر ئاشۇ ئايخان دېگەن ئايالنىڭ چاي توشۇش جەريانىدىكى ئىش-ئىزلىرىنى ئاساس قىلىپ يۇقىرىقى ھېكايىسىنى يازغان. ئەينى يىللاردىكى «ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىنى جانلىق ئۆگىنىپ، جانلىق ئىشلىتىش» ھەرىكىتىدە غۇلجا ناھىيىسىنىڭ تار كەنتىدىن سەيپى دېگەن كىشى ئۆزىنىڭ مال بېقىش، كوللېكتىپنىڭ ماللىرىنى قوغداش يولىدىكى ئەمەلىي ئىش-ئىزلىرىدىن بىر قېتىم دوكلات سۆزلىگەن. زوردۇن سابىر ئاشۇ دېھقاننىڭ ئىش-ھەرىكىتى ئاساسىدا «تاغ كەينىگە ئۆتكىچە» ھېكايىسىنى يازغان. ئاكىسى نۇرۇم سابىرنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، يازغۇچىنىڭ «ۋاپادارلىق»، «قوشنىلار» ھېكايىلىرى ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بوستان مەھەللىسىدىكى دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئاساس قىلىپ يېزىلغان، «گۆھەرنىڭ بەختى» ھېكايىسى دۆڭ مازار مەھەللىسىدىكى دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى، «قەرزدار» ھېكايىسى قاش يېزىسىدىكى دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى، «سەھەرچى» ھېكايىسى بايتوقاي يېزىسىدىكى دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئاساس قىلىپ يېزىلغان ئىكەن. بۇ ھېكايىلەردە تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلەر ۋە ئوبرازلارنىڭ رېئاللىقتا ئەينەن تىپلىرى ۋە پروتوتىپلىرى بار ئىكەن.

زوردۇن سابىر «ئىزدىنىش» رومانىدىمۇ ئاساسىي ۋەقەلىكنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن جەريانلار ئاساسىدا تىپىكلەشتۈرۈپ بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ ھەقتە ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا خىزمەت قىلىپ دەم ئېلىشقا چىققان بىلىقىز ئەخمەت مۇئەللىم مۇنداق دەيدۇ: «1957 - يىل ئاۋغۇستىنىڭ ئاخىرى بىز 21 ئوقۇغۇچى يۈك ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. ئارىمىزدا زوردۇن سابىرمۇ بار ئىدى. بىزنى غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدىن كەلگەن ئابدۇللا مۇئەللىم ئېلىپ ماڭغان ئىدى. بىز كەڭسايغا بارغاندا تاماق يېيىش ئۈچۈن چۈشتۇق، شۇ ۋاقىتتا ئابدۇللا مۇئەللىم بىزگە زوردۇن سابىرنى تونۇشتۇردى ۋە بىزنىڭ يول بويى

ھەرقانداق ئىشىمىز بولسا زوردۇن سابىرنى ئىزدىشىمىز لازىملىقىنى، بىزگە ئۇنىڭ مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى تاپىلىدى. بىزنىڭ سەپىرىمىز خۇددى «ئىزدىنىش» رومانىنىڭ بېشىدا يېزىلغاندەك ئىدى. يۇك - تاقلىرىمىزنى ئاستىمىزغا قويۇپ قىستىلىشىپ ئولتۇراتتۇق. يول توپا - چاڭ ئىدى. بىز ئۇرۇمچىدە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ يەنە يۈك ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ ماڭدۇق. تاكى شىڭشىڭشيادىن ئۆتۈپ يۇمىنگە بارغاندىن كېيىنلا پويىزغا چىقتۇق. بىز لەنجۇغا بارغاندىن كېيىن ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتۇق. مەن غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ تەييارلىق فاكۇلتېتىدا ئوقۇدۇم. مەكتەپتە زوردۇن سابىرنى دائىم ئۇچرىتىپ تۇراتتىم. مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ كۇتۇپخانىسى ناھايىتى چوڭ، ماتېرىيال ناھايىتى كۆپ ئىدى. مىللىي تىل - يېزىقتىكى كىتاب - ژۇرناللارمۇ ئاساسەن تولۇق ئىدى. زوردۇن سابىر ئاشۇ كۇتۇپخانىدا باش چۆكۈرۈپ ئۆگەنەتتى. بىر قېتىم مەكتەپ بويىچە ئېچىلغان يىغىندا مەكتەپ رەھبەرلىكى ئۇنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ خەنزۇ تىلىنى پىششىق ئىگىلەپلا قالماي يەنە كەسپىي بىلىملەرنىمۇ ئۆگىنىپ ئالىي مەكتەپكە دەرس ئۆتەلەيدىغان سەۋىيىگە تېزلا يەتتى، دەپ ماختاپ كەتكەن ئىدى. زوردۇن سابىر بىزنىڭ سىنىپقا ئەدەبىياتتىن ئومۇمىي ساۋات دەرسى بەرگەن، دەرسنى ناھايىتى ياخشى ئۆتەتتى، ئۇنىڭ قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش روھى ھەممىيلەننى تەسىرلەندۈرەتتى.»

يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ كەسپىي بىلىم قۇرۇلمىسى مول، نەزەرىيىۋى تەپەككۇرى چوڭقۇر بولغاچقا تۇرمۇشنى كۆزىتىش، ماتېرىيال تاللاش ۋە تاۋلاشقا ماھىر ئىدى. ئۇ «مەن ماڭا ئىلھام بېرىدىغان تۇرمۇش ماتېرىيالىسىز زادىلا ئەسەر يازمايمەن» دېگەن. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ ئەسەرلىرى رېئال تۇرمۇشقا يېقىنلىقى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىپ تۇرىدۇ. يازغۇچى «ئەدەبىي ئەسەرنىڭ سۈپىتى توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم» ناملىق ماقالىسىدە ئۆزىنىڭ «دولان ياشلىرى» ھېكايىسىنى يېزىش جەريانىدا مەكىت ناھىيىسىنىڭ ياتاق يېزىسىدا تۇرمۇش ئۆگىنىشتە بولغانلىقىنى، مويسىپىت كىشىلەر بىلەن پاراڭلىشىپ دولان ئۇسسۇلىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلىگەنلىكىنى، ھەتتا ئۇلارنى دولان ئۇسسۇلىنى ئوينىتىپ كۆرگەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. ئەدەبىي تەنقىدچى چېن شياۋيىڭ «دولان ياشلىرى» ھېكايىسىگە باھا بېرىپ: «بۇ پەقەت ئۇيغۇر يازغۇچىسىلا يېزىپ چىقالايدىغان ھېكايە» دېگەن (چېن شياۋيىڭ: «زوردۇن سابىر ھېكايىلىرىدىكى كومېدىيىلىك تۈس توغرىسىدا»). زوردۇن سابىر ئەسەرلىرى مىللىي خاراكتېر يارىتىش جەھەتتىمۇ زور ئۇتۇقلارغا ئىگە. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى خاراكتېرلار خەلقىمىزنىڭ مىللىي روھى پسىخىكىسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن، تىل، ھەرىكەت، تەپەككۇرغىچە مىللىي خاسلىققا ئىگە قىلىنغان. تەنقىدچى لىي ماۋكۇي، چېن بەيجۇڭلار «ئۆزگىچە تۇرمۇش كارتىنىسى» ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق يازىدۇ: «زوردۇن سابىر ھېكايىلىرى ئۇيغۇر تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئىرادە باغلىغان خەنزۇ يازغۇچىلىرىغا ياخشى بىر ئۈلگىدۇر». تەنقىدچى ۋاڭ جۇڭمېڭ زوردۇن سابىر ئىجادىيىتىنىڭ تەسىرى ۋە ئورنى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «زوردۇن سابىر ئەسەرلىرىدىن ئۇيغۇر پروزا ئىجادىيىتىنىڭ كەلگۈسى ۋە شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ كەلگۈسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ» (ۋاڭ جۇڭمېڭ: «زوردۇن سابىر ھېكايىلىرىدىن تاللانمىغا كىرىش سۆز»)

يازغۇچى زوردۇن سابىر ئۆزىنىڭ «ئىجادىيەت ۋە تۇرمۇش»، «مەن بېسىپ كېلىۋاتقان مۇساپە ۋە ئىزدىنىش»، «ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ سۈپىتى توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم»، «تالانت ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە نادىر ئەسەر يارىتىش توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم»، «ئېسىل ئەسەر توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم»، «تەنقىد ئەخلاقى توغرىسىدا سۆز» قاتارلىق ماقالىلىرىدە ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات ۋە

ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەققىدىكى بىر قاتار قاراشلىرىنى شەرھلىگەن. يازغۇچىنىڭ قاراشلىرى رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىنىشى ھەم تەشۋىق قىلىنىشى بولۇپ، ئەدەبىياتىمىزدا يېڭىلىق يارىتىشتا ئىنتايىن ئاكتىپ ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. يازغۇچىنىڭ بۇ ماقالىلىرىدە ئوتتۇرىغا قويغان ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى ياش ئەدىبلىرىمىز ئۈچۈن قىممەتلىك دەرسلىك بولدى. تۇرمۇشنى مەنبە قىلىش، تىپ ۋە تىپىكلىككە ئەھمىيەت بېرىش، بەدىئىي پىششىقلاشقا ماھىر بولۇش قاتارلىقلار رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدىكى ئاساسلىق پرىنسىپلار بولۇپ، زوردۇن سابىر ئۆزىنىڭ «ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ سۈپىتى توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم»، «ئىجادىيەت ۋە تۇرمۇش» قاتارلىق ماقالىلىرىدە ئەمەلىي تەجرىبىلىرى ئاساسىدا ئۇنى مەخسۇس شەرھلەپ ئۆتكەن. ئۇ تىپ توغرىسىدا توختالغاندا «مەن ئەسەرلىرىمدە پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە، ئۇلارنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكى بىلەن كىتابخانلارنىڭ ئېسىدە قېلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىمەن» دەيدۇ.

زوردۇن سابىرنىڭ ئەدەبىيات قاراشلىرى ئىچىدە ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي رولى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ تېما تاللىغاندا ئەھمىيەتلىك تېمىلارنى تاللىدى. ئۇنى يازغاندا ئۆزىنىڭ يېزىۋاتقىنىنىڭ رېئاللىقتا، خەلق ئېڭىغا قانچىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغانلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. مەسىلەن، ئۇ «ئىجادىيەت ۋە تۇرمۇش» ناملىق ماقالىسىدە «ئېھ، تويلۇق يول»، «ئۇنتۇمايمەن، گۈلسارە» ناملىق ھېكايىلىرىنى يېزىشتىكى مەقسىتى ۋە سەۋەبىنى تونۇشتۇرىدۇ: يېزىلاردا دېھقانلار باي بولغاندىن كېيىن گەرچە ماددىي جەھەتتە باي بولسىمۇ، مەنىۋى جەھەتتە يەنە كۆپلىگەن دېھقانلىرىمىزنىڭ نامرات ئىكەنلىكىنى يازغۇچى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. نەتىجىدە «ئېھ، تويلۇق يول» ھېكايىسى ئارقىلىق دېھقانلىرىمىزنىڭ مەنىۋى جەھەتتىنمۇ باي بولۇشىغا تەسىر كۆرسەتمەكچى بولغان. «ئۇنتۇمايمەن، گۈلسارە» ھېكايىسى ئارقىلىق يېزىلاردا ئالدىن بېيىغان كىشىلەرنىڭ ئارقىدا قالغانلارغا ياردەم بېرىشىگە تەسىر كۆرسەتمەكچى بولغان. ئەمەلىيەتتىمۇ يازغۇچىنىڭ بۇ ھېكايىلىرى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن جەھەمئىيەتتە زور تەسىر قوزغىدى. دېھقانلىرىمىزنىڭ ئاڭ ۋە مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينىدى. دېمەك، يازغۇچى زوردۇن سابىر ئەدەبىياتنىڭ ئىجادىيەت پرىنسىپلىرىنى ئۆزىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش روھىغا باي ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ئارقىلىق راۋاجلاندۇرغان، بېيىتقان يازغۇچى. ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى قاراشلىرى ماكسىم گوركىي قاتارلىق پرولېتارىيات يازغۇچىلىرى ئوتتۇرىغا قويغان ئەدەبىيات قاراشلىرىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات ئەمەلىيىتىگە سىڭدۈرگەن ۋە چوڭقۇرلاشتۇرغان قاراشلار بولۇپ، بىز ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىك.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىقىدا، زوردۇن سابىر مۇھىم بىر تەتقىقات تېمىسى. يالغۇز ئۇنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن 86 ھېكايىسى، تۆت رومان (جەمئىي يەتتە كىتاب)، توققۇز پوۋېستى، ئىككى دراممىسى، ئىككى ئەسلىمىسى، ئىككى زىيارەت خاتىرىسى شۇنداقلا ئالتە ماقالىسى بىزنىڭ تەتقىق ـ تەھلىل قىلىش ئوبيېكتىمىز بولۇپ قالماي يەنە يازغۇچىنىڭ ھاياتى، ئەدەبىياتنى قىزغىن سۆيۈش روھىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ھاياتى توختىماي ئىزدىنىش ۋە ئىجاد قىلىش بىلەن ئۆتكەن ھايات!

(ئاپتور ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا)

مۇھەررىر پاتىگۈل ئەخمەت

نۇرمۇھەممەد زامان

# ئۇنتۇلغۇسىز

# تەسىراتلار



دىدار غەنىيمەت

تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن چەت ئەلگە ماڭماقچى بولۇۋاتقانلىقىمىزدىن خەۋەر تاپقان تۇغقانلار، ھەمسايىلىرىمىز ئۆيىمىزگە خۇشلاشقىلى كېلىپ بىزگە ئاق يوللارنى تىلىدى، ئۆزلىرىنىڭ چەت ئەلدىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا سوۋغا - سالام يوللىدى. بىز رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلىپ پۇراق چاچقان، مېۋىلىك دەرەخلەر ھوپپىدە چېچەك ئاچقان ياز پەسلىدە قازاقىستانغا قاراپ يولغا چىقتۇق.

ئۈرۈمچى تەۋەسىدىن ئۆزاپ چىققاندىن كېيىن بىر كېچە يول يۈرۈپ ئەتىسى ئەتىگەندە قورغاس چېگرا ئېغىزىغا يېتىپ كەلدۇق. چېگرىدىن ئۆتىدىغانلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. تەكشۈرۈشمۇ قاتتىق بولۇپ، زال ئىچى ئۆچىرەتتە تۇرغان ئادەملەر بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىدى. يولۇچىلارنىڭ ئېلىپ ماڭغان يۈك - تاقلىرىنىڭ ھەجمى، قىممىتى، تۈرى ئوخشىمايتتى. ئۇلار بۇ نەرسىلىرىنى چېگرىدىن ساق - سالامەت ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۈچۈن تۈرلۈك چارە - ئاماللارنى قىلاتتى. بىزمۇ بىر نەچچە تېڭىق يۈك - تاقنى سوۋغات ئۈچۈن ئېلىپ ماڭغان ئىدۇق. شۇڭا ھەر خىل خىيال، ئەندىشىلەر بىلەن تەكشۈرۈش ئىشىكى ئالدىغا كەلدۇق. جۇڭگو تاموژنا پونكىتىدىكى خادىملارنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئاسانلا ئۆتۈپ كەتتۇق. ئەمدى قازاقىستان تاموژنىسىدىن ئۆتۈشىمىز كېرەك ئىدى. تاموژنا خادىمىغا پاسپورتلىرىمىز بىلەن قازاقىستانغا كىرىش جەدۋىلىنى تاپشۇردۇق. ئىشىكتە قاراپ تۇرغان قاسقان شەپكىلىك قازاق يىگىت مېنىڭ رەسمىيىتىمنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ سورىدى.

— مەن ئوقۇغىلى بارسام سىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئالامسىز؟

مەن ئۇنىڭ ماڭا چاقچاق قىلىۋاتقانلىقىدىن خۇشال بولۇپ، ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇش ئۈچۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uygurkitap.com

ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئىمتىھانىدىن ئۆتۈشى كېرەكلىكىنىمۇ ئۇيلىمايلا، خۇددى مەكتەپنىڭ مۇدىرىدەك:

— ئالىمەن! — دەپ سايتىمەن.

ئەتراپىمىزدا قاراپ تۇرغانلار كۈلۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بىر ئېغىز چاقچىقى بىلەن بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزنى چىرماپ ئالغان جىددىيچىلىك يوقاپ كەتتى. يىگىت بىزنىڭ يۈك-تاقلىرىمىزغا قاراپ قويۇپ، يەشتۇرۇپ تەكشۈرمەيلا ئۆتكۈزۈۋەتتى. بىز زالدىن تېڭىق ۋە يوغان سومكىلارنى سۆرەپ كەڭ قورۇغا چىقساق، قورۇدا ھەدەمنىڭ ئىككى ئوغلى غېناخۇن بىلەن ئىسلامجانلار بىزنى كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن.

بىز تۇغقانلار قۇچاقلىشىپ، سۆيۈشۈپ كۆرۈشتۇق، ھال-ئەھۋال سوراشتۇق، ئاندىن يۈك-تاقلىرىمىزنى ماشىنا ئۈستىگە تېڭىپ، ئالمۇتا شەھىرىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. يېرىم كۈن يول يۈرۈپ ئالمۇتا شەھىرى ئەتراپىدىكى دۇرۇژبا (دوستلۇق) يېزىسىنىڭ سىرىيۇگىنا كوچىسىدىكى جىيەن سىڭلىمىز رەيھانگۈلنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدۇق. رەيھانگۈل يۈڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ ئىشچىسى ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن بۇرۇن كۆرۈشكەن بولساقمۇ، مۇنۇ ئەر يەتكەن ئوغۇللىرى، چىرايلىق چوڭ بولغان قىزلىرى بىلەن تۇنجى قېتىم دىدار كۆرۈشۈشىمىز ئىدى. كەچتە جەم بولۇش خۇشاللىقى ئىچىدە تۇغقانلار بىلەن بولغان پاراڭلىرىمىز ئۇزاقىچە تۈگىمىدى...



ئالمۇتىدىكى بىرىنچى كۈنىمىز سەھەردە يامغۇر يېغىش بىلەن باشلاندى. بۇ يەردە يامغۇر ياغمىغىلى خېلى بولغان ئىكەن، شۇڭلاشقا تۇغقانلىرىمىز، سىلەرنىڭ قەدىمىڭلار ياراشتى، بىزگە يامغۇر ئېلىپ كەلدىڭلار، دەپ بىزنى خۇش قىلدى. ناشتىدىن كېيىن دېرىزىدىن ھويلىغا قارىسام تام تۈۋىدىكى چۈنەككە تېرىلغان سىرىن گۈل، ئالۇچا گۈللىرى يامغۇردا ياشىرىپ، بەكمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ. يامغۇرمۇ بارا-بارا سىمىلداپ يېغىپ پەسلەپ قالدى. ئۆيدىن تاختايلىق پەلەمپەي بىلەن ھويلىغا چىقىپ گۈلزارلىق، كۆكتاتلىقلارنى ئارىلىدىم. يامغۇردىن كېيىنكى ھاۋا مۇزدەك ھەم خۇشبۇي ئىدى. باغ تەرەپتىكى ئۈزۈن تامنىڭ ئوك بولۇڭىغا پار مۇنچىسى، سول تەرەپتىكى بولۇڭغا تاختايلار بىلەن ئەپچىل قىلىپ ياسالغان ھاجەتخانە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. قورۇدىكى تېلېگراف سىمىغا بىر جۈپ قارلىغاچ قونۇۋېلىپ، توختىماي سايراۋاتاتتى. بۇ چىرايلىق قارلىغاچلارغا ھەۋەس بىلەن قاراپ تۇرسام، رەيھانگۈل ئاشخانىسىدىن چىقىپ قارلىغاچلارنى ئىشارەت قىلىپ سۆزلەپ كەتتى:

—بۇ ۋالاقتەككۈرلەر تولا سايراپ ئارامىمنى قويمىغاندىن كېيىن قوغلاپ باقتىم، كەتكىلى

ئۇنۇمىدى، بۇ يىل كەتسە كېلەر يىلى يەنە تورۇسقا چاڭگا تىزىدۇ. بەزىلەر، قوغلىما، قارلىغاچ
دېگەن ياخشى قۇش، ئۆيگە بەرىكەت ئېلىپ كېلىدۇ، قوغلىساڭ ئامەت قاچىدۇ، دېدى. ئاڭلىسام
قارلىغاچ كەلسە ـ كەلمەس يەرلەرگە چاڭگا سالسا، يىلان يامىشىپ چىقىپ، ئۇنىڭ تۇخۇمىنى
يەۋالىدىكەن. شۇڭا تىك خەتەرلىك يارغا ئۇۋا ياساپ، جاڭگالدىن ياچىۋەكنى تۇتۇپ كېلىپ، ئۇ-
ۋىسىغا تاشلاپ قويىدىكەن. ياچىۋەكنىڭ قوغدىشى بىلەن بالىلىرىنى ساق ـ سالامەت ئۇچۇرما قى-
لىپ ئېلىپ چىقىپ كېتىدىكەن. بۇنى ئاڭلاپ قارلىغاچلارنى قوغلىماس بولدۇم. ھازىر ئۆيلەرگە
خالىغانچە كىرىپ چىقىپ كېتىدۇ، مەنمۇ كۆنۈپ قالدىم.

چۆشكە يېقىن رەيھانگۈلنىڭ قوشنىلىرى بىز بىلەن كۆرۈشكىلى كىرىشكە باشلىدى.
سىڭلىمنىڭ قوشنىلىرى ئاساسەن ئۇزۇن يىلدىن بۇيان كولخوزدا، فابرىكىدا ئۆزى بىلەن بىللە
ئىشلەپ، ھاياتنىڭ ئىسسىق، سوغۇق كۈنلىرىنى بىرگە ئۆتكۈزگەن دېھقانلار، ئىشچىلار، ئاددىي
پۇقرالار ئىكەن. ئۇلار گەپ ـ سۆزلىرى، ئوچۇق، كۆڭلى تۈز ئادەملەر بولۇپ، ھەممىسى دېگۈدەك
ھەر قايسى دەۋرلەردە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن قازاقىستانغا كۆچۈپ چىقىپ، ئولتۇ-
راقلىشىپ قالغانلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەن. ئۇلار بىز بىلەن بىر قۇر ئەھۋال سوراشقاندىن
كېيىنلا، ئۆزلىرىنىڭ يۇرتى، ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرىنى تەقەززارلىق بىلەن سوراشقا باشلايتتى. كې-
يىنكى سۆھبەت جەريانىدا بىلدىمكى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى سۈرۈشتۈرۈش، ئۇلار ئارىسىدىكى
مۇناسىۋەتنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇش مەسىلىسىگە بىز ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمىگىنىمىز بى-
لەن، بۇ تەرەپلەردە بۇ ھەممە ئادەم ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم مەسىلە ئىكەن. بىزدە بۇ-
گۈنكى كۈندە ئەجدادلىرىنى بىلىدىغان، ساناپ بېرەلەيدىغان كىشىلەر بارغانسېرى ئازىيىپ كېتى-
ۋاتىدۇ. تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر ئىچىدە قازاق، قىرغىز، باشقىرت، قارا قالپاق قا-
تارلىق مىللەتلەر تارىختىن بۇيان ئۆزلىرىدە نىسبەتەن مۇكەممەل ساقلىنىپ كەلگەن ئۇرۇق ـ قەبىلە
تۈزۈمى ۋە ئۇرۇق نامىلىرى ئارقىلىق ھەر خىل زۆرۈرىيەت ئېلىپ كەلگەن ئىجتىمائىي مەسىلى-
لەرنى ھەل قىلىپ كەلگەن. بىر ئۇرۇقتىكىلەرنىڭ ئۆزئارا نىكاھلىنىشىنى قەتئىي چەكلىگەن.
يەتتە ئەجدادىغىچە بىلىشىنى ئۆز ئەۋلادلىرىغا ئۇدۇم قىلغان. ئەمما ئۇرۇق ـ قەبىلىلەر مۇناسىۋەت-
لىرى بالدۇرلا يىمىرىلگەن، بوستانلىق مىللىتى بولغان ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ نەسەبى شەجەرى-
سىگە ئۇنچىلىك ئېسىلىۋالمايدىغان بولۇپ قالغان. گەرچە بىزدە سۇس ھالەتتىكى جەمەت چۈ-
شەنچىسى ۋە ئۇنى پەرقلەندۈرۈش ئېھتىياجى بىلەن مەيدانغا كەلگەن جەمەت لەقەملىرى بولسىمۇ،
لېكىن ئۇنى كەسكىن ھالدىكى قانداشلىق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ بەلگىسى قىلمىدۇق. شۇڭلاشقا
ئۇيغۇر، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋەتلىرى قايرىپ قويۇلۇپ، يېقىن تۇغ-
قانلارنىڭ تويلىشىشى، ھەتتا نەۋرە بىلەن نەۋرىلەرنىڭ نىكاھلىنىش ھادىسىلىرىمۇ مەۋجۇت. بۇ
كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ سۇپەتلىك تۇغۇلۇشى، قەددى ـ قامەتلىك، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئادەم بولۇپ
ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىپ، بەزى ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئەمما، ئالمۇتى-
دا، بىشكەكتە ياشايدىغان ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ كىم، قەيەرلىك كىشىلەر ئىكەنلى-
كىنى تولۇق ئېيتىپ بېرەلەيدىكەن.

شۇندىن كېيىن ئۆيەر ـ بۇيەردە پەتە ۋە مېھماندارچىلىقتا بولۇپ، كىشىلەر بىلەن تونۇشۇش،
سۆھبەتلىشىش ۋە سىردىشىش ئارقىلىق يەكۈنلىگەن ھاسىلاتىمىز: ئۇياقتىكى ئۇيغۇرلار بىلەن
شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار تىل، ئۆرپ ـ ئادەت، تۇرمۇش شەكىللىرى ۋە باشقا چوڭ تەرەپلەردە ئاسا-
سەن ئوخشاش ئىكەنمىز، شۇنداقتىمۇ ئۇلار سابىق سوۋېت ئىتتىپاق دەۋرىدە ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ
تەسىرىگە بۇرۇنراق ئۇچرىغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىدا بەلگىلىك

ئۆزگىرىشلەر شەكىللىنىپتۇ. ئۆي ـ بىساتىنى سەرەمجانلاشتۇرۇش، هويلا ـ ئارام لايىھىلەش، مۇ-
ھىت تازىلىقى، يۇرۇش ـ تۇرۇش، كىيىم ـ كېچەك، سۆز ـ ھەرىكەت، يېمەك ـ ئىچمەك، ئامىۋى
ئىنتىزام قاتارلىق تەرەپلەردە بەلگىلىك پەرقلەر باركەن. بايقىشىمىزچە، ئۇلاردا غەيۋەتخورلۇق،
چېقىمچىلىق، ھەسەتخورلۇق ئىللەتلىرى كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىكەن. ئۇلار ئادەملەرگە باھا بەر-
گەندە ئالدى بىلەن باشقىلارنىڭ يامان تەرىپىنى ئەمەس، ياخشى تەرىپىنى، كەمچىلىكىنى ئەمەس
ئارتۇقچىلىقىنى كۆرىدىكەن ھەم سۆزلەيدىكەن. مەدەنىيەتسىزلىك، ئەخلاقسىزلىق قىلمىشلىرىنى
جامائەت پىكرى ئارقىلىق ئاڭلىق يوسۇندا چەكلەيدىكەن، بىزدە بەزىلەر ئادەملەر توپلاشقان جايلار،
چوڭ كوچىلاردىلا ئەدەپ ـ ئەخلاققا مۇخالىپ، سەت قىلىقلارنى قىلىۋېرىدۇ؛ بەزىلەر سۇپۇرۇلگەن،
تازىلاپ قويۇلغان ئاپتوبۇسلار، مەيدانلارغا قىلچە ھېيىقماي تۈكۈرىدۇ، ئەخلەتلەرنى تاشلاۋېرىدۇ.
ئامىۋى سورۇنلاردا يانفوندا ۋارقىراپ سۆزلىشىپ، باشقىلارنى بىزار قىلىدۇ، بەزىلەر يانچۇقچى-
لارنىڭ پورتمال، پۇل ئوغرىلاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ كۆرمەسكە سالىدۇ... ئالمۇتىدا كى-
چىك بىر دۇكاندىن نەرسە ئالاي دەپ تۇرۇپ، تۇيۇقسىزلا چۈشكۈرۈپ سالدىم. شۇ دۇكاندىن نەرسە
ئېلىۋاتقان بودەك، چىرايلىق بىر چوكان ئىتتىك ماڭا قاراپ، يېقىملىق كۈلۈپ تۇرۇپ «شۈكۈر،
سالامەت بولۇڭ» دېدى. گەرچە مەن بۇ چوكان بىلەن تونۇشمىساممۇ، ئۇنىڭ مېنى يات كۆرمەي،
ھەمنەپەسلىك قىلغانلىقى مېنى تەسىرلەندۈردى. ئەلۋەتتە بۇ كىشىلەرنىڭ مەسئۇلىيەت ۋە مەج-
بۇرىيەت ئېڭى، بۇرچ تۇيغۇسىنىڭ يېتىلگەن ـ يېتىلمىگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىش.

چاي ئىچكەندە چايغا ئالۇچا، قارىقات، بۆلدۈرگەن قاتارلىق مېۋە ۋارىنىلىرى، چاقماق قەنت
سېلىپ ئىچىش ئالمۇتا ئۇيغۇرلىرىدا ئومۇملاشقان ئادەت ئىكەن. باللار ۋە چوڭلارنىڭ تۇغۇلغان
كۈننى ئۆتكۈزۈش، باللارغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراش، قوپال مۇئامىلە قىلماسلىق، ئۇلارغا
بىھۇدە ئازار بەرمەسلىك، ئاياللار بايرىمى، ئانىلار بايرىمى كۈنلىرى ئاياللارغا گۈل، خاتىرە بۇيۇم
تەقدىم قىلىش، ھېچبولمىغاندا: «بايرىمىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن» دەپ تەبرىكلەپ قويۇش يېزى-
لاردىمۇ رەسمىيەتكە ئايلىنىپتۇ. بىز بارغان ئاشۇ يىللاردا قازاقىستاندا كولخوز، زاۋۇت ـ فابرىكى-
لار ۋەيران بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش توختىغان، ئىدارىلەردە خىزمەتلەر پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ،
ھۆكۈمەتسىزلىك يامراپ كەتكەن بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ ئادەمگەرچىلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك
ئېڭى، ئىجتىمائىي ئەخلاق پەزىلىتى دەخلى ـ تەرۇزگە ئۇچرىمىغان ئىكەن.

ئالمۇتا ئۇيغۇرلىرىنىڭ داستىخانلىرى مول ھەم چىرايلىق سېلىنىدىكەن. مېھمان چاقىرغاندا
داستىخىنىغا ھەر خىل تاتلىق ـ تۈرۈم، پىشۇرۇقلار، مېۋە ـ چېۋىلەر، سالات (خام سەي) تىزىشتىن
سىرت، قورۇما يېيىش ئۈچۈن ۋىلكا، قوشۇقلار، مېھمانلار يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن ئۈستەل
ئۈستىگە تەق قىلىنىپ بولىدىكەن. مېھمانلارمۇ چاقىرغان يەرگە ۋاقتىدا، تولۇق كېلىدىكەن، كې-
چىكىشنى ساھىبخانىغا قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك، مەدەنىيەتسىزلىكنىڭ ئىپادىسى دەپ چۈشەن-
گەچكە، مېھماندارچىلىق، توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغقا ھېچكىم كېچىكمەي بارىدىكەن. مېھ-
مان چاقىرغان ساھىبخانا چىقىشقاق، يۇمۇرلۇق سۆز قىلىدىغان ئاغىنىلىرىدىن بىرنى سورۇننى
باشقۇرۇپ بېرىشكە تەيىنلەپ قويىدىكەن. ئۇلار ساقىي، رىياسەتچى، باشقۇرغۇچى سۆزىنىڭ
ئورنىغا «تامادى» دېگەن سۆزنى قوللىنىدىكەن. چايلار ئىچىلىپ ئاساسلىق تاماقلار يېيىلىپ بول-
غاندىن كېيىن، تامادى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشنى باشلايدىكەن. ھاراق ئىچكەندە ئالاھىدە
قەدەھ سۆزى سۆزلەپ ئىچىشمۇ بۇ يەرنىڭ بىر ئادىتى ئىكەن، مۇبادا ھاراق ئىچمەيدىغان، ياكى
ئىچىشنى خالىمايدىغانلار بولسا، ئۇنىڭغا قەتئىي ھاراق زورلىمايدىكەن. ئۇلاردا مېھمانلارغا تەي-
يارلانغان ئىچىملىكنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولىدىكەن، مىنېرال سۇدىن تارتىپ ھەر خىل مېۋە شەر-

بەتلىرى ۋە تۆۋەن گرادۇسلۇق ئىچىملىكلەر تەييارلىنىدىكەن. كىم نېمە ئىچىشنى خالىسا شۇنى قۇيۇپ سۆزلىسە بولۇۋېرىكەن. توس (قەدەھ) سۆزى شۇ كىشىنىڭ چىن قەلبىدىن چىققان يۈرەك سۆزى بولغاچقا، سورۇندىكى ئەر ـ ئايال، ھەممە كىشى ئىمتاس بولۇپ، ئەستايىدىل ئاڭلايدىكەن. توس سۆزى مەنىلىك، قىزىقارلىق ھەم ئىخچام بولۇپ، ئۇنىڭدا توس سۆزلىگۈچىنىڭ مەقسىتى، سۆز قىلىش ئىقتىدارى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئايان بولىدىكەن. ئەگەر توس سۆزى قايىل قىلارلىق، ياخشى سۆزلەنگەن بولسا، كۆپچىلىك ئۇ كىشىگە رازىمەنلىكنى بىلدۈرۈپ، ئاپىرىن ئوقۇپ، ئىلھاملاندۇرىدىكەن. توس سۆزى تاكى سورۇن ئاياغلاشقىچە داۋاملىشىپ تۇرىدىكەن.

## توي كۈندىكى پاراڭلار

سىڭلىم رەيھانگۈل ئاچام—دانىشخانىنىڭ قىزى بولۇپ، ئوتتۇرا بويلۇق، قارا قۇمچاق، قاۋۇل، ئىشچان ئايال ئىدى. ئۇ ھاياتىدا تۆت پەرزەنت كۆرگەن بولۇپ چوڭ قىزى تالالىق قىلىنغاندىن باشقا قالغان ئۈچ بالىسى تۇيەدەي چوڭ بولۇۋېتىپتۇ. بۇ بالىلارنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن تويىنى قىلىدىغان، توي ئۈستىگە توي ئويناپ ھاياتىنىڭ قىزىقىنى كۆرىدىغان چاغدا، سىڭلىمىز يولدىشىدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ قالدى. ئۇنىڭ يولدىشى مەخسۇتجان خۇدانىڭ بىر ياۋاش بەندىسى بولۇپ شوپۇرلارنى تەربىيىلەش تېخنىكومىدا ئوقۇتقۇچى ئىدى. بۇلتۇر كېسەل بىلەن ئۇشتۇمتۇت ئالەمدىن ئۆتتى. رەيھانگۈلنىڭ خەستە كۆڭلىگە مەلھەم بېرىپ، تۇغقاندارچىلىقىمىزنى يەتكۈزۈش —ئوغلىنىڭ تويىغا قاتنىشىش بىزنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىمىزنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ئىدى.

مانا بۈگۈن رەيھانگۈلنىڭ ھويلىسىدا، ئۇنىڭ ئوغلى پولاتنىڭ توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈۋاتىدۇ. تۈنۈگۈن قىز تەرەپكە مال تاپشۇرۇلدى. ئوغۇل تەرەپتىن ئاشسۈيى ئۈچۈن تەييارلانغان گۈرۈچ، سەۋزە، گۆش، ياغ، چاي، تۇز، قۇرۇق ئۈزۈم، ياڭاق، يەر ياڭىقى، قەنت، تەرخەمەك، تاتلىق ـ تۇرۇملار، نەچچە پەتنۇس پىشۇرۇقلار، مۇڭگۈزىگە قىزىل لاتا چىگىلگەن توپاق... ئىشقىلىپ، قىز تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن تىزىملىكتە يېزىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تەلتۆكۈس تاپشۇرۇلدى. قىز تەرەپمۇ ئوغۇل تەرەپتىن ۋەكىل بولۇپ بارغانلارنىڭ ئېتىبارىنى قىلىپ ئالاھىدە داستىخان سېلىپ كۈتۈۋالدى. بۈگۈن ئەتىگەندە يەنە قىز تەرەپكە يىگىتنى ئېلىپ بېرىپ نىكاھ ئوقۇتۇشقا داخىل بولدۇق. نىكاھ ئوقۇلۇپ بولۇشى بىلەن قىز ـ يىگىت چىنىدىكى تۇز سۈيىگە چىلانغان



ناننى تالىشىپ ئېلىپ يېيىشتى.

سەھەردە سۇ چېچىلىپ، پاكىز سۈپۈرۈلگەن يەردىن نەمخۇش ھاۋا كۆتۈرۈلەتتى. تويغا چاقىرىلغان مېھمانلارنىڭ ئالدى يېتىپ كەلگىلى بىر نەچچە كۈنلەر بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇلار خېلى يىراقلاردىكى يېزا ـ سەھرالاردىن كەلگەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلار، بىزنىڭ

ھەدىلىرىمىز بىلەن يېقىن ئۆتكەن ھۆرمەتكە سازاۋەر چوڭلار ئىدى. ئۇلارنىڭ توي ئۈستىدە تۇرۇپ بېرىشى توينىڭ يارىشىقى، تۇگەپ كەتكەنلەرنىڭ خاتىرىسى، ساھىبخانىنىڭ ئابرۇيى ئىدى. ئۇلار ئەتىگەندىلا ھويلىنىڭ تام تۈۋىگە قويۇلغان ئۇزۇن ئورۇندۇقلاردىن ئورۇن ئېلىپ، پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار سالغان پاراڭنىڭ تېمىسى بىز تەرەپتىكىدەك ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئەمەلدار بولۇش، باي بولۇش، داۋالىنىش، زەھەر چەككەنلەرنىڭ ئاتا-ئانىسىنى قاقشىتىشى، ئوقۇشقا كىرىش قاتارلىق ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ھاۋارايى، قورۇ-جاي سېلىش، پارىخورلۇقنىڭ ئەدەپ كېتىۋاتقانلىقى، ئانا ۋەتەن تېمىلىرىدا بولىدىكەن. كۆپىنى كۆرگەن بۇ ئاقساقاللارنىڭ گەپلىرى يۇمۇرلۇق، كۆڭۈللۈك ئىدى. شۇ ئەسنادا ئۇلۇغ ئوچۇق تۇرغان دەرۋازىدىن بېشىغا مەخمەل دوپپا، ئۈچىسىغا جىگدىرەڭ كاستۇم-بۇرۇلكا، پۇتىغا قارا شىبلىت كىيىپ، ساقاللىرىنى پاكىز ئالدۇرغان بىر مويسىپىت ئادەم كىرىپ كەلدى. ئۇ ئورۇندۇقتا قاتار ئولتۇرغان سالاپەتلىك بوۋايلارغا قاراپ، قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ ئېگىلىپ سالام بەردى:

——ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئىشلار ئىلگىرى بولسۇن!

ئاقساقاللارمۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن سالام قىلىشىپ:

——ئېيتقىنىڭىز كەلسۇن! —— دېيىشتى.

كەلگەن مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئېلىش، ئۇلارنى ئۆيلەرگە باشلاش بىلەن بولۇۋاتقان بۇ مەھەللىنىڭ يىگىتۋېشى يېڭى كىرگەن مېھماننىڭ ئالدىغا بېرىپ قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ۋە مېھماننى باشلىدى. مېھمان ئاقساقاللارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بوش ئورۇنغا ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن دۇئاغا قول كۆتۈردى. جامائەت ئۇنىڭ بىلەن بىللە دۇئا قىلدى. يىگىتۋېشى مېھمانغا قاراپ كۈلۈپ سۆزلىدى:

——«قوشنا بولساڭ يۆلەك بول، بولمىسا بۆلەك بول» دەپ، بالدۇر كىرىپسىز ھاجىم، رەھمەت!

مېھمانمۇ يىگىتۋېشىنىڭ «سىز بىر تام قوشنا بولغاندىن كېيىن بالدۇرراق كىرسىڭىز بولماسمىدى» دېگەن تەنە گېپىنى دەرھال چۈشەنگەن بولسا كېرەك، ئۆزرىخاھلىق سورىغان تەلەپپۇزدا مۇنداق دېدى:

——بۈگۈندىنمۇ بۇرۇن كىرمەكچىدىم، ئەتىگەن نامازدىن يېنىپ كەلسەم يەڭگەڭ ئۆيدە گاز تۈگىدى، دېدى. گاز دېگەنزە ھاياتتا كىچىك خوتۇندەكلا كېرەك بولىدىغان نېمىكەن دېگىنە، گازنىڭ پۇلىنى تۆلىۋېتىپ قايتىپ كېلىشىم.

——گازنى ئەكىلىپ بەرگەندىن كېيىن چوڭ خوتۇنىڭىزمۇ خۇش بولۇپ كەتكەندۇ ھەقىچان؟ —— دېدى يىگىتۋېشى.

——ۋاي ئۇنى بىر دېمە، خۇشاللىقىدىن كۈلۈپ ھەممە يېرىدىن ياش چىقىپ كەتتى.

قازاقىستاندا يىگىتۋېشىنى شۇ مەھەللىنىڭ جامائىتى سايلايدىكەن. ئۇنىڭ ئاممىۋى ئاساسى پۇختا، ئاما ئىچىدىكى ئىناۋىتى يۇقىرى، ھۆرمىتى چوڭ بولىدىكەن. مەھەللىدە بولىدىغان توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم، نەزىر-چىراغ، نىكاھ قاتارلىق بارلىق ئىشلارنى يىگىتۋېشى بىۋاسىتە باشقۇرىدىكەن، جامائەت شۇنىڭغا بويسۇنىدىكەن. يىگىتۋېشى ھازىر كەلگەن مېھماننى پاراڭغا سېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن سورىدى:

——ھاجىم، ئۆزىڭىزنى كۆرمىگىلى خېلى بولدى، قەيەرلەردە قانداق ئىشلار بىلەن ئالدىراش يۈرىسىز؟

كۆپچىلىك خۇددى شۇ سوئالنى سورىماقچى بولغاندەك، باشلىرىنى بۇراپ، ھاجىمغا نەزەر ئاغدۇردى.

جەمئىيەتتە شۇنداق ئادەملەر بار، باشقىلار گەپ قىلسا، ئۇنىڭغا ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمەيدۇ، زېھنىنى قويمايدۇ، ئەكسىچە سۆزمەنلىك، مەمەدانلىق قىلىپ پاراڭنى بۆلۈۋېتىدۇ؛ بەزىلەر باشقىلار گەپ قىلىۋاتسا، ئەتراپىدىكى باشقا بىرى بىلەن باشقا تېمىدا سۆزلىشىپ، بويۇنلىرىنى تولغاپ ئۇياقتا، بۇياقتا قاراپ ئولتۇرىدۇ، بۇنىڭ بىر خىل مەدەنىيەتسىز قىلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلمايدۇ. ئالمۇتا ئۇيغۇرلىرى پاراڭخۇمار ئىكەن، بىراۋ پاراڭ قىلسا ئەستايىدىل ئاڭلايدىكەن، گېزى كەلگەندە باش لىڭشىتىپ، چىرايىدىن كۈلكە جىلۋىلەندۈرۈپ، ياكى ئىچ ئاغرىتقاندەك ھەرىكەتلەرنى قىلىپ گەپنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاۋاتقانلىقى، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەپ، ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرىدىكەن. مانا يېڭى كەلگەن ھاجىم سۆزلىمەكچى بولۇۋېدى، جىمى ئادەم ئۇنىڭ گېپىگە زېھنىنى قويۇپ دىققەت قىلدى:

—كىندىك قېنىڭ تۆكۈلگەن يەرنىڭ ئوتى مىڭ يىللىق دېگەندەك، ياش چوڭ بولغانسېرى ئانا ۋەتەننى، يۇرتنى بۆلەكچە سېغىنىدىغان بولۇپ قالدىم، — دەپ باشلىدى ھاجىم سۆزىنى،— چۈشۈمدىمۇ يۇرتنى چۈشەيمەن، ئوڭۇمدىمۇ خىيال قۇشلىرىم يۇرتنىڭ تاغ ـ دەريالىرى، ئالتۇندەك يالتىراپ تۇرغان قۇم بارخانلىرى، ياپيېشىل بوستانلىق كۆجۇم مەھەللىلىرى، ئەتىر پۇراپ تۇرغان ئېتىز ـ قىرلىرى ئۈستىدىن قايتىپ كەلمەيدىغان بولۇۋالدى. بۇرنۇمغا يۇرتۇمنىڭ ھاۋاسى پۇراپ، جېنىمغا زادىلا ئارام بەرمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر كۈنى بىر رىۋايەتنى ئوقۇپ قالدىم. بۇ رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، ھەزرىتى ئەلى مىنگەن دۇلدۇل تولىمۇ ئەقىللىق ئىكەن، ئۇنى ھەزرىتى ئەلى لازىم قىلمىغاندا ئوتلاققا قويۇۋېتىدىكەن، لازىم بولغاندا بىرلا ئىسقىرتسا دەرھال پەيدا بولىدىكەن. بىر كۈنى ھەزرىتى ئەلى سەپەردىن قايتىپ كېلىپ، دۇلدۇلنى ئوتلاققا قويۇۋېتىپتۇ. ئۆزى ئېگەرنى ياستۇق قىلىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن ئويغىنىپتۇ ـ دە، ئىككى قېتىم ئىسقىرتىپتۇ، لېكىن دۇلدۇل كەلمەپتۇ. ھەزرىتى ئەلى بۇنىڭغا ھەيران بوپتۇ، ئۈچىنچى قېتىم ئىسقىرتقان ئىكەن، دۇلدۇل جاڭگالدىن چېپىپ كەپتۇ. ھەزرىتى ئەلى دۇلدۇلدىن سوراپتۇ:

«نېمىشقا ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمىدىڭ؟»

دۇلدۇل مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىپتۇ:

«مەن ئوتلاپ يۈرۈپ ئىنتايىن چىرايلىق بىر يۇرتقا بېرىپ قالدىم. شۇ مەنزىرىسى گۈزەل يەردىن رىشتىمنى ئۈزەلمەي قاراپ تۇرۇپ قاپتىمەن.»

ھەزرىتى ئەلى دەپتۇ:

«ھەببەللى، سەن كۆرگەن ئاشۇ ماكان مېنىڭ ۋەتىنىم.»

بۇ رىۋايەت خۇددى ئوتقا ياغ چاچقاندەك مېنىڭ سېغىنىشىمنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. شۇنىڭ بىلەن يېقىندا يۇرتۇمدىكى ھەزرىتى ئەلىنىڭ قەدىمى يەتكەن يەرلەرگە باردىم، — دېدى ھاجىم جامائەتكە مەغرۇر ھالدا قاراپ قويۇپ، — يۇرت قەدرىنى شاھلار بىلمەس، ئۆزگە يۇرتقا بارماغۇنچە، دېگەن سۆزنىڭ راستلىقى، دەنالىقىنى تېخىمۇ بىلدىم. ياشلىقىمدا قەدرىنى بىلمەپتىكەنمەن. بىزنىڭ ۋەتىنىمىز ھەقىقەتەن گۈزەلكەن، كۆپ جايلارنى كۆردۈم، ئايلاندىم. مارالبېشىنىڭ توققۇزساراي خارابىسىدا، ئاقسۇنىڭ ئۈچتۇرپان ناھىيىسىدە ھەزرىتى ئەلى مىنگەن ئاشۇ دۇلدۇلنىڭ دەسسىگەن تۇياق ئىزى بار ئىكەن. بۇ تۇياق ئىزى ئادەتتىكى ئاتلارنىڭكىدەك كىچىك ئەمەس، بىر ئېغىز ئۆيدەك بار ئىكەن. ئاقسۇ قىرمىش غوجام مازىرىدا ھەزرىتى ئەلىنىڭ سانجىپ قويغان خىسلەتلىك ھاسىسىدىن كۆكلەپ چىققان مىڭ يىللىق دەرەخ بار ئىكەن. بۇ ھەيۋەتلىك دەرەخنىڭ تۈۋىدىن ئېقىپ چىقىۋاتقان شىپالىق سۈدىن قانغۇچە ئىچتىم. ئاشۇ جايلار ھەزرىتى ئەلىنىڭ ۋەتىنىمىزگە قەدەم باسقانلىقىنىڭ شاھىتى بولۇپ تۇرۇپتۇ. جامائەت، ئۆز ھەلەكچىلىكىمىز

www.uyghurkitap.com

بىلەنلا بولۇپ، بېشىمىزنى پۇركەپ ياتىۋەرمەي، تەۋەررۇك جايلارنى كۆرۈپ، تاۋاپ قىلىپ كېلىلى، ۋەتىنىڭ قۇدرەت تاپسا جان ـ تېنىڭ ياپرايدىكەن. ۋەتەندىكى ئۆزگىرىش، تەرەققىياتلارنى كۆرۈپ كۆڭلۈم ئېچىلىپ، روھىم كۆتۈرۈلۈپ قالدى.

ــــ رەھمەت ھاجىم، ناھايىتى ئوبدان گەپلەرنى قىلىپ بەردىلە، ئاللا نېسىپ قىلسا بىزمۇ بارارمىز، ــــ دېدى يىگىتبېشى، ئاندىن قاتار ئولتۇرغان ئۇرۇغ ـ تۇغقانلارغا، ــــ قېنى مېھمانلار، جامائەت توپلىشىپ كەلگىلى تۇردى، سىلەرمۇ ئۆيگە كىرىڭلار، ــــ دەپ تەشەببۇس قىلدى. تۇغقانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ قوللىرىنى چايقاپ، ساراي تەرەپكە قاراپ مېڭىشتى.

ھويلىدا بىر توپ يىگىتلەر ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ لېگەنلەردە ئاش توشۇماقتا، يىگىتبېشى بولسا مېھمانلارنى ئۆيلەرگە، قورۇ ئىچىگە راستلانغان شىرەگە باشلىماقتا، تاماققا تەكلىپ قىلماقتا ئىدى. قورۇ ئىچىدىكى ئورۇندۇقلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان سازەندىلەر نەغمە ـ ناۋانى باشلىۋەتكەن بولۇپ، چىرايلىق، ياش قىز ـ چوكانلار، چەبدەس يىگىتلەر كۈلۈشۈپ ئۇسسۇلغا چۈشمەكتە ئىدى، بۇ يەرنىڭ ئادەملىرىنى ئۇسسۇلغا تارتسا، ھەرقانداق ئادەم تارتىنماي، خۇشاللىق بىلەن مەيدانغا چۈشۈپ، ئۆزىنىڭ بىلگىنىچە ئۇسسۇل ئوينايدىكەن، ھەرگىز قوپقىلى ئۇنىماي ناز قىلىپ، تارتىشىپ تۇرۇۋالمايدىكەن، «بىلمەيمەن» دېمەيدىكەن، تويدا ئۆرۈملۈك ئۆرۈش ئادىتىمىز قازاقىستان ئۇيغۇرلىرىدا ئىزچىل داۋاملىشىپ كەپتۇ. ئۆرۈملۈكنى ئۆي ئىگىسىلا ئەمەس، خالىغان ئادەم ئۆرۈۋېرىدىكەن. ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلارنىڭ ئىچىدە بېلىگە توي پەرتۇقى تاقىۋالغان قاملاشقان، ياش رۇس ئاياللىرىمۇ كۆزگە چېلىقاتتى. ئۇلار ئۇيغۇر ئاياللىرى بىلەن ئۇزۇن مۇددەت بىرگە ئەمگەك قىلىش، بىر مەھەللىدە تۇرمۇش كەچۈرۈش جەريانىدا ھەر خىل سەرگۈزەشت، قىسمەتلەرنى بىللە باشتىن كۆچۈرگەن ئۈلپەتلەر، قوشنىلار ئىكەن. ئۇلارنىڭ بەزەنلىرى تېخى كېلىنلەر بولۇپ ئۇيغۇر تىلىنى راۋان سۆزلىيەلەيدىكەن، ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىنمۇ خەۋەردار ئىكەن، شۇڭلاشقا ئۇيغۇر ئاياللىرى بىلەن دوستانە بولۇشۇپ بىللە قاتار چاي ئوينايدىكەن. ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ساھەسىدە بىللە بولۇپ ئىناق ئۆتىدىكەن.

نەغمە ـ ناۋا راسا قىزىپ، سازەندىلەر ناخشا ئېيتىۋاتقاندا، شوخ بىر ئادەم مەيدانغا ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئۇچىسىغا بەقەسەم چاپان، بېشىغا تۆت قىرلىق، گۈللۈك دوپپا كىيگەن، بېلىغا كۆك پوتا باغلىغان، ئوتتۇرا ياش، دۇغىلاق كەلگەن، ناھايىتى چەبدەس بۇ ئادەمنى كىشىلەر چاۋاك چېلىشىپ، چۇقان سېلىپ قىزغىن قارشى ئالدى. قارىماققا ئۇ كەسپىي ئارتىستەك قىلاتتى. ئۇ بىردىنلا ئۇسسۇلغا ماھىرلىقى، ھەرىكىتىنىڭ چاققانلىقى، ھەيبارلىقى بىلەن جىمى ئادەمنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. كىشىلەر ئۇنىڭ بېشىدىن توختىماي ئۆرۈملۈك ئۆرۈمەكتە، بەزىلەر پۇلنى ئۆرۈپ ئۇنىڭ يانچۇقلىرىغا سېلىپ قويماقتا ئىدى. بەزەنلەر ئۆرۈملۈكنى سازەندىلەرنىڭ ئالدىغا تاشلايتتى! مەنمۇ ئورنۇمدىن قوزغىلىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدىن قىستىلىپ ئۆتۈپ، جۇڭگو پۇلىنى بۇ چېۋەر ئۇسسۇلچىنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ، چېكىسىگە قىستۇرۇپ قويدۇم. شۇندىن كېيىن ئۇ تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ، سەكرەپ قوللىرىدىن قاس چىقىرىپ ئويناپ كەتتى. ئالمۇتىدا توي قىزىيدىكەن. بۇ يەردە تويغا بارغانلار قورساقنى توقلاپ، رەسمىيەت پۇلىنى تۆلىۋېتىپلا قايتىدىغان، ياكى يەنە بىر يەردىكى تويغا ئالدىراپ ماڭىدىغان ئىشنى قىلمايدىكەن. توي ئىگىلىرى خالىس نىيەت بىلەن جامائەتكە داستىخان سالىدىكەن، جامائەتمۇ بۇ تويىنى خۇددى ئۆزىنىڭ قورۇسىدا بولۇۋاتقاندەك ھېس قىلىشىپ، تولۇق بىر كۈن توي ئوينايدىكەن. مانا ھازىر چوڭ قورۇنىڭ ھەممىلا يېرىدە توي خۇشاللىقى، توي تەنتەنىسى جەۋلان قىلماقتا. سارايدا، ئۆي ـ ئۆيلەردىلا ئەمەس، ھويلا، باغلاردىمۇ ساز چېلىنىپ، ئۇسسۇل، تانسا ئوينىلىۋاتقان، ناخشا

ئېيتىلىۋاتقان شادىيانە مەنزىرە شەكىللەنگەن. مەن ئالما دەرىخىنىڭ ئاستىدىكى يەرگە گىلەم سېلىپ، ئالدىغا پەتنۇستا يېمەك - ئىچمەكلەرنى قويۇۋېلىپ، سىرداش ئاغىنىلىرى بىلەن تازا قىزىق پاراڭغا چۈشكەن، شىرەم تۇغقىنىمىز مۇھەممەدنىڭ سۆھبىتىگە داخىل بولدۇم. ئىچىپ قىزىۋالغان مۇھەممەد سۆزلىمەكتە ئىدى:

—... بىر بالام مىنېرال سۇ ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇتتا يامان ئەمەس مائاش ئېلىپ، بىر ئوبدان ئىشلەۋاتاتتى. قايسى ساراڭنىڭ قىلغان ئىشىكىن، ئارىشاڭنىڭ سۇيىگە ئۇيقۇ دورىسى تۆكۈۋېتىپتۇ. بالام ئۇنى سېزىپ قېلىپ، ئەھۋالنى دىرېكتورغا دوكلات قىلسا، دىرېكتور ئاشۇ دورا تاشلىغان جىنايەتچىنى تېپىپ كەل دەپتۇ. ئۇنى بالام ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىسە، نەدىن تاپىدۇ؟ ئەمىسە گۇمان قىلغان ئادىمىڭنى ئېيتقىن، دەپتۇ. ئېيتىپ بەرگەن ئىكەن، گۇماندارنى چاقىرتىپ ئەكىلىپ سوراق قىپتۇ. گۇماندار بۇ ئىشنى ئەسلا ئېتىراپ قىلماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ساقچىلار گۇناھنى بالامغا ئارتىپ، ئۇنى ئاپىرىپ سولاپ قويۇپتۇ. بۇ ئىشنى كېلىنىمدىن ئاڭلاپ بېشىمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. بېرىپ ساقچىلار بىلەن سۆزلەشتىم، يالۋۇرۇپ باقتىم، ياق، ئۇلار گەپ ئاڭلايدىغاندەك ئەمەس، تېخى «بالاڭنى ئون يىللىق كېسىمىز، ئۇنىڭغا ئۇنىمىساڭ نەچچە يۈز دوللار تۆلەيسەن» دەيدۇ. زامان زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ تۇرسا، بىزدەك ياۋاش كولخوزچىنىڭ گېپىنى كىم ئاڭلايتتى، ھالىمىزغا كىم يېتەتتى دەيسەن، ۋاي بوپتىلا، ئالتۇن بېشىڭ ئامان بولسا، رەڭگىرويىڭ سامان بولماس، دېدىم - دە، بىكاردىن - بىكار بىرمۇنچە دوللار تۆلەپ، بالامنى قۇتۇلدۇرۇۋالدىم، — مۇھەممەد پەتنۇسنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان رومكىدىكى ھاراقنى ئاستا قولىغا ئالدى، — بۇ كۆنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋاقتىدا ئىشلار بۇنداق ئەمەستى، قانۇن بويىچە ھەل قىلىناتتى. جاھان تۈزۈلىدۇ، ياخشى كۈنلەر كېلىدۇ، ئاللا ئاشۇ خۇشال كۈنلەرنى ھەر قايسىڭلار بىلەن بىللە كۆرۈشكە نېسىپ قىلغاي، ئىچىۋەتتىم، — دېدى.

تامادى رومكىغا يەنە ھاراق تولدۇرۇپ قۇيۇپ، ئوسمان ئىسىملىك بىرەيلەننىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى. ھەممەيلەن ئوسماننىڭ گېپىگە قۇلاق سالدى.

— ئۈچ سىيىرىمنى سېتىپ، نەسىللىك، يوغان ئالاسىيىردىن بىرنى ئالغانىدىم، — دېدى ئوسمان، — كاساپەت، سىيىر ئىدى - دە، كۆز تەگكەندەك ئاز كۈن ئۆتمەي بۇ سىيىرىم يىتىپ كەتتى. ئىزدەپ بارمىغان يېرىم قالمىدى، ئاقتىمۇ يوق، كۆكتىمۇ يوق، تاپالمىدىم. باشقىلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن مىلىتسىيە (ساقچى)غا مەلۇم قىلدىم. مىلىتسىيە «ۋاي ئاكا خاتىرجەم بولۇڭ، سىيىرىڭىزنى ئاسمانغا چىقىپ كەتسە پۇتىدىن، يەرگە كىرىپ كەتسە مۈڭگۈزىدىن تارتىپ چىقىمەن» دېدى. ھېلىقى مىلىتسىيە بالىنىڭ بۇغداي سۆزىنى ئاڭلاپ ۋەسۋەسەم بېسىلىپ، ئازراق بولسىمۇ خاتىرجەم بولۇپ قالدىم. ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ يېنىپ كەلدىم. كالامنىڭ خەۋىرىنى كۈتۈۋاتىمەن. ئۈچ كۈن ئۆتتى يوق، تۆت كۈن ئۆتتى يوق، يا قولۇم ئىشقا بارمايدۇ، قۇلىقىم تالادا، كۆزۈم دەرۋازىدا. بىر ھەپتە ئۆتكەندە كوچىدا كېتىۋېتىپ ھېلىقى مىلىتسىيىنى ئۇچرىتىپ قالدىم. قارىماي كېتىۋاتىدۇ، يېنىغا بېرىپ كۆرۈشتۈم:

«ھەي، بالام، مېنىڭ سىيىرىمنىڭ دېرىكى بارمۇ؟ » دەپ سورىدىم. نېمە دەيدۇ دېمەمسىلە؟

— ھە نېمە دەيدۇ ئۇ؟ — دەپ سورىدى بىرەيلەن.

«ۋاي ئاكا، ئۆلگەن ئادەم تىرىلگەن، يوقالغان مال تېپىلغان نەدە بار،» دەپ قويۇپ ئارقىسىغا قارىماي كېتىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاقىقان قوزۇقتەك داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم. قاچان ئېسىمگە كەلگىنىمنى بىلمەيمەن.

— ھېلىمۇ كەينىڭگە تىرىڭگىدە ئۇچۇپ كەتمەپسەن. خۇدا بىر ساقلاپتۇ - دە سېنى، —

دېدى تامادى.

— بىر چاغدا ئېسىمگە كەلسەم پۈتۈن بەدىنىمدىن ئاچچىق تەر چىقىپ كېتىپتۇ، — دېدى ئوسمان ياغلىقى بىلەن پېشانە، بويۇنلىرىنى سۈرتكەچ.

ئوسماننىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەنلا مۇلاھىزە، غۇلغۇلا باشلاندى. سۆزنى ئاڭلاپ ئولتۇرغانلارنىڭ بىرى:

— هەي، ئاشۇ مېلتىسىيە بىلمەيدۇ ئەمەس، بىلىدۇ. مۇشۇ يېزىنىڭ ئامانلىقىغا شۇ مەسئۇل، كىمنىڭ قانداقلىقىنى، ئۇنى كىمنىڭ ئوغۇرلىغانلىقىنى بىلىدۇ، خۇپسەنلىك قىپتۇ، — دېسە، يەنە بىرى:

—ئوغرى مېلتىسىينىڭ ئۆزىمۇ تېخى، — دېدى.

—ياق، ئوغرى سەندىن بۇرۇنراق مېلتسىينىڭ كا نىيىنى مايلاپ، چۆنتىكىگە خېلى پۇل سېلىپ، ئۇنى بىلمەس قىلىۋەتكەن گەپ! — دېدى يەنە بىرى.

ئوسمان پەتنوستىكى رومكىنى قولىغا ئېلىپ:

—ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات، ئۇ گەپلەرنى تەگىمەيلى، هاراق دېگەننى خۇشال بولۇش ئۈچۈن ئىچىمىز، بۈگۈن مەرھۇم ئاغىنىمىز مەخسۇتجاننىڭ ئەتىۋارلىق ئوغلى — كەنجى تاي پولاتنىڭ تويىكەن، ئۇ هەم بىزنىڭ بالىمىز، ئۇنىڭ خۇشاللىقى بىزنىڭ خۇشاللىقىمىز، بالىلارنىڭ بېشى باش، ئايىغى تاش بولسۇن ئىلاهىم، — دەپ رومكىنى كۆتۈرۈۋەتتى. سۆھبەت مۇشۇ تەرىقىدە داۋاملاشماقتا ئىدى. دەل شۇ چاغدا دەرۋازا تەرەپتە ۋاراڭ-چۇرۇڭ كۆتۈرۈلۈپ، ئاككوردىيون ئاۋازى ئاڭلاندى. يىگىت-قىزلار رېستوراندىن قايتىپ كېلىشكەن ئىدى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، دەرۋازا ئالدىغا قاراپ ماڭدىم. قارىسام، بىر توپ ياشلار قىزنى دەرۋازا ئالدىغا يېقىلغان ئوتتىن ئاتلىتىپ هويلىغا ئەكىرىشىۋاتاتتى. يېڭى كېلىن يۆتكەپ كېلىنگەندىن كېيىن، ئىشىك ئالدىغا گۈلخان سېلىپ كېلىننى گۈلخاندىن ئاتلىتىپ ئۆيگە ئېلىپ كىرىش تۈركىي مىللەتلەرگە ئورتاق قەدىمىي ئادەتلەرنىڭ بىرى. بۇ تويى بولغان يىگىت بىلەن قىزنىڭ بىر-بىرىگە بولغان مۇھەببىتىنىڭ مەڭگۈ گۈلخاندەك يالقۇنجاپ تۇرۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. ئۇلار بىلەن بىللە بىر توپ ياشلار جىر جىرلاپ، ناخشا ئېيتىپ، ساز چېلىشىپ قورۇ ئىچىگە كىرىپ كېلىشتى. يېڭى مېهمانلارنىڭ كىرىشى بىلەن قىزغىن چاۋاكلار چېلىنىپ، تەرەپ-تەرەپتىن چاچقۇ چېچىلىپ، ناخشا-ئۇسسۇل ئەۋجىگە چىقتى. قورۇ ئىچى بۆلەكتىن جانلىنىپ، قاينام-تاشقىنلىققا چۆمدى.

## ئۆكۈنۈش

قازاقىستاننىڭ يېرى كەڭ، ئادىمى ئاز، تۇپرىقى مۇنبەت، نەچچە يۈز چاقىرىملاپ ماڭسىمۇ ئادەمزات ئۇچرىمايدىغان يەرلىرى بار. مۇشۇنداق كەڭرى كەتكەن يەرلەرنىڭ ئىشلىتىلمەي، ئەسىرلەردىن بۇيان قاغجىراپ يېتىشى، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، خەلققە ئاشلىق يېتىشتۈرەلمەسلىك قىيىنچىلىقىغا دۇچ كەلگەن خرۇششېف هۆكۈمىتى ئەمەلدارلىرىنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى ئۆزىگە تارتىدۇ. بۇ جىددىي مەسىلىنى هەل قىلىش ئۈچۈن هۆكۈمەت موسكۋا، لېنىنگراد قاتارلىق چوڭ شەهەرلەردىكى ياشلارنى قازاقىستانغا بېرىپ بوز يەر ئېچىپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشقا سەپەرۋەر قىلىدۇ. ياشلار هۆكۈمەتنىڭ بۇ چوڭ قۇرۇلۇش پىلانىغا قىزغىن ئاۋاز قوشىدۇ. لېكىن قازاقىستان دالىلىرىغا يېتىپ بېرىپ، دېهقانچىلىق مەيدانلىرىنى بەرپا قىلىشقا باشلىغان بۇ



www.uyghurkitap.com

ياشلارنىڭ زور بىر قىسمى ئۆزاق قالمايلا جاپالىق مۇھىتقا كۆنەلمەي، چوڭ شەھەرلەرگە — ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ كېتىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەت ئەمگەك كۈچىگە چۇشۇۋاتقان بۇ چوڭ ئېھتىياجنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، نەزىرىنى شىنجاڭدىكى سوۋېت گراژدانلىرىغا تىكىدۇ. شۇ چاغدا جۇڭگو خەلقى ئۈچ يىل داۋاملاشقان ئېغىر تەبئىي ئاپەتنى يېڭىپ، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئالغان «كونا قەرز»نى ئەمدىلا تۈگىتىپ بولغان ئىدى. يەنە سولچىل سىياسەتنىڭ زىيانكەشلىكى، ئىقتىسادىي جەھەتتە كۆرۈلگەن قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن كىشىلەردە نارازىلىق كۆچەيگەن ئىدى. دۇنيادا مۇكەممەل، نۇقسانسىز نەرسە يوق، ئاينىڭمۇ يۈزىدە دېغى بار. مەملىكىتىمىز دەل مۇشۇنداق قىيىنچىلىق ۋەزىيەتتە تۇرغاندا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانا خادىملىرى، سوۋېت ئىتتىپاقى پاسپورتى بارلارنى، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىشقا سەپەرۋەر قىلىپلا قالماي، پاسپورتى يوقلارغىمۇ پاسپورت تارقىتىپ گراژدان تەرەققىي قىلدۇردى. چاقىرىق قەغىزى، تەۋەلىك ئىسپاتنامىسى، ئاق ھۆججەتلەرنى تارقىتىپ، جۇڭگو پۇقرالىرىنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىشقا قۇتراتتى. ئىككى ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىلى، چۆچەك رايونلىرىدىن ئاتمىش، يەتمىش مىڭ پۇقرا قېچىپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ كەتتى. ئەزەلدىن دۆلەت چېگراسىنى قاتتىق قوغداپ كېلىۋاتقان سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرا مۇداپىئە ئارمىيىسى، مۇشۇ مەزگىلدە چېگرىغا بېكىتىلگەن سىم توسۇقلىرىنى ئېلىۋەتتى، كېچىلىرى قېچىپ كەلگەنلەرگە يېشىل چىراغ يېقىپ، قۇلايلىق شارائىت يارىتىپ بەردى. سوۋېت چېگرا قوغداش ئارمىيىسى بۇ قاچقۇنلارنى چېگرا پونكىتلىرىغا يىغىپ توپلاپ، ماشىنىلارغا بېسىپ بىپايان دالالارغا، بوز يەرلەردە يېڭىدىن بەرپا بولغان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىغا، زاۋۇتلار، تۆمۈر يوللارغا «خىزمەت»كە ئورۇنلاشتۇردى. بىر نەچچە يىللىق جاپالىق تۇرمۇشنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، بۇلارنىڭ بەزىلىرى يەنە قېچىپ شەھەرلەرگە، شەھەرگە يېقىنراق يېزىلارغا كېلىپ ماكانلاشتى. مۇتلەق كۆپ قىسمى، ئەمەلىي ئەھۋالنىڭ ئۆزلىرى تەسەۋۋۇر قىلغاندەك، تەشۋىقاتتا ئېيتىلغاندەك ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ، پۇشايماننى ئالدىغانغا قاچا، ئىللىق ماكانىغا قايتىپ كېتىشكە يول تاپالماي مەڭگۈلۈك ئارماندا قالدى. ئۇلار كېيىن ئۇرۇغ - تۇغقان، دوست - يار، ئاغىنىلىرىگە زار - زار قاقشاپ خەت يېزىپ، ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلىشتى. ئەنە شۇنداق كۆلپەتلەرنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئۆلپەتلەردىن بىر نەچچىسى بىلەن بۇ قېتىم ئۇچراشتىم، كۆرۈشۈپ ئەھۋاللاشتىم. ئۇلار ئاجايىپ كۈنلەرنى، تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان ھەر خىل سەرگۈزەشتىلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ.

* * *

مەن ھەر كۈنى دەرۋازىدىن چىقىپلا، يولنىڭ قارشى تەرەپ قىيپاش ئۇدۇلىدىكى، ئۇزۇن ياغاچ ئورۇندۇقتا، ئۇجمە سايىسىدا ئولتۇرغان بىر بوۋاينى كۆرىمەن. ئۇنىڭ كۆزى يىراقنى كۆرەلمەيدۇ، قۇلىقىمۇ ئېغىرلىشىپ قالغان، ھاسىسىغا تايىنىپ جىمجىت ئولتۇرىدۇ. ئۇنى تونۇيدىغانلار يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ۋارقىراپ سالام بېرىپ، ئەھۋال سوراپ قويىدۇ. بوۋاي مەيلى كۈن ئىسسىق بولسۇن، سالقىن بولسۇن، ئۇچىسىغا قېلىن يۇڭ پوفايكا، پۇتىغا مەسە - كالاچ، بېشىغا دوپپا كىيىپ ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئىسمى ئابدۇللا، دادىسى قەشقەر پەيزىۋاتلىق، ئانىسى ئاتۇشلۇق، ئۆزى غۇلجا سۈيدۈڭ (ھازىرقى قورغاس) ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1963 - يىلى ھەدىسى بىلەن بىللە

www.uyghurkitap.com

چېگرىدىن ئۆتۈپ، قاراغاندا چۆللىرىگە «تەقسىم» قىلىنىپتۇ. بۇ چۆللەردە ئۈچ يىل قوي بېقىپتۇ، ئاندىن مۇشۇ دۇرۇژبا يېزىسىغا كېلىپ، ئۆلپەتلىرىگە قېتىلىپ كولخوزدا ئىشلەپتۇ. بىر مەزگىلدىن كېيىن قورۇ ـ جاي سېلىپ، مۇشۇ يەرگە ماكانلىشىپتۇ. 38 ياشقا كىرگەندە غۇلجا جاغىستايدىن چىققان 20 ياشلىق بىر قىز بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپتۇ. كولخوزدا ئىشلەپ يۈرگەندە سېلىسوۋېت (يېزا باشلىقى) ئۇنى ئېتىزغا سۇ تۇتۇشقا بەلگىلەپتۇ. ئابدۇللا، مەن بۇرۇن كۆپ سۇ تۇتقان، ئەمدى باشقا ئىش قىلاي دېسە، سېلىسوۋېت ئۇنىماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللا كولخوزنى تاشلاپ، شەھەرگە كىرىپ، پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىدىن ئىش تېپىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ بىر ئۆمۈر تېلېفون سىمى تارتىش، سىم تارتىدىغان تۈۋرۈك توشۇش بىلەن مەشغۇل بوپتۇ. ئۇنىڭ ئۈچ ئوغۇل، ئۈچ قىزى بار ئىكەن، بۇ بالىلارمۇ ئۆرلەپ ئوقۇيالماپتۇ، ھەممىسى ئىشچى ئىكەن. بالىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىلىپ بوپتۇ. بىر قېتىم سۈيدۈكدىكى تۇغقانلىرى ئۇنى ۋىزا (تەكلىپنامە) ئەۋەتىپ سۈيدۈڭگە چاقىرتقان ئىكەن. بىراق كەنجى بالىسىنىڭ تويىغا تاقىشىپ قېلىپ پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ. بوۋاي شۇ قېتىم بارالمىغىنىغا قاتتىق ئۆكۈنىدىكەن.



ئەگەر بارغان بولسا ئۆزى تۇغۇلغان سۈيدۈڭنى قانغۇچە كۆرۈپ، ھاۋاسىنى سۈمۈرۈپ ئاندىن پەيزىۋات، ئاتۇشتىكى تۇغقانلىرى بىلەن دىدار كۆرۈشۈپ كېلىشنى ئارمان قىلغان ئىكەن. ئۇ كۆزىگە ياش ئېلىپ، ئۈمچىيىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى. «ئاللا ماڭا ئانا يۇرتۇمنى كۆرۈپ كېلىشنى نېسىپ قىلمىدى، ۋاقتىدا بارالمىدىم، مانا ئەمدى قېرىدىم، كۆزدىنمۇ، قۇلاقتىنمۇ كەتتىم، تىزىم ئاغرىپ ئۇزاقراق ماڭالمايمەن، ئارمان بار دەرمان يوق بولۇپ قالدىم. ھەي ئىست، ئىست...»

* * *

تۇرمۇش دېگەن ئادەم ئويلىغاندەك ئۇنداق تەرتىپلىك ھەم بىر قېلىپتا ماڭمايدىكەن. بەلكى زىددىيەت، رىقابەتكە تولغان بولىدىكەن. ھايات كەچۈرۈش جەريانىدا ئىنسان ھەر خىل سىناقلاردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدىكەن، ئاشۇ سىناق، ئىمتىھانلارنىڭ نەتىجىسى ئادەملەرنىڭ ئۆمۈرلۈك ھايات يولىنى، تەقدىرىنى بەلگىلەپ قويىدىكەن. بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىمىزنى غۇلجىدا بىللە ئۆتكۈزگەن زەينىدىن ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا ئالىي مەكتەپنىڭ بىر تۇتاش ئىمتىھانىغا قاتناشقان ۋە ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ، ئۈرۈمچىدىكى چارۋىچىلىق تېخنىكومىغا ئوقۇشقا كەلگەن. مەكتەپنى ياخشى نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەندىن كېيىن، چارۋىچىلىق نازارىتىنىڭ ئۆزىگە خىزمەتكە

ئېلىپ قېلىنغان. ئۇ ئۆزى بىلەن بىر كەسىپ، بىر سىنىپتا ئوقۇغان ئايگۈزەل بىلەن توي قىلغان. 1961 ـ يىلى ئۇ چارۋىچىلىق نازارىتىنىڭ يىقىلغانتاشتىكى پونكىتىدا خىزمەت قىلىۋاتقاندا، يۇرتىدىكى ئادەملەرنىڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. ئۇمۇ چىقىپ كېتىش ئىدىيىسىگە كېلىپ، تەشكىلگە ئىلتىماس يازىدۇ. بۆلۈم باشلىقى يۈي ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ: «خىزمىتىڭنى بىر ئوبدان ئىشلەۋاتىسەن. سەن يا رۇس تىلىنى بىلمىسەڭ، ئۇ يەرگە بېرىپ قانداق ئىشلەيسەن، بۇ خۇددى قاراڭغۇ ئۆيگە كىرگەندەك ئىش، ساڭا ھېچكىم چىراغ يېقىپ، ئۆينى يورۇتۇپ بەرمەيدۇ، ياخشىسى چىقىپ كەتمە». زەيىندىن كۆپ ئويلىنىدۇ، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن قەتئىي چىقىپ كېتىش ئىرادىسىگە كېلىپ، تەشكىلگە يەنە بىر پارچە ئىلتىماس سۇنىدۇ. يۈي زەيىندىننى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ، ئۇنىڭغا مۇنداق مەسلىھەت بېرىدۇ: «ئەمىسە، ساڭا ئۈچ ئايلىق رۇخسەت بېرىمىز، بېرىپ سوۋېتنى كۆرۈپ باق، قايتىپ كەلگىنىڭدىن كېيىن سېنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بىلىم ئاشۇرۇپ كېلىشكە ئەۋەتىمىز. سۇۋېچىلىق ساھەسىدە ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرى كەمچىل، بىلىم ئاشۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن ئاتا ـ ئاناڭنى ئۇرۇمچىگە يۆتكەپ كېلىپ، ئۆي ھەل قىلىپ بېرىمىز، ئاتا ـ ئاناڭ بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرگىن، قانداق دەيسەن؟ » لېكىن زەيىندىن بۇ ياخشى گەپلەرنى ئاڭلىمايدۇ، شۇندىن كېيىن ئۇ رۇخسەتمۇ سورىماي ئايالىنى باشلاپ، ۋەتىنىنى تاشلاپ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ ئالمۇتىغا چىقىپ، يىراق چۆللەرگە ھەيدىلىدۇ، نەچچە يىل ئۇيەر، بۇ يەرلەردە قېقىلىپ، سوقۇلۇپ يۈرۈپ قارا ئىش قىلىدۇ. شۇ جەرياندا رۇس تىلىنى بىلمەسلىكنىڭ خىجالىتىنى يەتكۈچە تارتىپ، تىل ئۆگىنىدۇ. ئاندىن پوچتا خىزمەتچىسى بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئۇ ئۆز ئەھۋالىنى ئېچىنىش ھېسسىياتى ئىچىدە سۆزلەيتتى. مەن ئۇنىڭ گەپلىرىنى كۆڭۈل دەپتىرىمگە خاتىرىلەيتتىم. چىرايى كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن، قوللىرى ياغاچتەك قېتىپ، دۈمبىسى چىقىپ دوك بولۇپ قالغان بۇ قەدىناس ئاغىنەمنىڭ ھازىرقى ھالىتىگە قاراپ، ئۇنىڭ پاكىز كىيىنىپ، چاچلىرىنى تاراپ يۈرگەن يىگىتلىك چاغلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم، ئۇ ئاشۇ يىللارنى ئەسلەپ مۇنداق دېدى: «ماڭا تەلەي كەپتىكەن، ئۆزۈم بىلمەي قاپتىمەن. ھايات مېنى بىر سىنىغان ئىكەن، بۇ سىناقتىن ئۆتەلمەپتىمەن. كۆلپەتلىك كۈنلىرىم بۈنى ماڭا ئېزىپ ئىچۈرۈپ تازا ئوبدان چۈشەندۈرۈپ قويدى»

*　　　*　　　*

ئۆمەر توختىمۇ ئاپتونوم رايونىمىزدا ھازىرقى دەۋردە كۆزگە كۆرۈنگەن پېشقەدەم يازغۇچى شائىر، پېداگوگىلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشقا تېگىشلىك كىشىلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ غۇلجىنىڭ باياندىي يېزىسىدا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەندىن كېيىن، 1957 ـ يىلى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كەلگەن، ئوقۇشنى تۈگىتىپ خوتەنگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. بۇ يىللاردا ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى گېزىت، ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. ئۇ قىزغىن ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئاشۇ يىللاردا غۇلجىدا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىش بولۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ ـ دە، بۇ خىيال كاللىسىنى چىرماپ ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇزاق ئۆتمەي خىزمىتىنى تاشلىۋېتىپ، تۇيۇقسىزلا غۇلجىدا پەيدا بولىدۇ. 1962 ـ يىلى يازدا باياندايلىق ئاغىنىسى ئىمىنجان

www.uyghurkitap.com

بىلەن ئىككىسى سوۋېتكە قېچىش ئۈچۈن، ئىلى دەرياسىنىڭ بويىغا بارىدۇ ۋە ئۇ يەردە دەريانىڭ كۆۋرۈكىنى ساقچىلارنىڭ قامال قىلىۋالغانلىقى، دەريادىن ئۆتمەكچى بولغانلارنىڭ ئىسپات قەغەزىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشكە كۆزى يەتمەيدۇ، دەريانىڭ تۆۋىنىدىكى قۇشخانا ئالدىدىكى ئارالدىن ئۈزۈپ ئۆتىدۇ. دەريادىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ قاتارىغا ئوخشاش مەقسەتتىكى ياشلار قوشۇلىدۇ. ئۇلار چېگرا ئۈستىگە جايلاشقان خۇنخاي مازار يېزىسىغا يېتىپ بارغۇچە كۆپىيىپ ماڭىدۇ. يول بىلمىگەنلىكتىن، ئۆتىدىغان يەرنى تاپالماي ئىككى كۈننى تاغلارنىڭ قاپتىلىدا مۆكۈپ يۈرۈپ ئۆتكۈزىدۇ. ئاخىر بىر كۈنى تۈن نىسپىدە چېگرىدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. قازاقىستان دۆلەت مۇداپىئە ئەسكەرلىرى ئۇلارنى تۇتۇۋېلىپ، چېگرا پونكىتىغا ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇلار يەنە غۇلجىدىن قېچىپ چىققان باشقىلار بىلەن پونكىتتا ئۇچرىشىدۇ. قاراۋۇل ئەسكەرلەر ئۇلارنى ھەربىي ماشىنا بىلەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا «ئۈزد-تىپ» قويىدۇ. ئۆمەر توختى، ئىمىنجان قاتارلىق ياشلار ئالمۇتا ئوبلاستىنىڭ ئۇيغۇر رايونىدىكى ئاقسۇ يېزىسىغا ماكانلىشىدۇ. ساۋاقداش ئۆمەر توختىنىڭ كۆلپەتلىك ھاياتى ئالمۇتا شەھىرىگە ئالاھەزەل 250 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى سەھرادا، ئېغىر دېھقانچىلىق ئەمگىكى بىلەن باشلىنىدۇ. ئارىدىن بىرنەچچە يىللار بوز يەر ئېچىپ، تېرىقچىلىق قىلىش بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئېغىر ئەمگەك، بىر خىل ئۆتۈۋاتقان سەھرا تۇرمۇشىدىن بىزار بولغان ياشلار تەدرىجىي شەھەرلەرگە بېرىپ، ئىش ئىزدەيدۇ. ئۆمەر توختىمۇ ئالمۇتا شەھىرىگە كىرىپ پويىزدا مۇلازىمەتچى بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئۇنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى 25 يىللىق ھاياتى ئالمۇتىدىن موسكۋاغا قاتنايدىغان پويىزدا ئۆتىدۇ. شۇ جەرياندا ئۇ ئاقسۇ يېزىسىدا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاغىنىسى ئىمىنجاننى تاشلىۋەتمەي يوقلاپ تۇرىدۇ. ئۇلار بىر-بىرىنىڭ تويلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلىشىدۇ. پەرزەنتلىرىنىڭ تويلىرىدا بىللە بولۇشۇپ، ئىجىل-ئىناق، ئۇرۇغ-تۇغقاندەك ئۆتۈشىدۇ.

ئۆمەر توختى ئىجادىيەتنى قايتىدىن باشلايدۇ. ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرى، ئالمۇتىدا نەشر قىلىنىدىغان ئۇيغۇرچە گېزىتلەردە ئېلان قىلىنىپ تۇرىدۇ. گەرچە ئۇ ئاللىبۇرۇن ئارام ئېلىشقا چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، شېئىر يېزىشتىن توختاپ قالماي، داۋاملىق ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋېتىپتۇ. ئۆمەر توختىنىڭ 65 ياشقا كىرگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن ئالمۇتىدىكى «يېڭى ھايات» گېزىتى ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ گېزىتتە ئېلان قىلىنغان «ئەسلىي يۇرتتىن كۆچمە ئاداش»ناملىق شېئىرى مۇنداق يېزىلغان:

— سەن ئەيىبلىك، — دەپ تارتمىسا بىراۋ سوتقا،
زورلاپ مېنى ئېپ چىقمىسا سۆرەم قوشقا،
مەن نېمىشقا گەپ قوزغىدىم كۆچۈش ھەقتە،
تۇرۇقلۇقمەن يۇرت ئىچىدە ھەممە سەپتە.

—مىڭ پۇشايمان يەيسەن تېخى، — دېگەن بىرى—
بىلگىن كۆڭۈل، ئويۇڭ كەتمەس بىزدىن نېرى.

كۆچمە! دېگەن پىكىر چىققان خېلى خەقتىن،
رەنجىگەنمەن توغرا كۆرمەي، ئوچۇق گەپتىن.

تونۇشماستىن كۆچۈپ باردىم باشقا يۇرتقا،
قىرىق يىلنى چىقاردىم مەن بىراق يوققا،
كىملەرنى دەپ كەلگىنىمنى بىلسەم ئۆلەي،
يېقىنىم دەپ قۇچاق ئېچىپ كىمنى سۆيەي.

* * *

ھەمىشە بازارغا ياكى مېھماندارچىلىققا ماڭغىنىمىزدا كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى قورۇنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرىدىغان بىر بوۋايغا سالام قىلىپ ئۆتەتتۇق. بوۋاي تاماكا، سەرەڭگە،

سىغىز كەمپۈت سېلىنغان سېۋەتنى ئالدىغا قويۇپ، ئۆزى ياسىغان تېۋىلغا سۇپۇرگىلىرىنى تامغا يۆلەپ قويۇپ، ئاپتاپسىنىپ ئولتۇراتتى. بىر كۈنى ئۆتۈپ كېتىۋاتساق، قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ بىزنى يېنىغا چاقىردى. ئۇ ئادەم بىلەن كوچىدا ئۆرە تۇرۇپلا بىردەم ئەھۋاللاشتۇق. بوۋاينىڭ ئىسمى مۇيتىللا بولۇپ، قىزىق گەپ قىلىدىغان ئادەم ئىكەن، بىز ئالدىراپ تۇرۇۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن، كېيىن پاراڭلىشىدىغان بولۇپ خوشلىشىپ كېتىپ قالدۇق.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. ئادىتىم بويىچە ئورنۇمدىن سەھەر تۇردۇم-دە، كوچىغا چىقتىم. ئەتىگەننىڭ ھاۋاسى سالقىن ھەم ساپ ئىدى. ئالدىمدىكى قارلىق تاغ تەرەپكە قاراپ، ياپيېشىل چىملىقتا بىردەم گىمناستىكا ئويناپ راھەتلەندىم. غۇچچىدە بولۇپ كەتكەن ئالما شاخلىرى تامлاردىن، رېشاتكىلاردىن ئارتىلىپ چۈشكەن تار كوچىلارنى ئارىلاپ ئاستا ماڭدىم. قىپقىزىل، قاپقارا پىشقان گىلاسلار يەرگە چۈشۈپ كېتىۋاتقان، ئالمىلار مەي باغلاپ ساڭگىلاپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ھېچكىم چېقىلمايتتى. ئۇجمىلەرنى قارىغۇجىلار، قۇشقاچلار چوقۇلاپ يېيىشمەكتە ئىدى. چوڭ كوچىدىن بىز تۇرۇۋاتقان كوچىغا ئايلىنىدىغان دوقمۇشقا كەلسەم، مۇيتىللا بوۋاي قورۇسىنىڭ ئالدىغا سۇ سېپىپ، پاكىز سۇپۇرۇپ، سېۋەتنى دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا قويۇپ، كوچىنىڭ ئۇ بېشىغا، بۇ بېشىغا قاراپ يالغۇز ئولتۇرۇپتۇ. مەن نېرىدىن سالام قىلدىم، ئۇ شەرەت قىلىپ:

—مەيەرگە كېلىڭ مېھمان، پاراڭلىشىمىز، — دېدى. مەن بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ قېشىدا ئولتۇردۇم.

—بىرنەچچە كۈن بولدى كۆرۈنمەيسىز، نەگە كەتتىڭىز؟ — دەپ سورىدىم ئۇنلۇك ئاۋازدا.

—مالۋاي، چېلەك، بايانداي تەرەپلەرگە ئۆلۈم پەتىسىگە بېرىپ كەلدىم.

—ھەدىمىز كېسەلچان تۇرسا، سىز كەتسىڭىز قىينىلىپ قالمامدۇ؟

—مەن خېلى يىل بۇرۇن ھەدىڭىزگە، ھەي خوتۇن، سېنى ئىككى قىلىۋالاي، مەن يوق چاغدا ئاغرىپ تارتىپ قالساڭ ھالىڭدىن خەۋەر ئالىدۇ دېسەم ئۆزى ئۇنىمىغان. مەندە نېمە گۇناھ، ھەممە گۇناھ ئۆزىدە، — دېدى بوۋاي چاقچاق قىلىپ چىشلىرى قالمىغان ئاغزىنى ئېچىپ كۈلگىنىچە.

مۇيتىللا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىدا چىققان ئىكەن.

—مەن، —دەيدۇ ئۇ چىقىش سەۋەبى ئۈستىدە توختىلىپ، — ئۆگەي ئانىنىڭ ئۆگەيلىشىگە چىدىيالماي ئۆيدىن قېچىپ چىققان. چېگرىدىن ئۆتكەندە بىز 12 بالا ئىدۇق. چېگرىدىن ئۆتۈشىمىز بىلەن بىزنى چېگرا ساقچىلىرى تۇتۇۋېلىپ، يەركەنتكە ئەكىلىپ تۈرمىگە سولاپ قويدى، سوراق قىلدى. مېنى سەن بۇ قاچقۇنلارنىڭ باشلىقى ئىكەنسەن، باشقىلار شۇنداق دېدى، دەپ ئۇرۇپ، تېپىپ يەردە يۇمۇلتىۋەتتى. ساقچىغا نارازى بولۇپ ھومايسام بىزگە «ئالايدىڭ» دەپ كاچىتىمغا سالغان ئىدى، كۆزلىرىمدىن ئوت چىقىپ ئېڭىكىم ئاجراپ كەتكىلى تاس قالدى، شۇنداق ئارقامغا قارىسام، ئاجراپ كەتكەن بىر ياغاچ ئورۇندۇق تۇرۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن مېنى ئۇرغان ساقچىنىڭ بېشىغا بىرنى قويدۇم-دە، قېچىپ چىقىپ كەتتىم. ئەپسۇس، قەيەرگە قارىسا شۇلارنىڭ ئادىمى تۇرسا يىراققا قاچقىلى بولامدىغان، يەنە تۇتۇلۇپ قالدىم. مېنى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشكە سىبىرىيىگە پالىدى. دەسلەپتە سېمىپىلاتىسكى دېگەن يەردە قانال قازدۇق. بۇ تازا ئاچارچىلىق بولۇۋاتقان ئۇرۇش يىللىرى ئىدى. كۈن ئىسسىق، ئىش ئېغىر، رىجىم قاتتىق، قورساق چىدىغۇسىز ئېچىپ كېتىدۇ. مەن گۇرۇپپا باشلىقىمىزدىن سوراپ ھاجەتكە ماڭدىم. قورايلىقنىڭ ئىچىگە كىرسەم بىر تۆگىنىڭ ئۆلۈكىنى قۇرت-قوڭغۇزلار مەززە قىلىپ يېگىلى

www.uyghurkitap.com

تۇرۇپتۇ. قۇرت ـ قۇڭغۇزلارنى «ئەمدى سىلەر نىراقراق تۇرۇڭلار، بۇ گۆشنى مەن يەي» دەپ قوغلىۋېتىپ خام گۆشنى پىچىقىم بىلەن كېسىپ تويغۇچە يېدىم. نەچچە پارچە كېسىپ ئېلىپ، بېلىمگە تۇگۈپ، ھەمراھلىرىمغا ئالغاچ كەلسەم، ئۇلارمۇ تالىشىپ يەپ كەتتى. قىش پەسلى يېتىپ كەلدى. قارا قىشتا سىبىرىيىنىڭ شىمالىدىكى تايگا تاغلىرىدا ياغاچ كەستۇق. ئىشچىلارنىڭ ئارىسىدا ئەڭ كىچىكى مەن ئىدىم. ۋاگونغا ياغاچ، ئوزۇق ـ تۈلۈك بېسىپ، ئالدىنقى سەپكە توشۇيمىز. بىز چىققان پويىز شىددەتلىك ئۇرۇشتا ئۆلگەن جەسەتلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتىدۇ. بېلىمىزدا ھەمىشە بىر باكىلاشكا ئىسسىقلىق تۇرىدۇ. بولكىلىرىمىز قېتىپ تاشتەك بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنى ھەرە بىلەن ھەرىدەپ، ئاندىن غاجىلاپ يەيمىز. چاينىماقنىڭ تەسلىكى، يالماپ يۇمشىتىپ، نېرى يۇتساق، بېرى كېلىپ، كانايدىن ئۆتمەيدۇ. ئىچكىلى چاي تۇرماق، قايناقسۇمۇ يوق. ئىسسىق چايغا زار بولۇپ كەتتۇق. ياغاچ قازاندا چاي قايناتقاننى كۆرگەنمۇسىز؟ — سورىدى بوۋاي گېپىنى توختىتىپ مەندىن.

—ياق، ياغاچ قازاندا قانداق چاي قاينايدۇ؟

—ئەمىسە ئاڭلاپ تۇرۇڭ، — ئۇ ھېكايىسىنى يەنە داۋاملاشتۇردى.

—بىز بىلەن بىللە ئىشلەۋاتقان بىر ياغاچچى رۇس بار ئىدى، ئۇ بىزگە شىمال تەرەپتىكى قارىغايلىق تاغنى كۆرسىتىپ، بۇ يەردىن ئاشۇ تاغقا بارغىچە ئىككى، ئۈچ كىلومېتىر ماڭىسىلەر، ئاندىن ئاشۇ تاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىگە ئايلىنىپ ئۆتسەڭلار ئۇستى ئېچىلىپ قالغان تاشلار بار، شۇنىڭ قوغۇندەك، تاۋۇزدەكلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىڭلار چاي قاينىتىمىز، دېدى. قانداق قاينىتىدىغانلىقىنى بىلمىسەكمۇ، چاينىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ كەتتۇق. لوم تۆمۈر، جوتۇ، گۇرجەكلىرىمىزنى كۆتۈرۈپ، بەلگە كېلىدىغان كۆلتۈك قارنى كېچىپ ماڭدۇق. تاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىگە ئۆتۈپ، ئون نەچچە تال تاشنى قومۇرۇپ، كۆتۈرۈپ چېدىر ئالدىغا تاشلىدۇق. ھېلىقى ئادەم يوغان بىر قارىغاي كۆتىكىنى چېپىپ زەمبىلدەك ئويۇپ، قازان ياساپتۇ. ئۇ ياسىغان ياغاچ قازاننى چېلەكتە قار ئەكىلىپ توشقۇزدۇق. ئاندىن ئەكەلگەن تاشلىرىمىزنى ئوت قالاپ قىزىتتۇق، تاش ئوتتا قىزارسا پاكىز بولۇپ كېتىدىكەن. قىپقىزىل قىزىغان تاشنى گۇرجەكلىرىمىز بىلەن ئېلىپ، ھېلىقى ياغاچ قازاندىكى سۇغا تاشلىساق، سۇ ۋاراقلاپ قايناپ كەتتى. شۇندىن كېيىن ياغاچ قازاندا سۇ قاينىتىپ قايناق سۇ ئىچەلەيدىغان بولدۇق. بۇ بىزنىڭ ۋەتەن ئۇرۇشىنىڭ قىيىن مەزگىللىرىدىكى كەچۈرمىشلىرىمىز. جىمى ئەتراپىنى مۇز قاپلىغان، توختىماي شۇۋىرغان چىقىپ تۇرىدىغان سىبىرىيىدە كۆرگەن ئازابلىق كۈنلەردىكى قىزىق ۋەقەلەرنى سۆزلەپ تۈگىتىش تەس. خەير، ئۇ مۇشكۈل چاغلارمۇ ئۆتۈپ كەتتى. سىبىرىيىدىكى ۋەزىپىنى تۈگىتىپ قايتىپ كېلىپ، بىر نەچچە يىل يەنە قىردا مال باقتىم. قىرنىڭ ئادەملىرى چارۋا بېقىشنى ئوبدان بىلگىنى بىلەن، تاماق ئېتىشنى پەقەت بىلمەيدىكەن. ئۇلار ھەدىگىز ئەتكەن تاماقلارنى يەپ تېتىپ بېقىپ ھەيران قېلىشتى. بىر كۈنى ھەدىگىز ئۆپكە ـ ھېسىپ قويۇپتۇ. ئۆپكىنى يېگەن بىر قوشنام:

—قانچىلىك يېسىمۇ كۆڭۈلگە تەگمەيدىغان قانداق ماي بۇ ئۆزى؟ — دېدى.

—جۇڭگودىن چىققان قوينىڭ قۇيرۇقى، — دېۋىدىم، ئۇ رەسمىي ئىشەندى ۋە:

—مۇندىن كېيىن مۇشۇنداق قۇيرۇقى بار قوينى باقساق بولىدىكەن، — دېدى.

قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يىلتىزى ئالمۇتىنىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىدە قەد كۆتۈرگەن كەتمەن تېغى باغرىغا جايلاشقان ئۇيغۇر يېزىلىرىغا تۇتىشىدىكەن. بىزنىڭ تۇغقانلىرىمىز، تونۇش - بىلىشلىرىمىزمۇ دەسلەپ شۇ ياقتا ياشاپ، كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە ئاشۇ كۆچۈم يېزىلاردىن بىر - بىرلەپ ئالمۇتا شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلار بىر قەدەر مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان دۇرۇژبا، سۇلتان قورغان، كالىنىن قاتارلىق يېزا - بازارلارغا كۆچۈپ كىرىپ ماكانلاشقان ئىكەن. شۇڭلاشقا ئالمۇتىدىكىلەر ئۇيغۇر رايونىنى ئۆز يۇرتىدەك، چوڭ ئۆيىدەك بىلىشىدىكەن. هېيت - بايرام، توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ قاتارلىق پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ئۈچۈن ئاشۇ تاغ باغرىغا چىقىشىدىكەن. بەزىدە ئوْن، گۆش، ماي قاتارلىق تۇرمۇش لازىمەتلىكلەرنىمۇ ئاشۇ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدىن ھەل قىلىپ كېلىشىدىكەن. ۋەتەندىن مېھمانلار چىقسىمۇ شۇ يۇرتلارغا باشلاپ ئاپىرىپ كۆرسىتىپ، سەيلە - ساياھەت قىلدۇرۇپ كېلىدىكەن. شۇ تاپتا بىزمۇ ئالمۇتىدىكى تۇغقانلىرىمىزنىڭ ھەمراھلىقىدا ئەجدادلار ماڭغان ئىزلارنى بويلاپ، ئۇيغۇرلار رايونى تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتىمىز. ئالمۇتىدىن خېلىلا ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن ماشىنا ھەيدەپ كېتىۋاتقان ئىنىمىز ئىسلامجان يول ئەتراپىغا ھەۋەس بىلەن زوقلىنىپ قاراپ، ناخشا باشلىدى، ئۇ تەمبۇر چېكەتتى، ناخشىنىمۇ ياخشى ئېيتاتتى:

يەركەت بويىدا ئۆسەك،
ئۆسەكتىكى دوستلارنى
ئۆسەكنى بېرىپ كۆرسەك،
قۇچاقلاپ تۇرۇپ سۆيسەك.

ئىسلامجان ماشىنىسىنى يولنىڭ چېتىگە توختاتتى ۋە بىزگە قاراپ: «ئۆسەك دېگەن مانا مۇشۇ يەر، چۈشۈپ كۆرۈڭلار» دېدى. بىز ماشىنىدىن چۈشۈپ دەريا بويىغا باردۇق. ئۆسەك دەرياسى ئەمەلىيەتتە ئىلى دەرياسىنىڭ داۋامى ئىكەن. «ئۇيىنىڭ مۇڭگۈزىگە ئۇرسا تۇيىقى سىرقىرايدۇ» دېگەندەك، تارىختا ئىلى دەرياسىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن ئۆسەك دەرياسىنىڭمۇ بېشىغا كەلگەن بولۇپ ئەجدادلىرىمىزنىڭ زۇلمەتلىك زاماندا ئاققان كۆز ياشلىرى تۆكۈلگەن، ئاھ - زارى سىڭگەن دەريا ئىكەن. بولۇپمۇ 1871 - يىلى يازدا زۇلۇمغا چىدىماي، بېشىغا كەلگەن ئېغىر كۈنلەرنى ناخشا قىلىپ ئېيتىپ ماڭغان كۆچمەن مۇساپىرلارنىڭ ئاھۇ زارى ھېلىمۇ كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلگىنى يوق. شۇ يىلى رۇسىيىدىن تازابېك باشچىلىقىدىكى قازاق قېرىنداشلىرىمىز پاناھلىق تىلەپ ئىلى دىيارىغا قېچىپ كېلىشىدۇ. ئىلى سۇلتانلىقى ئۇلارغا خەير خاھلىق قىلىپ، ئۇلارنى قۇچاق ئېچىپ قىزغىن قارشى ئالىدۇ، بىراق بۇ ئىشقا نارازى بولغان چار پادىشاھ ھۆكۈمىتى، كالپاكوۋىسكى قوماندانلىقىدىكى سەرخىل قوراللار بىلەن قوراللانغان ھەربىي قىسمىنى ئەۋەتىپ، ئىلى سۇلتانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئىلى رايونىنى ئىشغال قىلىۋالىدۇ. 1881 - يىلىغا كەلگەندە، مەنچىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى پېتىربورگدا ئىلى رايونىنى قايتۇرۇپ بېرىش ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ توختامنامىغا ئىمزا قويىدۇ. ئىلى رايونى چاررۇسىيىنىڭ قولىدىن قايتۇرۇپ كېلىنگەندىن كېيىن، ئىلى خەلقى ئىككى خىل زۇلۇم ۋە بېسىمغا ئۇچرايدۇ. بىرى، چاررۇسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ تەھدىتى، ئالدامچىلىقى ۋە ھەيۋىسى؛ يەنە بىرى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن خەلقتىن دەھشەتلىك تۈردە ئۆچ ئېلىشى. شۇنىڭ بىلەن ئىلىدىكى ئۇيغۇرلاردىن

56 مىڭ ئۆيلۈك پۇقرا مەجبۇرىي ھالدا رۇسىيە زېمىنىغا كۆچۈرۈلىدۇ. ئەنە شۇ كۆچ ـ كۆچتە قوۋم ـ قېرىنداشلىرى، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرت ـ ماكانىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي، زار ـ زار يىغلاپ ماڭغان ئەجدادلار مۇنداق ناخشىلارنى ئېيتىپ ئۆسەك دەرياسى بويلىرىدىن ئۆتىدۇ:

كەتمەيمىز دېگەن بىلەن،
بۇ ئىشقا نېمە چارە.
غۇلجىنى بېسىپ ئالدى،
دىلىمىز سۇنۇق، پارە.

ئۆسەككە بارارمىز دەپ،
ئەسكى تام ئارا ياتتۇق.
ئۆي ـ جايىمىز پۈتكىچە،
مۇشەققەت، ئەلەم تارتتۇق.

تەمبارگاھقا ماڭغاندا،
دەريا ياقىلاپ ماڭدۇق.
كۆزلەردىكى ياشلارنى،
دەرياغا تۆكۈپ ماڭدۇق.

يەركەتتىن ئۆتۈپ ئۆسەك،
ئۆسەكتىن ئۆتۈپ تۈرگىن،
بۇ زۇلۇمنى سالدىڭ سەن،
ئاخىرىدا ئۆزۈڭ كۆرگىن.

مانا بۈگۈن بىز ئەجدادلىرىمىز ناخشا ئېيتىپ ئۆتكەن ئاشۇ يولدا كېتىۋاتىمىز، ئۇلار ئىچكەن ئۆسەك دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئىچكەچ شۇ جاپالىق كەچمىشنى ئەسلەۋاتىمىز. ماشىنىمىز ئۇيغۇر يېزىلىرىنى ئارىلاپ كېتىۋاتىدۇ. ئالدىمىزدا كېگەن، قايقا تاغلىرى سوزۇلۇپ ياتىدۇ. تۈزلەڭ تەرەپكە قارىساق جاڭگالدا ئۈركۈپ قاچقان جەرەن، توشقان، كەكلىك، تورغايلار ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ يەردىكى ياۋايى ھايۋان، ئۇچار قاناتلارنىڭ خەۋپ ـ خەتەر، ۋەھىمىدىن خالىي، خاتىرجەم ياشىغانلىقى ئۇچۇن شۇنچىلا كۆپىيىپ كەتكەنلىكىدىن ھەيران قالدىم. دۆڭ ـ يوتىلارنىڭ كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان دوقمۇشلىرىدا ئارقار، بۈركۈت، بۆرە قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ھەيكىلى ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. قايقا داۋىنى بارغانسېرى ئېنىق كۆرۈنۈپ، بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە ھېكايىسىنى ئاڭلىغان، ئەدەبىيات دەرسلىكىدە ئوقۇغان قايقا داۋىنىدا بولۇپ ئۆتكەن قانلىق پاجىئەنى ئېسىمگە سېلىشقا باشلىدى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا قاتتىق زەربە يەپ، ھەر جەھەتتىن ئاجىزلاشقان چاررۇسىيە پادىشاھلىقىنى، ئۇرۇشتىن كېيىن دۆلەت ئىچىدە ئارقا ـ ئارقىدىن، توختاۋسىز ھالدا پارتلىغان قوزغىلاڭ، نامايىشلار، زاۋۇت، كارخانا، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاپ قېلىشى تېخىمۇ قاتتىق ھالسىراتقان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن چار پادىشاھ نېكولاي 1916 ـ يىل 25 ـ ئىيۇن يەتتىسۇ رايونىدىكى 18 ياشتىن 43 ياشقىچە بولغان ئەرلەردىن لاشمانلىققا * ئادەم ئېلىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرىدۇ. بۇ ئادەملەرنى تىزىملاشنى يەرلىك بولۇسلارغا ** تاپشۇرىدۇ. بولۇسلار مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پارا ئالىدۇ، باي، ئامباللارنىڭ بەقۇۋۋەت باللىرىنى تىزىملىماي كەمبەغەل، نامراتلارنىڭ باللىرىنى تىزىملايدۇ. ئوچۇق ـ ئاشكارا قىلىنىۋاتقان بۇ ئادالەتسىزلىك، خەلقنىڭ نارازىلىقى ۋە غەزەپ ـ نەپرىتىنى قوزغايدۇ، ھەممە يەردە ھۆكۈمەت پەرمانىغا قارشى سادا ياڭرايدۇ. ئۇيغۇرلارمۇ چوڭ ئاقسۇ، ئاۋات قاتارلىق جايلاردا ئۆز باللىرىنى لاشمانلىققا بەرمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، يەرلىك بولۇسلارنىڭ تىزىملىكىنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ، بەزى جايلاردا تىزىملاش توختاپ قالىدۇ. خەلقنىڭ بۇنداق كەسكىن قارشىلىقى پادىشاھنىڭ ئادەم ئېلىشىغا توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ. شۇ تۈپەيلى پادىشاھ جازا يۈرۈشى قىلىپ،

* لاشمان ـــ مەدىكار دېگەن مەنىدە. ** بولۇس ـــ بەگ، ئەمەلدار.





www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر رايونىغا قوشۇن ئەۋەتىدۇ. قوشۇن يېتىپ كېلىپ يېزا ـ كەنتلەرگە ئوت قويىدۇ، خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىنى تالان ـ تاراج قىلىدۇ، ئۆي ـ مەھەللىلەرگە قاراپ قالغان قېرى ـ چۆرىلەر، ئاياللار ۋە بالىلارنى شەپقەتسىزلەرچە ئۆلتۈرىدۇ. قوزغىلاڭ باشلامچىلىرىدىن 12 كىشىنى قايىقا داۋىنى ئۈستىدە ئۆلتۈرىدۇ. قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىدىن توخنىياز، جارۇللا قاتارلىقلار قۇربان بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ بولۇسلار نۇرغۇن ياشلارنى لاشمانلىققا تۇتۇپ بېرىدۇ. پادىشاھ جاللاتلىرى قايىقا داۋىنىدا ئۆلتۈرۈۋەتكەن باتۇرلار ھەققىدە ئۇلاتا دېگەن خەلق قوشاقچىسى مۇنداق قوشاق قوشىدۇ:

قايىقا داۋان تاغلىرى،
تۆكۆلگەندۇ قانلىرى.
تۇتۇپ نەيزە سالغاندا،
سىرقىرايدۇ جانلىرى.

توخنىياز دېگەن باتۇر،
قايىقا ئۈستىدە ياتۇر،
كۆپنىڭ سۆزىنى سۆزلەپ،
ئۆز بېشىنى يەپ ياتۇر.

قارا ـ قارا قاغىلار،
بالىلىرىغا دان بەرگەن،
كىچىككىنە مۇسا باي،
قايىقا ئۈستىدە جان بەرگەن.

يۇقىرىدىن چۈشۈپ كەلگەن،
جەرەن ئاتلىق جارۇللا،
قايىقا ئۈستىدە ياتۇر،
جەرەن كۆزلۈك جارۇللا.

كەچ كىردى زاۋال بولدى،
داۋۇزلارنى ئەتكەندۇ،
شېھىت بولغان يىگىتلەر،
قانغا پېتىپ ياتقاندۇ.

قايىقا، كېگەن تاغلىرى بۈيۈك تەڭرىتېغىنىڭ كۈنگەي تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ. تەسكەي تەرىپى كەتمەن تاغلىرى بولۇپ، سۇمبە، قىرىق ساي، ئاقسۇ، دولاتا، ئاۋات، تۆگمەن بېشى، دۆۋۈن، ئاقتام، كەتمەن، غالجات قاتارلىق يېزىلار جايلاشقان. بۇ قەدىمي يېزىلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسىگە قاراشلىق خونخاي مازار، جاغىستاي، سوپۇن بۇلاق قاتارلىق يېزىلىرى بىلەن يەر ـ سۇلىرى تۇتىشىپ تۇرىدۇ. جاغىستاي يېزىسىدىكى ئاق چوقىقا ئۇيغۇر رايونى تەرەپتىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئارىلىق ئەنە شۇنداق يېقىن بولغاچقا ئەجدادلىرىمىز تارىختىن بۇيان، چېگرىدىن تاغ ئارىسىدىكى تار يوللار ئارقىلىق بەزىدە بۇياققا، بەزىدە ئۇياققا ئۆتۈپ ياشاپ كەلگەن. كەمىنە مۇئەللىپمۇ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر رايونىنىڭ ئاقتام يېزىسىدىن كۆچۈپ ئۆتۈپ، سۈيدۈڭ (ھازىرقى قورغاس) ناھىيىسىنىڭ لەڭگەر بازىرىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان زامان بوۋاي بىلەن گۈلزارخان مومايىنىڭ پەرزەنتى بولىدۇ. مەرھۇملار گەرچە سۈيدۈڭدە، ئۇرۇمچىدە قازا قىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار تۇغۇلغان يۇرت، ئۇرۇغ ـ ئەۋلادىنىڭ قەبرىسى، ئاتا كۆرگەن، ئانا كۆرگەن پېشقەدەملەر مۇشۇ تەرەپتە ئىدى. ئادىتىمىز بويىچە ئالدى بىلەن كونا ئاقتام دۆڭىدىكى قەبرىستانلىققا باردۇق، ئۈستىنى شۇۋاق، ياۋا ئوت ـ چۆپلەر بېسىپ كەتكەن، تۆمۈر رېشاتكا ئىچىگە ئېلىپ، ئالدىغا تاش ئابىدە ئورنىتىلغان قەبرە بېشىدا دۇئا قىلدۇق. بۇ مۇئەللىپنىڭ تاغىسى ھاسان بىلەن ھەدىسى دانىشخاننىڭ قەبرىسى ئىدى. ئۇلار كۆرەتمە جىلغىسىدىن ئۇرغان سالقىن شامالدىن ھۇزۇرلىنىپ مەڭگۈلۈك ئۇيقۇسىنى ئۇخلاۋېتىپتۇ. بىزنى قازاقىستانغا چاقىرتقان ئىنى ۋە سىڭىللار مانا مۇشۇ پەدەرلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئىدى. ئاندىن يۇرتداشلار، تۇغقانلارنىڭ ئۆيلىرىدە پەتىدە بولدۇق. ئەس ـ ھوشى جايىدا، زېرەك بوۋاي ھەم

www.uyghurkitap.com

مومايلار بىزگە ئالەمدىن ئۆتكەنلەر توغرۇلۇق كۆپلىگەن قىزىقارلىق ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەردى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە: ئۇ زامانلاردا كونا ئاقتام جىلغىسىنىڭ ئۇستىدىكى تاغدىن ئېقىپ چۇشكەن سۇ، جەينەك شەكلىدىكى تاشنىڭ ئاستىدىن بۇلدۇقلاپ چىقىپ، جىلغا ئىچىگە گۇرگىرەپ چۇشىدىكەن. شۇڭا بۇ جاي گۇركىرەتمە دەپ ئاتالغان ئىكەن. بۇ يەرنى ئىگىلەپ تۇرغان باي خالايىقا، كىمكى مۇشۇ چۇشۇۋاتقان سۇنى ئاقتامنىڭ ئېتىزلىرىغا باشلاپ چىقالىسا، مەن شۇ كىشىگە ئون كىشىلىك يەر كېسىپ بېرىمەن، دەپتۇ. بىزنىڭ بوۋىمىز ئېلاخۇن، شۇ سۇنى مانا مەن باشلاپ چىقىمەن، دەپ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا مەيدىسىگە ئۇرۇپتۇ. شۇندىن كېيىن ئۆستەڭ چېپىپ، ھېلىقى سۇنى ئاقتام ئېتىزلىرىغا باشلاپ ئېلىپ چىقىپ، ئون كىشىلىك يەرگە ئىگە بوپتۇ. باللىرى بىلەن بۇ يەرنى تېرىپ، بىر نەچچە يىلدا بېيىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ روناق تېپىپ، گۇللىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرەلمىگەن ھېلىقى باي بوۋىمىزنى ئۆلتۇرۇۋېتىش كويىغا چۈشۈپتۇ. باي بىر كۈنى ئادەملىرى بىلەن كېلىپ، بوۋىمىزنى تۇتۇۋېلىپ، ئاغزىغا ياغاچ قوزۇق تىقىپتۇ، بوۋىمىز قوزۇقنى چىڭ چىشلىۋېلىپ قاققۇزغىلى ئۇنىماي تۇرغاندا، ئۇنىڭ مەرگەن ئوغلى ھاسان دۆڭ ئۇستىدە پەيدا بوپتۇ. ھاسان بەردەڭگە مىلتىقى بىلەن ئېتىپ، دادىسىنىڭ ئاغزىدىكى قوزۇقنى يەرگە چۇشۇرۇۋېتىپتۇ. باي غالچىلىرى بىلەن بەدەر قېچىپتۇ. ھاسان ئۇلارنى قوغلاپ مەھەللە ئىچىگە كىرىپ، كەينى ـ كەينىدىن ئوق ئېتىپ، مەھەللىنى ئەرەختەم ـ پەرەختەم قىلىۋېتىپ، قارىغۇ ئېتىنى مىنىپ جىلغا ئىچىدىكى ئۆيىگە يېنىپ كەپتۇ. شۇندىن كېيىن ئېلاخۇن بوۋىمىز باينىڭ ئۆچ ئالىدىغانلىقىنى ئويلاپتۇدە، باللىرىنى ئېلىپ، چېگرىدىن ئۆتۇپ، جاغىستاي يېزىسىغا كېلىپ ماكانلىشىپتۇ. گەرچە ئېلاخۇن بوۋىمىز خېلى بۇرۇنلا قازا قىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ پەرزەنتى ھاسان باللىرىنى باشلاپ 1955 ـ يىلى يەنە ئۆز يۇرتى ئاقتامغا كېلىپ ئورۇنلىشىپتۇ ۋە مۇشۇ يەردىلا ياشاپ ئالەمدىن ئۆتۇپتۇ.

كەتمەن تېغى باغرىغا جايلاشقان بۇ يۇرتلار قەدىمىلىكى بىلەنلا ئەمەس، تاغ جىلغىلىرىنىڭ ئېغىزىغا جايلىشىشتەك ئەۋزەللىكى بىلەنمۇ كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىپ تۇراتتى. خۇددى خەلق ناخشىلىرىدا:

تاغمۇ تاغلاردىن ئېگىز، ئۇستىگە قارلار يېغىپتۇ،
ئاغى بۇلاقنىڭ تاغلىرى. ئاستىدا گۇل باغلىرى.

دېيىلگىنىدەك، بۇ يېزىلارنىڭ تۆپە تەرىپى قارلىق چوققىلارغا، ئاستى تەرىپى ياپيېشىل مەخمەلدەك ئېتىزلارغا تۇتىشىپ كېتەتتى. مەھەللىلەر جىلغىلارغا تۇتاش بولۇپ، جىلغىلاردىكى تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ ئېقىۋاتقان سۇپسۇزۇك تاغ سۇلىرى ئىچىسە جانغا راھەت بېغىشلايتتى. ئارام بەخش تاغ ھاۋاسىدىن بەھرىلەنگەندە ئادەم ئەجدادلارنىڭ بۇ جايلارنى ماكان تۇتۇپ كەلگەنلىكىدىن پەخىرلىك ھېسلارغا چۆمۈلەتتى. بۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ تۇرالغۇلىرى ياۋروپا ئۇسلۇبىدا، ئاساسەن بىرلا قېلىپتا سېلىنغان بولۇپ، ئاستى ـ ئۇستى تاختايلىق، ئۆگزىسى چېدىر شەكىلدە ئىدى. ئەتراپى تام، زابۇر (تۆمۈر ۋە سېمونت قېتىشمىسى) بىلەن قاشالانغان ئىدى، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسى باغ بولۇپ، گۇل ـ گىياھ، ئوتياش تېرىلىپ، مېۋىلىك دەرەخلەر تىكىلىدىكەن. قورۇقلارنىڭ بەزىلىرىگە دەرۋازا بېكىتىلگەن، بەزىلىرىگە غورۇ سېلىنغان ئىدى، ئادەملىرىنىڭ كىيىنىش، يۇرۇش ـ تۇرۇشى، گەپ ـ سۆزى غۇلجا سەھرالىرىنىڭ ئادەملىرىگە ئوخشاپ كېتەتتى.

بىز مەھەللىلەردىن ئۆتۇپ غالجات يېزىسىغا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمان قىزى نۇزۇگۇم ئۆڭكۇرىنى زىيارەت قىلغىلى ماڭدۇق. نۇزۇگۇمنىڭ ئىسمى بۇ تەرەپتە «نازۇگۇم» دەپ تەلەپپۇز

قىلىنىدىكەن. قازاقىستان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا، نۇزۇگۇم ھەققىدىكى ئىزدىنىش ۋە تەتقىقات خېلى بۇرۇن باشلىنىپ، بۇ تېمىدا نۇرغۇنلىغان شېئىر - داستانلار، ھېكايە - پوۋېست، رومان، دراما، ئوپېرا، ئىلمىي ماقالىلەر يېزىلىپتۇ. نۇزۇگۇم قوشاقلىرى 40 - يىللاردىلا دەرسلىكلەرگە كىرگۈزۈلگەن ئىكەن. قازاقىستان دۆلەتلىك تىياتىر ئۆمىكى نۇزۇگۇم ئۆتكۈرىگە كېلىپ ئويۇن قويغان. بۇ ئويۇننى كېيىن ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان ھەرقايسى ناھىيە، يېزىلارغا ئاپىرىپ قويۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ قەھرىمان قىزىنىڭ جەڭگىۋار روھىنى تەشۋىق قىلىپتۇ. ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن تىجارەتتە بېيىپ، كۆزگە كۆرۈنگەن مەرھۇم دىلبىرىم سامساقوۋا ھايات چېغىدا نازۇگۇم فوندى جەمئىيىتى قۇرۇپ، مۇشۇ فوند ھېسابىغا ھەر يىلى «ئانىلار بايرىمى»، «نوروز بايرىمى» قاتارلىق بايراملارنى، ھەر خىل ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ، نۇزۇگۇمنى خاتىرىلەپتۇ. مەن قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىنىڭ نۇزۇگۇمغا بولغان ھۆرمىتى، مۇھەببەتى، ئۇنىڭ قەدىر - قىممىتىنى قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ ۋە كۆرۈپ نۇزۇگۇم تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، چىڭ سۇلالىسىغا قارشى جەڭ قىلغان بۇ يۇرتتا بىزنىڭ ھېچقانچە ئىش قىلالمىغانلىقىمىزنى ئويلاپ، خىجالەتچىلىك ھېس قىلدىم. بىر مەزگىل تېخى نۇزۇگۇم ھەققىدە يېزىلغان قوشاقلارنى باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكىدىن چىقىرىۋەتكەن ئىشلارمۇ بولغان ئىدى. مەن تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان دەرسلىك كىتابتىكى «نۇزۇگۇم» داستانى بىلەن بىزدە نەشر قىلىنغىنىنى ئوقۇپ، سېلىشتۇرۇپ باقتىم، ئىككى خىل نۇسخىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئوخشاش بولسىمۇ، يەنە بەزى جەھەتتە پەرقلەر بار ئىكەن. بىزدە نەشر قىلىنغان نۇسخىدا، ۋەقەلىك يىغىنچاق، ئىخچام بايان قىلىنغانىكەن، تىلىنىڭ جەڭگىۋارلىقى كۈچلۈك ئىكەن. تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان نۇسخىسىدا بولسا، ۋەقەلىك بىر قەدەر مۇپەسسەل، ئەركىن - ئازادە بايان قىلىنغان بولۇپ، ئەينى زامان ئەدەبىي تىلىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىغا، ئاممىباب، تەسىرلىك بولۇشىغا دىققەت قىلىنغان ئىكەن.

مەن نۇزۇگۇم ھەققىدە خىياللار بىلەن بولۇپ، «نۇزۇگۇم ئۆتكۈرى»گە يېتىپ كەلگىنىمىزنى بىلمەيلا قاپتىمەن. يىراقتىن قارىغاندا بۇ ئۆتكۈر، ئېگىز تاغنىڭ ئۈستى بىلەن ئاستى ئاجراپ كېتىپ، تېگى تەرىپى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنلىكتىن پەيدا بولغان يېرىقتەك كۆرۈنەتتى. كىشىلەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ قەھرىمان قىزىنى ئەسلەپ، يادلاپ بۇ يەرگە كېلىپ خاتىرە پائالىيەتلىرى ئېلىپ بارىدىكەن. ئۆتكۈرگە چىقىدىغان يولنىمۇ چىرايلىق ياساپ قويۇپتۇ. ئۆتكۈرگە بىر جىلغىنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ، ئاندىن تار يول بىلەن مېڭىپ چىقىدىكەنمىز. ئۆتكۈرنىڭ ئاغزىدىكى تاشقا مۇنداق يېزىلغان: «ئەلنىڭ ياخشى بالىسى خاراب بولۇر، قۇل بولماس» ئۇنىڭ ئاستىغا يەنە مۇنداق يېزىلغان: «ئۆز ھاياتىنى ۋەتىنىنىڭ شان - شۆھرىتى ۋە ئازادلىقى ئۈچۈن قۇربان قىلغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمان قىزى نازۇگۇم (1800 - 1830) مانجۇ باسقۇنچىلىرىنىڭ تەقىبىدىن مۇشۇ ئۆتكۈرنى پاناھ قىلغان». ئۆتكۈرنىڭ ئىچى كەڭ بولۇپ، ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى قاراڭغۇلىشىپ، كىشىگە سۈرلۈك تۇيۇلىدىكەن. ئۆتكۈر ئاغزىدا ئوت قالىغاندا كۆتۈرۈلگەن ئىسنىڭ ئىزلىرى تۇراتتى. مەن ئۆتكۈر ئالدىدا ھاياجانلىق ھېسلارغا چۆمۈلۈپ ئۇزاققىچە تۇرۇپ كەتتىم.

بىز كەتمەن يېزىسىغا كېلىپ، تۈزلەڭلىكتە كۆپكۆك، تىنىق ئاسماندەك كۆرۈنۈپ تۇرغان، تەبىئىي ئارشاڭ كۆللىرىگە چۆمۈلدۇق، ئاندىن بۇ يەردىكى قوۋم - قېرىنداشلار، يۇرتداشلار بىلەن خوشلىشىپ، ئالمۇتا شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقتۇق.

*(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئارامغا چىققان)*

**مۇھەررىر قاھار نىياز**

www.uyghurkitap.com




يول تۈنجى قەدەمدىن باشلىنىدۇ. تۈنجى قەدەم بىر ئۆزۈن مۇساپىنىڭ مۇقەددىمىسى. ئىجادىيەتتە تۈنجى قەدەم تولىمۇ مۇھىم. شائىر تۆمۈر داۋامەتنىڭ ئىجادىيەتتىكى تۈنجى قەدىمى 1963 ـ يىل يانۋاردا توقسۇندا يېزىلغان «قارىغاينىڭ خىسلىتى» دېگەن تۈنجى شېئىرىدىن باشلانغان. ئۇ شۇنىڭدىن باشلاپ 40 يىللىق ئىجادىيەت مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتۈپ، مول ھوسۇللۇق شائىرغا ئايلاندى. ھازىرغىچە ئۇنىڭ «تيانشان شادلىقى» (1982 ـ يىلى)، «ۋەتەنگە مۇھەببەت» (1987 ـ يىل)، «دەۋر ئىلھاملىرى» (1991 ـ يىل)، «ئۆمۈر ئىزلىرى» (2000 ـ يىل) ناملىق ئالتە شېئىرلار توپلىمى، «سۆيۈملۈك يۇرتۇم شىنجاڭ» (1990 ـ يىل)، «دوستلۇق سەپىرى» قاتارلىق سەككىز كىتابى نەشر قىلىندى. شائىرنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرى خەنزۇ، قازاق، ئۆزبېك، ياپون، رۇس تىللىرىغا تەرجىمە قىلىندى. 1985 ـ يىلى «يۈرەك ناخشىلىرى»، 1987 ـ يىلى «يۇرت مۇھەببىتى» ناملىق ئىككى شېئىرلار توپلىمى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن خەنزۇچە نەشر قىلىندى. 1992 ـ يىلى «دوستلۇق سەپىرى» ناملىق زىيارەت خاتىرىسى شىنخۇا نەشرىياتى تەرىپىدىن خەنزۇچە نەشر قىلىندى. «يۈرەك ناخشىلىرى»، «يۇرت مۇھەببىتى» ياپون تىلىدا نەشر قىلىندى. «ئۆمۈر ئىزلىرى» ناملىق ئالتىنچى شېئىرلار توپلىمى 2000 ـ يىلى «يازغۇچىلار» نەشرىياتى تەرىپىدىن خەنزۇچە نەشر قىلىنىش بىلەن بىللە ئىنگلىز، ئەرەب تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى. 2000 ـ يىل 14 ـ ئاپرېل ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىلەن يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن شائىرنىڭ «ئۆمۈر ئىزلىرى» دېگەن شېئىرلار توپلىمى ھەققىدە ئۈرۈمچى خەلق سارىيىدا مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا چىن بەيجۇڭ، ۋاڭ جۇڭمىڭ، ئىمىن ئەھمىدى، مەھەممەت شاۋۇدۇن، قاۋسىلقان قامىجان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، خەن زىيۇڭ، ئەكبەر غۇلام قاتارلىق ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر ئىلمىي ماقالە ئوقۇپ، شائىرنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىگە يۇقىرى باھا بەردى. بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ بېيجىڭدا جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن شائىرنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتى ھەققىدە مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، يىغىندا سۆز قىلغان بىر نەچچە مەشھۇر ئوبزورچى، ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر ئۇنىڭ ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە يۇقىرى

باھا بەرگەندى. ئۇنىڭدىن باشقا 90 - يىللاردىن بۇيان گېزىت - ژۇرناللاردا «ئىدراك بىلەن شېئىرىي ھېسسىيات بىرلەشكەن شېئىرىي گۈزەللىك ئىجادىيىتى» (ۋاڭ جۇڭمىڭ، «تارىم» 1991 - يىل 1 - سان)، «لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ھايات مەشئىلى» (ئارسلان، «تارىم» 1992 - يىل 5 - سان)، «چىن قەلب كۈيى» (ئېلى ئەبەيدۇللا، «تارىم» 1992 - يىل 4 - سان) قاتارلىق ئوبزورلار ئېلان قىلىندى. «ھايات مەشئىلى» ناملىق تۆت شېئىرلار توپلىمىنىڭ خەنزۇچە نەشرىگە باش شۇجى جياڭ زېمىن كىتاب ئىسمىنى يېزىپ بەردى. «سۆيۈملۈك يۇرتۇم شىنجاڭ» دېگەن كىتابىغا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشلىقى لى پېڭ بېغىشلىما يېزىپ بەردى.

20 نەچچە يىلدىن بۇيانقى مول ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ سابىق شۇجىسى يولداش جەي تەيپىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئېيتقاندەك «تۆمۈر داۋامەت ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئىنتايىن مول بولغان مۇنەۋۋەر شائىر» بولۇپ تونۇلدى. «ئۆمۈر ئىزلىرى»نىڭ تۇنجى نەشرىگە يېزىلغان نەشرىياتنىڭ سۆزىدە «ئۇنىڭ شېئىرلىرى تەبىئىي، سەمىمىي، ھېسسىياتلىق، ئاممىباب بولۇپ، كۈچلۈك ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ۋە چوڭقۇر تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە؛ شائىر ئۆزىگە خاس مىللىي ئۇسلۇبتا بىر قەدەر يارقىن شېئىرىي ئىستىل، ئىدىيىۋىلىك بىلەن بەدىئىيلىكنىڭ بىرلىكىدە بىرقەدەر يۇقىرى سەۋىيە ياراتقان» دېيىلگەن. («ئۆمۈر ئىزلىرى» 6 - بەت)

شائىرنىڭ «ئالتاي لىرىكىسى» ناملىق شېئىرى 1989 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاش - مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. «ۋىسال قەسىدىسى» ناملىق شېئىرى شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاش - مۇكاپاتلاشتا مەملىكەت بويىچە مۇكاپاتلانغان.

شائىرنىڭ ئىزدىنىش، ئىجادچانلىق روھى، ساپ، ساددا شائىرانە خىسلىتى، ئىجادىيەتتىكى سەمىمىيىتى، ئاممىباب يېزىقچىلىق ئىستىلى تولىمۇ قىممەتلىك، بۇ شائىرنىڭ 44 يىللىق ئىجادىيەت مۇساپىسىدىكى گەۋدىلىك بىر ئالاھىدىلىك.

شائىرنىڭ ئىجادىيىتى 1980 - يىلىدىن كېيىن رەسمىي شەكىللىنىپ، يېڭى بالداقتا كۆتۈرۈلدى. بۇنى شائىرنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى دېيىش مۇمكىن. مېنىڭچە بۇ باسقۇچ 2000 - يىلى «ئۆمۈر ئىزلىرى» نەشر قىلىنغانغا قەدەر بولغان 20 يىللىق جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شېئىر دەۋردىن، تۇرمۇشتىن، خەلق كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەردىن چەتتە تۇرالمايدۇ. دەۋرنىڭ تىنىقى، قەدەم تېۋىشى، تومۇرنىڭ سوقۇشلىرى شېئىر مىسرالىرىنىڭ جېنىغا جان، قېنىغا قان ئاتا قىلىدۇ. شېئىر بۇلاردىن ئايرىلىپ قالسا پۇچەكلىشىدۇ، شائىرنىڭ بەدىئىي ھاياتىنىڭ مەنىسى بولمايدۇ. شائىر دەۋر ۋە خەلق بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇپ، كىشىلىك تۇرمۇشنى قانچە تېتىغانسېرى شۇنچە چىن - ھەقىقىي شېئىرلارنى ئىجاد قىلالايدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرى دەۋرنىڭ تەلپىنى، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئىزھار قىلىپ، دەۋر ۋە خەلقنىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىقىدۇ. بۇنداق شېئىر ئەلۋەتتە گۈزەل شېئىر بولىدۇ. شائىر تۆمۈر داۋامەتنىڭ بىرمۇنچە شېئىرلىرى ئەنە شۇنداق شېئىرلاردۇر.

شائىر تۆمۈر داۋامەتنىڭ شېئىرلىرى تۇرمۇش قاينىمىدىن، ئەمەلىيەتتىن كەلگەن. ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

شېئىرلىرىنىڭ تولىسى كۆرەش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە، يېزا ـ قىشلاقلاردا، ئىش ئورنىدا، نەق مەيداندا يېزىلغان. شۇڭا بۇ شېئىرلار قىزىقىدا سوقۇلغان تۆمۈرگە ئوخشايدۇ. بۇ ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى.

شائىر تۆمۈر داۋامەتنىڭ ئىجادىيەتتىكى بىر ئەۋزەللىكى شۇكى، ئۇ ئۇزۇندىن بۇيان ھەر خىل كۆرەش ۋە ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىدە ئاممىا بىلەن بىللە بولۇپ، ئاممىا بىلەن ئىسسىق ـ سوغۇق، جاپا ـ مۇشەققەتنى تەڭ باشتىن كەچۈردى. تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكىنى كۆپ تېتىدى. ئۇنىڭ تۇرمۇش تەسىراتى ۋە جۇغلانمىسى ئىنتايىن چوڭقۇر ۋە مول. ئۇ ئىجادىيەت جەريانىدا ئەمەلىيەتكە، رېئاللىققا، تۇرمۇشقا سادىق بولۇپ، ئۆز شېئىرلىرىدا ئەمەلىيەتنى، ئىجتىمائىي رېئاللىقنى، تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈردى.

هاياتىم مەشئىلى لاۋۇلداپ ھامان، بېغىشلاپ تېنىمگە ئالەمچە دەرمان.
ئاۋامغا تۆكتى نۇر، قالمىدى ئارمان. تومۇرۇم خەلقىمگە تۇتاش، ئۈزۈلمەس،
ئالدىمدىن كەتمىدى دانكو سىيماسى، نۇرلانغان ئىزىمنى كۆمەلمەس بوران.

(«تۆمۈر ئىزلىرى» 443 ـ بەت)

شائىر تۆمۈر داۋامەت خەلقىنىڭ سادىق كۈيچىسى بولۇشقا مۇناسىپ، ئۇ 40 نەچچە يىللىق ئىجادىيەت جەريانىدا باشتىن ـ ئاياغ ئەڭ كۆڭۈل بۆلگەن ۋە ئاساسىي ئورۇنغا قويۇپ كەلگەن ئەھمىيەتلىك مۇھىم تېما خەلقنى كۈيلەش بولدى. ئۇ ئاۋام خەلق كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئاۋام خەلققە پايدىلىق، ئاۋام خەلق ئالقىشلايدىغان، قىزغىن سۆيىدىغان نەرسىلەر بولدى. ئۇ باشتىن ـ ئاياغ خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە، ئەڭ ئىلغار ئىدىيىۋى ھېسسىياتىغا ۋەكىللىك قىلدى. ئۇ خەلققە پايدىلىق ئىشلارغا ئوتتەك قىزغىن مۇئامىلە قىلدى. خەلقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ھاياتىدىكى چوڭ ئىشلاردىن تارتىپ ئادەتتىكى ئۇششاق ئىشلارغا قەدەر ناھايىتى زور ئېتىبار بىلەن قاراپ، ئۇلارنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن كۈيلىدى. ئۇنىڭغا كەلگەن ئىلھام ئاشۇلارغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەتتىن، ئەمەلىيەتتىن، تۇرمۇشتىن كەلگەن تەبىئىي قايناق ئىلھام بولدى، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ تەسىرلەنگەن چىن تەسىراتىنى ئىپادىلىدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى دەبدەبىلىك سۆزلەر بىلەن بېزەلگەن، مىسرالىرى ئاجايىپ ـ غارايىپ، بەدىئىي جەھەتتىن شېئىرىيەت تەلىپىگە، تويۇنغان بولمىسىمۇ ئۆزىنىڭ تەبىئىي، ساددىلىقى، ئاممىباپلىقى، ھېسسىياتىنىڭ قايناق ۋە چىنلىقى بىلەن قىممەتلىك. شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرلىرى ياسالمىلىق، ساختىلىق، غەلىتىلىكتىن خالىي؛ ئۇنىڭدىكى ھېسسىيات ساپ، سەمىمىي ۋە تەبىئىي بولۇپ، بىرقەدەر ئومۇمىيلىققا ئىگە؛ تىل چۈشىنىكسىز، ئېغىر، سىرلىقلاشتۇرۇۋېتىلگەن ئەمەس، شۇڭا ئاۋام خەلق ياقتۇرىدۇ. بۇ مىسرالار ئۇلارغا ئۆز كۆڭلىدىكىدەك، ئۆز گېپىدەك تۇيۇلىدۇ. ئۇلار بۇنىڭدىن سۆيۈنۈپ، شائىرنى چىن دوستى، سىردىشى، مۇڭدىشى، غەمگۇزارى ھېسابلايدۇ. ئاۋام خەلق بولۇپمۇ دېھقانلارنىڭ نەزىرىدە ئۇ دېھقان ئارىسىدىن چىققان، دېھقان ئۇچۇن ھەققانىي گەپ قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ يىغىسىنى يىغلاپ، كۈلكىسىنى كۈلىدىغان سۆيۈملۈك دېھقان شائىرى. «سىز بىزنىڭ كۆڭلىمىزدىكى گەپنى قىلىپسىز.» مانا بۇ كىشىلەرنىڭ شائىرغا بەرگەن ئەڭ ياخشى باھاسى ۋە ئىلھامى. ئۇ بۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن شېئىرىيەت مۇنبىرىدە، شائىرلار قاتارىدا يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە.

شائىر تۆمۈر داۋامەتنىڭ شېئىرلىرى ئەمەلىيەت بىلەن گۆش بىلەن ياغدەك بىرىكىپ كەتكەن. ئۇ شېئىرلىرىدا ئەمەلىيەتكە سادىق بولۇپ، ئەمەلىيەتنى يۈرەكلىك ئەكس ئەتتۈرگەن، ئەمەلىيەتتىن ئالغان ھەقىقىي تەسىراتىنى ئىپادىلىگەن. شۇنداق بولغاچقا، ئۇنىڭ شېئىرلىرى كىشىگە كۈچلۈك چىنلىق تۇيغۇسى بېغىشلاپ، تولىمۇ سەمىمىي، يېقىملىق تۇيۇلىدۇ، بۇمۇ ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە يېقىشىدىكى بىر سەۋەب.

شائىر تۆمۈر داۋامەتنىڭ شېئىرلىرىنىڭ بۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇشىدىكى بىر تۈپ ئامىل شۇكى، شائىر ئاددىي خەلق بىلەن بىر جان، بىر تەن بولۇپ كەتكەن. ئۇلارنى تەكتۈشى، جان دوستى، جان - جىگىرى، سىردىشى ھېسابلاپ، ئۇلار بىلەن دىلداش، ھەمنەپەس بولۇپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ جەبىر - جاپاسى، دەرد - ئەلىمى، غەم - قايغۇسىنى ئۆزىنىڭ جەبىر - جاپاسى، دەرد - ئەلىمى، غەم - قايغۇسى ھېسابلاپ، ئۇلار بىلەن ھېسسىيات جەھەتتە بىرىكىپ بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن.

> زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل باھارنىڭ قەدرىگە يەتمەس،
> جاپانى چەكمىگەن ئاشىق ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس.

بۇنداق بولۇشنىڭ چوڭقۇر ئىجتىمائىي، تارىخىي يىلتىزى بار. ئۇ ئەسلىدىن ئاۋام خەلق — دېھقان بىلەن يىلتىزداش، شۇڭا دېھقانىنىڭ دەرد - ئەلىمىنى، غەم - قايغۇسىنى، ئارزۇ - ئارمىنىنى ۋە جەبىر - جاپاسىنى ئەڭ چۈشىنىدۇ، دېھقانىنىڭ نېمىگە ئامراق، نېمىگە ئۆچ، نېمىگە خۇشتار، نېمىدىن بىزار ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا ئايان.

تۆمۈر داۋامەت 1986 - يىل 6 - ئايدا بىر مۇخبىرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا مۇنداق دېگەن: «مەن ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى بولغاندىن كېيىن زىممەمدىكى يۈكنىڭ ئىنتايىن ئېغىرلىقىنى ھېس قىلدىم. مەن بىر مەسىلە ئۈستىدە ئۇزاق باش قاتۇردۇم. بۇ، نامرات رايونلاردىكى دېھقان - چارۋىچى قېرىنداشلارنىڭ ئەھۋالىنى تېز ئۆزگەرتىش مەسىلىسى. شىنجاڭ ئازاد بولغىلى 30 نەچچە يىل بولدى. شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە زور گۈللىنىش بارلىققا كەلدى. لېكىن تارىخىي ۋە تەبىئىي شارائىت قاتارلىقلار تۈپەيلىدىن ھېلىمۇ شىنجاڭدا بىرمۇنچە دېھقان - چارۋىچىلار بىرقەدەر نامرات، ھەتتا ئاز ساندىكى ئاممىنىڭ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك مەسىلىسى تولۇق ھەل بولمىغان، ھەر قېتىم مۇشۇلارنى ئويلىسام يۈرىكىم ئېچىشىدۇ ۋە يۈزۈم قىزىرىدۇ». شائىرنىڭ بۇ رەھبەرلىك ئىدىيىسى ئىجادىيەت ئىدىيىسىدىمۇ ئەكس ئەتتى. ئۇنىڭ «دېھقان ئۈچۈن»، «ئۈز-گىرىش»، «داڭنىڭ خۇشاللىقى»، «بېشىم ئەمدى ساقايدى»، «كۆر دېھقان كۈلكىسىنى مايسىلا-ردا»، «كوئېنلۇن قوشىقى»، «كۈلگىن، قەشقەر»، «سالام ۋە ئۈمىد»، «تاشقورغان خاتىرىلىرى» (چاتما)، «ئۆرلە، قىزىلسۇ» قاتارلىق شېئىرلىرىدا دېھقانىنى ئۇلۇغلاش ۋە قەدىرلەش ئېڭى، دېھقانغا بولغان سەمىمىي ساداقىتى ۋە چىن ئەقىدە - ئىخلاسى ئىپادىلەنگەن:

> دېھقان ئۈچۈن ئويلىغىن، دوستۇم،
> دېھقان ئۈچۈن سۆزلىگىن، دوستۇم.
> دېھقان ئۈچۈن ئوتتا تەڭ كۆيۈپ،
> ئېتىكىنى كۆزلىگىن، دوستۇم.
>
> جەمئىيەتنى باغ دېسەڭ ئەگەر،
> ئۇنى بوستان ئەيلىگەن دېھقان.
> چېكىنىسىدىن ياغدۇرۇپ يامغۇر،
> ھەر مايسىغا بېغىشلايدۇ جان.

ئىسلاھاتنىڭ باھار ئاپتىپى يېزا ـ قىشلاقلارغا يېڭىچە جانلىنىش، دېھقانلارغا ئۈمىد، شاد-لىق ئاتا قىلدى. ئۇزاقتىن بۇيان نامراتلىقتىن قۇتۇلالماي كەلگەن دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىدا خۇشال-لىنارلىق ئۆزگىرىشلەر بولۇشقا باشلىدى. شائىر بۇ ئۆزگىرىشلەردىن ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈنۈپ، ئۇنى زوق ـ شوق بىلەن مۇنداق ئىپادىلىگەن:

قىزارغان گىردىلەر سەنەم مەڭزىدەك،
ياراشقان داستىخانغا خۇددى كەشتىدەك.
ئىشتەينى تارتىدۇ پىيالىدە چاي،
ئالتۇن رەڭ قايمىقى چاقنىغان چىچەك.

(«ئۆزگىرىش» 1981 ـ يىل مارت، لوپنۇر)

يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك تۇرمۇشنىڭ ئاساسىي كاپالىتى. بەزى جايلاردا تۇرمۇشنىڭ مۇشۇ تۆۋەن تەلىپىمۇ ھەل بولمىغان. ھەتتا بەزى دېھقانلار بىرەر مېھمان كەلسە ئالدىغا بىرەر زاغرىمۇ قويالمايدىغان دەرىجىدە نامراتلىشىپ كەتكەن. بەزى دېھقان ئائىلىلىرى چاشقان كىرسە يامانلاپ چىقىپ كەتكۈدەك بولۇپ قالغان، يوقسۇزلۇقنىڭ ئازابى جاندىن ئۆتكەن. شائىر تۇرمۇش-نىڭ بۇ ئاچچىق رېئاللىقىنى يوشۇرۇپ ياكى پەردازلاپ ئولتۇرماي ئەينەن ئىپادىلەپ، بۇنى ئۈچ يىل كېيىنكى تۇرمۇشقا جانلىق سېلىشتۇرما قىلىپ، بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ئەمەلىيەت ئارقىلىق پارتىيىنىڭ يېزا ئىسلاھاتىنىڭ دەسلەپكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە خۇ-شاللىق بىلەن باركاللا ئوقۇغان. شائىر بۇ يەردە ئۆز ھېسسىياتىنى «سەنەمنىڭ مەڭزىدەك» گىردە بىلەن «ئالتۇن رەڭ» قايماق چايغا مەركەزلەشتۈرگەن.

ھەر قېتىم بوسۇغاڭدىن كىرگىنىمدە،
شۇ بەلەن دېھقانلارنى كۆرگىنىمدە،
ئاجايىپ خىياللارغا چۆمۈلەتتىم،
يالقۇنلۇق ئۈمىدلەرگە كۆمۈلەتتىم،
ئىشچان، مەرد، ئاق دىل خەلقىڭ كۆلسە دەيتتىم،
پاراغەت باغلىرىدا يۈرسە دەيتتىم.

(«كۆلگىن، قەشقەر»، 1981 ـ يىل ئاپرېلدا)

بۇ يەردە شائىرنىڭ دېھقانلار توغرىسىدىكى ئىزگۈ ئارمىنى، تىلەك ـ ئارزۇسى ئەڭ گەۋدىلىك ئىپا-دىلەنگەن. شائىر نېمە ئۈچۈن ھەر قېتىم «شۇ بەلەن دېھقانلارنى» كۆرگىنىدە ئاجايىپ خىياللارغا چۆمۈ-لىدۇ؟ بۇنىڭغا سەۋەب بولغان زادى نېمە؟ ئەمەلىيەت يەنى تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق رېئاللىقى.

دېھقانلارنى ئېغىر جاپا ـ مۇشەققەتتىن، نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇپ راھەت ـ پاراغەتكە ئېرىشتۈرۈش دەۋرنىڭ تەلىپى، ھەممەيلەننىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى. بۇ جەھەتتە رەھبىرىي خادىم-لارنىڭ ۋەزىپە، مەسئۇلىيىتى تېخىمۇ ئېغىر. دېھقانچىلىق ھېلىغىچە ئىپتىدائىي قول ئەمگىكىدىن تولۇق قۇتۇلالمايۋاتقان ئېغىر ئەمگەك. شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك رايونى. بۇ يەردە دېھقانلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش، ئۇلارنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش ئەڭ مۇھىم مەسىلە. دېھقانلار «ئەلگە باش بول» دەپ ئات مىندۇرگەن يولداش تۆمۈر داۋامەت بىر رەھبىرىي خادىم ھەم دېھقانچىلىقنى چۈشىنىدىغان، ئۇنىڭ تەمىنى تېتىپ، ئىسسىق ـ سوغۇقىنى باشتىن كەچۈرگەن بىر كىشى بولۇش سۈپىتى بىلەن شائىرانە

بۇرچ نۇقتىسىدىن بۇ مەسىلىگە ئالاھىدە جىددىي قارىدى.

تېما تالالاش بىر ئەدىبنىڭ تۇرمۇشنى كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش، چۈشىنىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيىسىگە باغلىق. ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا زۆرۈر بولغان، خەلق ئاممىسى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ۋە ھەل قىلىشقا تەقەززا بولۇۋاتقان، ئەمەلىيەت جاۋاب كۈتۈۋاتقان تېمىلارغا ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك ئەدىب ئالدى بىلەن دىققەت قىلىپ ۋە ئۇنى بايقاپ، ئۇ ھەقتە باش قاتۇرىدۇ؛ دەۋرنىڭ، خەلقنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىگە جاۋاب بېرىش يولىدا ئىزدىنىدۇ. شائىر تۆمۈر داۋامەت يېزا ئىگىلىكى، دېھقان ـ چارۋىچىلار تۇرمۇشىدىن ئىبارەت بۇ مۇھىم تېمىغا ھەممىدىن بەك ئەھمىيەت بەرگەن ۋە ئۇنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، بۇنىڭغا نۇرغۇن ۋاقتى ۋە زېھنىنى سەرپ قىلغان. بۇنى دەۋر ۋە خەلق ئالدىدىكى زور ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتى ۋە ئالىيجاناب شائىرانە بۇرچى ھېسابلىغان. شۇڭا دېھقان ـ چارۋىچىلار ئۈچۈن سۆزلەشنى زۆرۈر ۋە شەرەپ بىلگەن، ئۇلارغا بەخت، شادلىق تىلىگەن. ئۇلارنىڭ كۈلكىسىنى ئۆز كۈلكىسى، يىغىسىنى ئۆز يىغىسى ھېسابلىغان. ئۇلار كۈلسە تەڭ كۈلۈپ، ئۇلارنىڭ كۈلكىسى ۋە شادلىقىغا ئورتاقلاشقان.

شادلىنىپ دېھقان كۈلۈپتۇ بۈگۈن،
قەلبىدىن كېتىپ ئەندىشە ـ تۈگۈن.
ئۇلار كۈلكىسى سىڭىپمۇ كۈلكەڭ،
ئاڭا جور بولۇپ كۈلگىلى كەلدىم.

(«سالام ۋە ئۈمىد» 1981 ـ يىل ئاپرېل، خوتەن)

كۈلۈپتۇ دەريا، قات ـ قات تاغلىرىڭ،
كۈلۈپتۇ گۈلگە تولغان باغلىرىڭ.
كۈلۈپتۇ مالچى، كۈلۈپتۇ دېھقان،
كېلەتتى شۇنى كۆرگۈم قىزىلسۇ.

(«ئۆرلە، قىزىلسۇ» 1981 ـ يىل ئاپرېل)

شائىر 1989 ـ يىلىدىن 1993 ـ يىل 8 ـ ماي‌غىچە خوتەن، توقسۇن، كۇچا، ئاتۇش، ئاقسۇ، يەكەن، مەكىت، مارالبېشى، كۆكتوقاي، قاناس، چۆچەك، بورتالا، غۇلجا، تۇرپان، قۇمۇل، سانجى قاتارلىق جايلاردا بىر نەچچە ئاي ئۇدا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە، ئامما ئارىسىدا بولۇپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا ئارقا ـ ئارقىدىن بىرنەچچە تۈركۈم ئېسىل شېئىرلارنى ئىجاد قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە بىر نەچچە شېئىر ئالاھىدە دىققىتىمىزنى قوزغايدۇ. بۇنىڭ بىرى «‹ياۋايىلار كەنتى›گە زىيارەت» تۇر.

1989 ـ يىلى تۆمۈر داۋامەت ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى سۈپىتى بىلەن كېرىيە بازىرىدىن 230 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى دەريا بويى كەنتىگە بېرىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى. بۇ تەكلىماكان قۇملۇقى ئىچىدىكى ئەڭ چەت بىر كەنت بولۇپ، بۇ كەنتتىكىلەر ئەتراپىدىكى دۇنيا بىلەن ئالاقىسىز، دۇنيادىن بىخەۋەر ياشىغان. ئۇلار تۆت ئەسىر ئىلگىرىكى تۇرمۇش ئادىتى ۋە ئۇسۇلىنى ساقلاپ قالغان. بۇ كەنت بايقالغاندا بىر مۆجىزە بولۇپ تۇيۇلۇپ، بەزى ئاخبارات ۋاسىتىلىرى بۇ يەرنى سىرلىق كۆرسىتىپ، «تەكلىماكاندا ياۋايىلار كەنتى بايقالدى، ياۋايى ئادەملەر بار ئىكەن، ئۇلار يەر ئىسلاھاتىنىمۇ، كومپارتىيىنىمۇ بىلمەيدىكەن» دېگەندەك ئاجايىپ ـ غارايىپ خەۋەرلەرنى تارقاتتى. بۇ خەۋەر بىر مەھەل جەمئىيەتتە غۇلغۇلا قوزغاپ، قىزىق نۇقتا بولۇپ قالدى. بەزىلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com

نەزىرىدە بۇ كەنتتىكىلەر راستىنلا ياۋايى ئادەملەرگە چىقىرىۋېتىلدى. مۇشۇنداق چاغدا تۆمۈر داۋامەت بۇ «سىرلىق ماكان»غا قاراپ سەپەرگە چىقتى. ئۇلار ئەتىگەن سائەت ئۈچتە ناھىيە بازىرىدىن قوزغىلىپ، كېچىدە قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا تەمتىلەپ مېڭىپ، تاڭ ئاتقاندا ئاران يولغا ئۇلاشقان. قۇملۇقتا ماشىنا قۇمغا پېتىپ قېلىپ ماڭالمىغاندا ماشىنىنى مۈرىدەپ ئىتتىرگەن، ئاشۇنداق مىڭ بىر مۇشەققەتتە 230 كىلومېتىر يولنى بېسىپ بۇ يەرگە كەلگەن.

شائىر تۆمۈر داۋامەت 2002 ـ يىل 18 ـ ئاۋغۇست ئۈرۈمچىدە مەن بىلەن سۆھبەتلەشكەندە بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دېدى: «مەن گېزىتتىن ياۋايىلار كەنتى ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ، مەن ئەجەب بۇ يەرنى بىلمەيدىكەنمەنغۇ، بۇ يەرگە بىر بېرىشىم كېرەك، دەپ ئويلىدىم. مەن 1989 ـ يىلى خوتەنگە خىزمەت تەكشۈرۈپ باردىم. خوتەندە ئۈلۈغ ئاتا سۇ ئامبىرى قۇرۇلماقچى ئىدى. مەن بۇ سۇ ئامبىرىنى قۇرغىلى بولامدۇ ـ بولمامدۇ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، سەككىز كىلومېتىر تاغ يولىدا پىيادە ماڭدىم. خىزمەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ تۇغان چۈشىدىغان يەرنى كۆرۈپ يەنە بىر ئويغا كەلدىم. تۇغان ئورنى تار بولسىمۇ، سۇ قاچىلايدىغان يېرى كەڭ ئىكەن. ئامبار قۇرۇلسا، توك مەسىلىسىنىمۇ ھەل قىلغىلى، كەلكۈن ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدىكەن، دېھقانلارنىڭ سېلىقىمۇ يەڭگىللەيدىكەن. مەن سۇ ئامبىرى قۇرۇشنى بېكىتىپ بەردىم. مەن شۇ يەردىن قايتىپ چۈشۈپ، ‹ياۋايىلار كەنتى› دېگەن زادى قانداق گەپ؟ مەن شۇ يەرگە بارسام، دېدىم. بىرى ئاۋۋال بېرىپ كۆرۈپ كەلدى. مەن ئۇ يەرگە بېرىش قارارىغا كەلدىم. بىر كۈنى تاڭ يورۇماستا يولغا چىقتۇق. قۇملۇقتا يۇلغۇنلارنى ياتقۇزۇپ قويغان ئىكەن. بەزى جايلاردا ماشىنا ماڭالمىدى. بىز 10 ـ 15 كىلومېتىردەك يولنى ماشىنىنى ئىتتىرىپ دېگۈدەك ماڭدۇق. 20 ـ 30 كىلومېتىر ئارىلىقتا بىرەر ئۆي ئۇچرايتتى، بەزى جايلاردا كىشىلەر ماشىنىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشۇپ، ماشىنىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىشتى. قوغۇن ئېلىۋالغان ئىدۇق، ئۇلارغا قوغۇن بەردۇق. دەم ئېلىۋالايلى دەپ بىر قېرى دېھقاننىڭ ئۆيىگە كىردۇق. ئۆي ئىگىسى بىزنى قىزغىن قارشى ئالدى. بىر يىگىت ئاپتۇۋا بىلەن قولىمىزغا سۇ بەردى. بىردەم ئولتۇرۇپ ماڭايلى دېيىشكەن، ئۇلار بىردەمدىلا بىر قوينى سويۇپ پىشۇرۇپ تەييار قىلدى. ئۆيلىرىنىڭ تاملىرى يۇلغۇن چىۋىق بىلەن توقۇلغان ئىكەن، تامنىڭ بەزى يەرلىرى يوچۇق، ئۇ يەردىن تالا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۆينىڭ ئىچىدە قۇم، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىگىز سېلىنغان. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا ئوت قالاپلا قوينىڭ گۆشلىرىنى يۇلغۇنغا ئۆتكۈزۈپ كاۋاپ قىلدى. گۆشنى بىرنەچچە ئۆرۈۋېدى، كاۋاپ پىشتى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، 400 يىل بۇرۇن بىر نەچچە ئادەم بۇ يەرگە كەلگەن ئىكەن. ئۇلار بەك مېھماندوست بولۇپ، بۇ خىسلەت ئەينەن ساقلانغان. ئۆزلىرى يېمىسىمۇ ئاۋۋال مېھمانغا قويىدىكەن. مېھمان كېلىدۇ، دەپ ئۇن قاتارلىق نەرسىلەرنى قۇمغا كۆمۈپ ساقلايدىكەن. ئۇلاردا قىلچىمۇ ياۋايىلىق ئالامەت يوق. قانۇنغا بەك رىئايە قىلىدىكەن. ئوغۇللار 20 گە، قىزلار 18 گە كىرمىسە توي خېتى بەرمەيدىكەن. ئۇنى شۇجى تەستىقلايدىكەن. شۇجى ھەم كەنت باشلىقى ئىكەن. بۇ يەردە ئوغرى ـ يالغان يوق ئىكەن. سوت مەھكىمىسى يوق ئىكەن. ئىشىكلەرگە قۇلۇپ سالمايدىكەن. بۇ كەنتنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقتۇم. ئۇلار ھېچنەرسىنى بىلمەيدۇ، دېگىنى يالغان ئىكەن. بىز بارغاندا مەكتەپ، دوختۇرخانا، ھۆكۈمەت يوق ئىكەن. ئازادلىقتىن بۇيان بۇ يەرگە ناھىيىدىن يۇقىرى رەھبىرىي خادىملار بېرىپ باقمىغان ئىكەن. ئۇ يەردە ھۆكۈمەت قۇرۇشنى قارار قىلىپ، شتاتنى بېكىتىپ بەردىم. بىر مەكتەپ، دوختۇرخانا قۇرۇشنى، يول ياساشنى تاپشۇردۇم.

تراكتور، توپا ئېتىرىش ماشىنىسى ھەل قىلىپ بەردىم. بىر مۇنچە سوۋغا ـ سالام تارقىتىپ بەردۇق. بىر بوۋاي بىلەن سۆھبەتلەشتىم. ئاخشىمى بىر دېھقاننىڭ ئۆيىدە قوندۇق. بۇ يەردە توي ـ تۆكۈن بولسا بىر ئاي بۇرۇن ئۇقتۇرۇش قىلىپ قويسا، دېھقانلار كېلىپ توغراقلىقتا قونۇپ توي ئويناپ ئاندىن كېتىدىكەن. بۇ يەر ھەرگىزمۇ ‹ياۋايى›لار كەنتى ئەمەس ئىكەن. ئۇلار چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق قىلىدىكەن» .

تۆمۈر داۋامەت ھارغان ـ ئاچقىنىغا قارىماي بۇ يەرگە كېلىپلا دېھقانلارنىڭ ئۆيىنى يوقلىغان. ئېگىز قۇم بارخانلىرى ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپنى كۆزەتكەچ بۇ يەرنىڭ تارىخى، جۇغراپىيۋى ئەھۋالىنى ئىگىلىگەن. بۇ يەرنىڭ شارائىتى، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى توغرىسىدا بىۋاستە چۈشەنچە ھاسىل قىلغان. ئاخشاملىرى توغراق تۈۋىدە دېھقانلار بىلەن بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭۈل دەرۋازىسىدىن ئىچكىرىلەپ كىرگەن، ئۇلارنىڭ ئوي ـ خىيالى، پىكىر ـ تەلەپلىرىنى ئۇققان. ئۇلارنىڭ پىلانلىرىچۇ تېخى؟! بۇمۇ رەئىسكە مەلۇم بولغان. بۇ يەردە مەكتەپ، دوختۇرخانا قاتارلىقلارنى قۇرۇپ بېرىش، يول ياساشنى جاكارلىغاندا چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەن ئىنتايىن خۇرسەن بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىغا رەھمەت ئېيتىپ تەنتەنە قىلىشقان. « ‹ياۋايى›لار كەنتىگە زىيارەت» دېگەن شېئىر ئەنە شۇ تەسىرلىك ئەمەلىيەتتىن تۇغۇلغان. شائىر بۇ ھەقتىكى تەسىراتىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

تەكلىماكان قۇملۇقىدا بىپايان
بىر دەريا بار جىمجىت ئاققان يىل ـ يىللاپ.
قاشتا تارقاق يېزىلار بار ياشىغان
پىنھان ئۇيغۇر دېھقانلىرى ماكانلاپ.

بۇندىن تۆت يۈز يىل مۇقەددەم بۇ يەردە
ئىككى ئادەم باققان ئىكەن قوي پەقەت.
ھازىر نوپۇس سەككىز يۈزدىن ئېشىپتۇ
كۆچە ـ كۆچە بولۇپ بىر توپ جامائەت.

......

چىرا ناھىيە قۇچىقىدىن قوزغالدۇق
سەھەر پەيتى سائەت ئۈچتىن ئاشقاندا.
قاراڭغۇدا يۈرۈپ تەستە تەمتىلەپ،
يولغا ئاران ئۇلاشتۇق تاڭ ئاتقاندا.

ماڭدۇق قۇملۇق، ئېدىرلارنى ئارىلاپ،
قۇملار گويا پاختا قېلىن ۋە تېرەن.
ماشىنىمىز پاتسا قۇمغا ئىتتەردۇق
ۋە كۆتۈردۇق يەلكە بىلەن، قول بىلەن.

پادىچىلار ئۈچراپ تۇردى يول بويى،
قۇملۇقلارنى قىيتتۇ ئۇلار تۇرالغۇ.
قوي ـ پادىنى ئوبدان بېقىش يولىدا،
بولالماپتۇ بوران، مۈشكۈل توسالغۇ.

ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق كېلىپ بىز
قوي توپىنى «ياۋايى»لار يايلاتقان.
يېشىل، يۇمران قىرغاقتىكى ئوت ـ چۆپلەر،
سېمىز ئىكەن مال ـ چارۋىلار يايراشقان.

ياۋاش ئىكەن بۇ يەردىكى يۇرتداشلار،
ئادەت ئىكەن سەممىمي، ئاق كۆڭۈللۈك.
مېھمانلارنى كۈتىدىكەن بەك قىزغىن،
ئېلىپ چىقىپ بار ـ يوقىنى ھەر ئۆيلۈك.

بۇ يەرلەردە ئوغرى ـ يالغان يوق ئىكەن،
ئوۋ ئوۋلاشسا ئورتاق بەھرە ئالاركەن.
بىر ـ بىرىدىن ھەزەر قىلماس كىشىلەر،
سىرتقا ماڭسا ئىشىك ئوچۇق قالاركەن.

كۆتۈۋالدى سېنخىي، قىزغىن بىر بوۋاي
ئالدىمدىكى بىر قورۇغا كىرگەندە.
ھاياجانلىق ياشلار ئاقتى كۆزىدىن،
سالاملىشىپ، ھال سورىشىپ كۈلگەندە.

ھېچكىم بۇندا ئۆتكۈزمەسكەن جىنايەت،
خاتىرجەم ۋە خۇشال ـ خۇرام ھەممىسى.
بىللە ئىشلەپ ئىناق يۈرەر، ھەر جايدا،
بار تەڭلىكنىڭ ھەم دوستلۇقنىڭ بەلگىسى.

مېھمان قىلدى سېلىپ كەڭرى داستىخان
چاي قۇيۇپ، نان ئۇشتۇپ قىزغىن ساھىبخان.
ئۈنىمدۇق قوي سويماقچى بولغاندا،
تويدى قورساق بولسىمۇ بۇ باياۋان.

ئاللار ئىكەن خىش ـ كاھىشىنىڭ ئورنىنى
يۇلغۇن شىخى ئۆي سالغاندا قوم ئارا.
بولمىسىمۇ زامانىۋى ۋە لېكىن،
ئېسىل ئۆرپ ـ ئادەت قىلار مەھلىيا.

تۆمۈر داۋامەت بۇ كەنت تارىخىدا تۇنجى سەھىيە ئاچقان رەھبەر بولۇپلا قالماي بۇ كەنتنى تۇنجى كۆيلىگەن شائىر ۋە دۇنياغا تونۇتقان كىشى بولدى. بۇ شېئىر يېگى ئېلان قىلىنغاندا ئوقۇغان نۇرغۇن كىشىلەر تەسىرلىنىپ، شائىرغا باركاللا ئوقۇدى. بۇ شېئىر شائىرنىڭ شېئىرىي تەپەككۇرى، كۈچلۈك شېئىرىي ئىلھامى ۋە شېئىرىي تۇيغۇسىنىڭ جەۋھىرى، گەرچە بۇ شېئىر بەدىئىي جەھەتتىن خىللا ئاددىي بولسىمۇ، ئەمما پەۋقۇلئاددە ئەمەلىيەتنىڭ ئىلھامىدىن كۈچلۈك ھېسسىيات بىلەن ئۇرغۇپ چىققان بولغاچقا، كىشىگە چىن، يېقىملىق، تەسىرلىك تۇيۇلىدۇ.

1995 ـ يىلى مايدا شائىر تۆمۈر داۋامەت ياپونىيىنى زىيارەت قىلىپ قايتىپ كېلىپلا قىزىلسۇ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈرگەن. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

باھارنىڭ ئەلچىسى كاككۇك ئۈنىدىن
بېشارەت بولدىكىم دېھقان كۈنىدىن.
شۇڭا يۇرت ـ بوستانىنى بىر كېزەي دېدىم،
ئىلھامىم بېغىدىن گۈل ئۈزەي دېدىم.
كەلگەندە زارىقىپ كۈتكەن شۇ پۇرسەت،

كۈن يۇرتى * چىللىدى بولغىن دەپ ئۈلپەت؛
كىچىكتى ئارزۇيۇم شۇ سەۋەبتىن سەل،
قايتىپلا يولغا تېز چىقتىم يەشمەي بەل.
جەنۇبنى نىشانلاپ باستىم مەن قەدەم،
دەسلەپتە ئاتۇشقا چۈشتۈم ئالماي دەم.

(«سۆيۈنۈش» 1995 ـ يىل ماي، ئاتۇش)

ئۇنىڭ 1995 ـ يىلى مايدا خوتەندە يېزىلغان «دېھقان» دېگەن شېئىرىمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان شېئىردۇر.

بۇ يۇرتتا كۆرگىنىم تۇنجى بۇ ھەيۋەت ھەيكەلنىڭ بولدى،
نە ھەيكەلكى، چۈشەنسەڭ دەل ئۆزۈڭ ئۇ بەلكى خان، دېھقان.
مېنى يات كۆرمىگىن ھەرگىز، قاياشىڭمەن سېنىڭ مەڭگۈ،
مېنىڭ ئەسلىممۇ دېھقاندۇر، دېمەككى مەن ھامان دېھقان.

* ياپونىيە

يۇرۇڭقاشنىڭ سۈيىدەك مەۋج ئۇرار سەنچۇن مېنىڭ مېھرىم،
سالامىمنى قوبۇل ئەتكىن، تۇرامسەن تىنچ ـ ئامان، دېھقان.
ھالال تەرىڭدە يۇرتۇڭنى قىلىپسەن باغۇ بوستانلىق،
جاپايىڭ مەن ئۈچۈن ھېچ سىر ئەمەس بەلكى ئايان، دېھقان.
شۇڭا ھالىڭغا يەتمەكنى پۇكۇپ كۆڭلۈمگە كەلدىم مەن،
ئەگەر كۆڭلۈڭدە غەم بولسا ماڭا قىلغىن بايان، دېھقان.
دېگىن ھاجەتلىرىڭ بولسا، بولايمەن سادىغاڭ خالىس،
چاكار دەپ بىل مېنى ھەر چاغ ۋە تارتىنماي تايان، دېھقان.

خوتەن شەھرىدىكى دېھقان ھەيكىلى خوتەن دېھقانلىرىنىڭ سىمۋولى. ئۇنىڭدا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد قان ـ تەر تۆكۈپ خوتەننى گۈللەندۈرگەن ئەمگەكچان، باتۇر، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئاددىي ـ ساددا، مەغرۇر قىياپىتى؛ جاپا ـ مۇشەققەتكە تىز پۈكمەس ئىشچان، ئىجادچان روھى ئەكس ئەتكەن. شائىر بۇ ھەيكەلگە خىتاب قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ خوتەن دېھقانلىرىغا بولغان ھۆرمىتى ۋە مۇھەببىتى، چىن ساداقىتىنى ئېخىمۇ يۇقىرى بالداقتا كۆتۈرۈپ ئىپادىلىگەن. ئۇ خوتەن دېھقانلىرى ھەققىدە 1981 ـ يىلى ئاپرېلدا «سالام ۋە ئۈمىد» دېگەن تۇنجى شېئىرىنى يازغان. ئۇ شېئىردا مۇنداق دېيىلگەن:

قولۇم كۆكسۈمدە، سالام ئەي خوتەن،
قايناق ھاياتقا چۆمگىلى كەلدىم.
بولۇپ مەھلىيا گۈزەل ھۆسنۈڭگە،
يۈرەك كۈيىنى تۆككىلى كەلدىم.

تالاي تاغۇ ساي، چۆللەرنى كېزىپ،
ئۆزۈمنى شۇنچە بەختىيار سېزىپ.
ئاق كۆڭۈل، ئىشچان، باتۇر خەلقىڭنى
سېغىنىپ يەنە كۆرگىلى كەلدىم.

...

ئۇنىڭ «توقسۇن، سېنىڭ قۇچاقلىرىڭ» دېگەن شېئىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «يۇرت تەسىراتلىرى» (چاتما)مۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك شېئىرلارنىڭ بىرى. بۇ شېئىردا مۇنداق كۇپلېتلار بار:

ھاكىم بولغان يىللىرىم سەندە
كۆچەت تىكتۇق قۇمنى تىزگىنلەپ.
ئادەملەرنى كۆچۈرۈپ كەتكەن
تالاي قېتىم بورانلار ئەدەپ.

يىللار ئۆتۈپ كەلسەم مەن بۈگۈن
توقسۇن، قويىنۇڭ بوپتۇ بوستانلىق.
مەن ئىشلىگەن چۆللەر ئورنىدا
ياتار يېشىل ۋادا ـ ئورمانلىق.

قۇملۇق بوران ئاچقۇزمايتتى كۆز،
مايسىلارنى كېتەتتى يۇلۇپ.
بىر ئېتىزنى ئۈچ رەت تېرىساق،
ئۈچ رەت قالغان ئىدى چۆل بولۇپ.

قىزدۇرىدۇ قۇياش ئەتراپىنى،
تۆكۈلمەيدۇ گۈللەر، ياپراقلار.
قېنى توقسۇن، بورىنىڭ سېنىڭ،
تىنچ تۇرىدۇ بەرگى قىياقلار.

بۇ شېئىردا لىرىك قەھرىماننىڭ ئاچچىق كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق ئەمەلىيەت سىلىشتۇ-

رۇلۇپ، توقسۇنغا تارىختىن بۇيان بالايىئاپەت كەلتۈرۈۋاتقان بورانىنىڭ تىزگىنلەنگەنلىكى، يېڭى دەۋردە يېزىلاردا يۈز بەرگەن تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر ئىپادىلەنگەن.

ئەي ئىلانلىق،
مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ماكان، ئۆزگىرىپتۇ قىياپىتىڭ ئاي ـ كۈن ساناپ،
يۈرىكىمدىن ئىشقىڭ مەڭگۈ ئورۇن ئالغان. تونۇيالماي قېلىپ بۇگۈن بولدۇم ھەيران.

ئەرنىڭ غېمى ئەلدە، بولۇپمۇ يۇرت بېشى بولغان بىر رەھبەرنىڭ تېخىمۇ شۇنداق. قەيەرگە بارسا، شۇ يەرگە غەمخور بولۇپ، يۇرت ـ ماكاننىڭ روناق تېپىپ گۈللىنىشىنى تىلەپ، كېچە ـ كۈندۈز بۇ ھەقتە باش قاتۇرۇپ، قان ـ تەر ئاققۇزۇپ كەلگەن ئوغلان يۇرت ـ ماكان تونۇيالمىغۇدەك ئۆزگىرىپ كەتسە قانداقمۇ قۇۋانماي، پەخىرلەنمەي تۇرالىسۇن؟! ئۇنىڭ كۆتكىنى شۇ ئەمەسمۇ؟! شۇڭا ئۇ يۇرتىنىڭ يېڭى قىياپىتىنى كۆرۈپ ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈندى، ھاياجانلاندى.

سىېنى دەپ ئۆگەندىم، سىېنى دەپ ئىشلەپ، سىېنى دەپ ياشاشتىن ئارتۇق لەززەت يوق.
ساڭا نەپ بېرىشتىن ئۆزگە نىيەت يوق. («خەلقىم»)
.... ئۇلارغا نەپ بېرىپ ياشاش سائادەت.
سىېنى دەپ ئىشتا مەن، جەڭدە مەن ئەبەد، («ھايات كاپالىتى»)دىن

بۇ شائىرنىڭ بارلىقىنى خەلق مەنپەئىتى ئۈچۈن بېغىشلىغان پىداكار قەلبىنىڭ جاراڭلىق خىتابى.

شائىر تۆمۈر داۋامەت ھەر بىر ئىش ـ ھەرىكىتىدە خەلق مەنپەئىتىنى، خەلققە پايدا يەتكۈزۈشنى ئەۋزەل بىلگەن. خەلققە پايدىلىق ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلگەن. ئۇنىڭ 1985 ـ يىلى ئاتاقلىق ناخشىچى دىلبەر يۇنۇس ئۇرۇمچىدە تۇنجى قېتىم ناخشا كېچىلىكى ئۆتكۈزگەندە، ئۇنىڭغا بېغىشلاپ يازغان «ناخشىچىمىز دىلبەرگە»، تۇرپان ناھىيىلىك هاراق زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا بېغىشلانغان «ئۈزۈم ھارىقى»، شىنجاڭ ئۆسمۈرلەر دەرستىن سىرتقى مۇزىكا مەكتىپىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا بېغىشلانغان «سەنئەت غۇنچىلىرىغا»؛ 1986 ـ يىلى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 300 سان چىققانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن يېزىلغان «سەنئەت گۈلى»، «تەڭرىتاغ»، ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنى بېغىشلاپ يېزىلغان «تەڭرىتاغقا يېڭى مەدھىيە»، «مىللىي يازغۇچىلار» ژۇرنىلىنىڭ نەشر قىلىنغانلىقىنى تەبرىكلەپ يېزىلغان «كۈيلەيلى بەختىيار دەۋرانىنى»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام ئانسامبىلىنىڭ شياڭگاڭدا ئاسىيا سەنئەت بايرىمىدا شەرەپ قۇچۇپ قايتىپ كەلگەنلىكىگە بېغىشلاپ يېزىلغان «دۇنياغا يۈزلەنسۇن مۇقام»، ماناس ئېلېكتىر ئىستانسىسى 1 ـ نومۇرلۇق گېنېراتور گۇرۇپپىسىنىڭ پۈتۈن لىنىيە بويىچە توك تارقاتقانلىقىنى تەبرىكلەپ يازغان «چۆلدە چاقنىغان گۆھەر»، 1989 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ شۇ يىلى يېڭى يىل كۈنى ئاڭلىتىدىغان «تېخىمۇ گۈزەل ئەتىمىز» ناملىق نومۇرىغا بېغىشلاپ يېزىلغان «تېخىمۇ گۈزەل ئەتىمىز» دېگەن شېئىرى ئاشۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

بىز يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرىمىزكى، شائىر تۆمۈر داۋامەتنىڭ قەلىمى ئالدىدا مەيلى قايسى

134

سەپ ۋە ساھەدىكى ئىش، ئادەم بولسۇن خەلقە، جەمئىيەتكە پايدىلىقلا بولىدىكەن، پايدىلىقلا ئىش قىلغان كىشى بولىدىكەن كۆيلەش، مەدھىيىلەش، ئىلھاملاندۇرۇش ئوبيېكتى بولۇپ، شائىرنىڭ قىزغىن مۇھەببىتىگە ئېرىشتى، قىممەتلىك، ئەھمىيەتلىك ھېسابلاندى.

ئۇنىڭ «كارىز سېنىڭ ئىجادكارىڭ ئۇيغۇر ئەجدادى» دېگەن شېئىرى ئەنە شۇنداق ئالقىشلىنىپ، كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان مۇنەۋۋەر شېئىر. ئۇ بۇ شېئىرىدا مۇنداق دەپ جاكارلايدۇ:

كارىز ئۆزۈڭ ئۇلۇغ مۆجىزە،
سۈيۈڭ سۈزۈك ئۈنچىلەرگە تەڭ.
باش قۇدۇقتىن چىقسا ئوتلام سۇ،
ئاخىرىدا بولىدۇ ئۆستەڭ.

كارىز شۇنداق ياشىدىڭ قانچە؟
ئىككى مىڭ يىل بەلكى ئۈچ مىڭ يىل.

ئىجادكارىڭ ئۇيغۇر ئەجدادى،
سۆلىرىڭدىن ياشىرىدۇ دىل.

قۇرۇسىمۇ بۇلاقلاردا سۇ،
قۇرۇمايسەن، جۇشقۇن ئاقىسەن.
سەن بولساڭلا بىزنىڭ كۆڭۈل توق،
ئېتىزلارغا كىمخاپ ياپىسەن.

شائىر تۆمۈر داۋامەتنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تېماتىك مەزمۇنى كەڭ. ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، دوستلۇق، ھەمكارلىق، ئىتتىپاقلىق، مۇھەببەت، ۋاپا قاتارلىق تېمىلاردا يېزىلغان بىر مۇنچە مۇنەۋۋەر شېئىرلىرى بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە چەت ئەللەرگە زىيارەتكە چىققاندا يازغان شېئىرلىرىمۇ خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇلارنىڭ بىرمۇنچىلىرى ھەر بىر بارغان يېرىدە، شۇ دۆلەتنىڭ ئۆزىدىلا يېزىلغان. بۇ شېئىرلاردىمۇ ھېسسىيات ناھايىتى قىزغىن، تەبىئىي، چىن ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭدا شائىرانە سەممىيەت چاقناپ تۇرىدۇ.

شائىرنىڭ شېئىرىي تەپەككۇرى، شېئىرىي ئىلھامى، شېئىرىي ھېسسىياتىنىڭ قانداقلىقى شېئىرنىڭ نەتىجىسىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ بىر شېئىرنىڭ قانداقلىقىنىڭ مۇھىم بەلگىسى. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، شائىر تۆمۈر داۋامەتنىڭ يۇقىرىقى شېئىرلىرى شېئىرىي تەپەككۇر، شېئىرىي ئىلھام، شېئىرىي ھېسسىياتىنىڭ ئۆزگىچە مېۋىسىدۇر.

يولداش تۆمۈر داۋامەتنىڭ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇدەك ئانچە كۆپ ۋاقتى يوق. بەزى شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي جەھەتتىن يۇقىرى ئەمەسلىكىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. شائىر تۆمۈر داۋامەتنىڭ شۇنچە ئالدىراشلىق ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئاكتىپ شۇغۇللىنىپ ئەدەبىياتىمىزغا، ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان زور تۆھپىسىنى خەلق ئۇنۇتمايدۇ، تارىخ ئۇنۇتمايدۇ!

*(ئاپتور ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن ئارامغا چىققان)*

مۇھەررىر مۇختار تۇردى




**ياسىن ئىسمايىل ئەلتىرەش**

## ئۇنۇتماس سىنى ئەل - يۇرتۇڭ

كېتىپ قالدىڭ ئەجەب بالدۇر، ماڭا بۇنداق ئازاب بولماس،
يۈرەك - باغرىمغا دەز كەتتى، ئۇنى ئەملەپ، قاداپ بولماس.
بېشىمغا چۈشسىمۇ غۇلاپ ئۆزۈمدىن چوڭ ئېغىر تاشلار،
پىسەنت قىلماس ئىدىم قىلچە، بۇ ھالغا ھېچ چىداپ بولماس.
سىنى دائىملا ئويلايتتىم قەلەم، قەغەز بىلەن بەند دەپ،
سىنىڭدەك شەپىسىز ھېچكىم دىمەستىن «خوش!» ئۇزاپ بولماس.
يولۇڭدا قانچىلاپ مۈشكۈل ساڭا تەزىمدە باش ئەگكەن،
ئەجەل قول سۇنسا ئۇشتۇمتۇت ئىكەن ھېچكىم توراپ بولماس.
ۋەتەن، ئەل ئىشقىدا كۆيدۈڭ تىنىم تاپماي بەخت ئىزدەپ،
سەمەندەر، سەن كۆيۈپ پىشقان لاۋا، ئوتقا چىداپ بولماس.
ئانا يۇرت باغرىدا كۆيدىن بىنا قىلغان ئەجىر - تۆھپەڭ،
يىقىلماس بىر مۇنار بولدى، ئۇنى شاھمۇ ياساپ بولماس.
ئۇنۇتماس مەڭگۈ تۇرسۇنئاي سىنىڭدەك قىزنى ئەل - يۇرت،
پەزىلەت - خىسلىتىڭنى ئەلتىرەش ئەسلەپ ساناپ بولماس.

*(ئاپتور ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 181 - نومۇر)*

**مەمتىمىن بارى**

## ئەلۋىدا، تۇرسۇنئاي

چۈشتى ئەرشتىن بەك تۇيۇقسىز بىۋاقىت يۇلتۇز ئېقىپ،
كۆزلىرىمدىن ياش تاراملاپ گاڭگىراپ قالدىم قېتىپ.
توختىدى «بۇلبۇل ناۋاسى» سەل بولۇپ كۆز ياشلىرى،

يىغلىدى «جىنەستە» نەزەر بەتلىرىمۇ كۆز تىكىپ.
كەتتى ئۇ بەك ئالدىراپلا «گۈلنىھال»غا خوش دېمەي،
شۇ «چىغىر يول» دا يۈرۈپ ھەم تاغ ـ داۋانلاردىن ئېشىپ.
بەشكېرەم، تارىم، تىيانشان بىلىگە ئاق باغلىدى،
جۆر بولۇپ ماتەم كۈيىگە ئاھ ئۇرۇپ، قوشاق قېتىپ.
ھەسرىتا داغدا قويۇپ كەلمەسكە كەتتى تۇرسۇنئاي،
قالدى ئىز، تۆھپىلىرى ئەسلەيدۇ ئەۋلاد ياد ئېتىپ.
ئالدىراپ كەتتىڭ نىچۇن قاھار سېنى چاقىردىمۇ،
يا ئارام ئالاي دېدىڭمۇ بىمەھەل ھاردۇق يېتىپ،
شۇم كېسەل كەتتى ئېلىپ چىرماپ تېنىڭنى ئاخىرى،
سەن ھايات ئەل قەلبىدە روھىڭ ياشايدۇ نۇر چېچىپ.

*(ئاپتور ئۈرۈمچى شەھەر جەنۇبىي مەدەنىيەت يولى 6 ـ قورۇدا)*

**نىھال**

## جەننەت بولغاي ياتقان جايىڭىز

يۈرەكلەردە يەنە ئازاب شاخلىدى بۇ دەم،
جۇدالىقنىڭ كۈلپەتلىرى ياغدى باشلارغا.
كەتتىڭىزمۇ كەلمەس بولۇپ «تۆھپىكار ئانا»،
سۆيگۈ بەرگەن ئىدىڭىزغۇ تاغۇ تاشلارغا.
شېئىر ئۈچۈن كۆيگەن ئىدى ھايات شامىڭىز،
ئاچقا ئاش ـ نان، ئۇسسىغانغا بەردىڭىز شەربەت.
ئەل قەلبىدە ئۆچمەس مەڭگۇ ياخشى نامىڭىز،
بۇ دۇنيادا ئىزگۈلۈكلا ياشايدۇ ئەبەد.
نېمە چارە؟ دەيمىز پەقەت ئەلھۆكمىللىلا،
بىرەلەيمىز ئۆزىمىزگە شۇنداق تەسەللى.
داغدا قويار جىمى جاننى ۋاپاسىز دۇنيا،
قاچان يەتكەن مۇرادىغا مەجنۇن ۋە لەيلى؟
تىلىكىم شۇ، جەننەت بولغاي ياتقان جايىڭىز،
يېنىڭىزدا قاھار جېلىل مېھرىبانىڭىز...

**زوردۇن ئىمىر**

## يىغلىدۇق

بىغىمىزدىن بىر گۈل كەتتى، يىغلىدۇق،
نە گۈل، خۇشبۇي سۇمبۇل كەتتى، يىغلىدۇق.
بىرئۆمۈر ئەل ئىشقىدا شوخ ئۇنلىگەن،
خۇشناۋالىق بۇلبۇل كەتتى، يىغلىدۇق.
نەكى بۇلبۇل، زوق ـ ئىلھامنى پەرلىگەن،
خۇش يېقىملىق مەرغۇل كەتتى، يىغلىدۇق.
كارۋان بولۇپ سەپتە ئالغا ئۈندىگەن،
ھارماس تۇلپار ـ دۇلدۇل كەتتى، يىغلىدۇق.
نەكى دۇلدۇل، بەيگىمىزنى زەرلىگەن،
كەڭتاشا سول ـ بىر رول كەتتى يىغلىدۇق.
داۋان ئېشىپ مەنزىللەرنى كۆزلىگەن،
ئۆچمەس داغدام تۈز يول كەتتى، يىغلىدۇق.
نە يولكى ئۇ بەھرىمىزنى تەملىگەن،
خىسلەتكە باي جۈپ قول كەتتى، يىغلىدۇق.
بەرىكىتىدىن ئېتىز ـ باغنى بىزىگەن،
ئۆكسۈمەس چەش ـ ھوسۇل كەتتى، يىغلىدۇق.
كەتتى ئەمما قالدى باغدا مېۋىسى،
جەننەتكىلا ئۇدۇل كەتتى، يىغلىدۇق.
كەتتى دېمەك بىر گۈل سەنئەت بېغىدىن،
نە گۈل، يىلتىز ـ بىر ئۇل كەتتى، يىغلىدۇق.



ئابدۇرۇسۇل تۇمەر

# «ئەنجانباي» رومانى ۋە ئۇنىڭ تىلى ھەققىدە

620 بەتلىك چوڭ ھەجىملىك تارىخىي روماننى تەسىرلىك ۋە قىزىقارلىق يېزىپ چىقىشنىڭ ئۆزىمۇ ناھايىتى زور نەتىجە. ئەنجانباي ياشىغان تارىخىي دەۋرنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئەنجانباينىڭ ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق چاغلىرى، مۇھەببەت پاجىئەسى، ھەققانىيەت يولىدا تارتقان رىيازەتلىرى، ئىنقىلابقا قاتنىشىش جەريانى، باتۇرلۇقى، پەم-پاراسىتى ۋە تراگېدىيىلىك ئاقىۋىتى ئۈستىدە ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، ئەنجانبايدەك بىر تارىخىي قەھرىماننىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ناھايىتى مۈشكۈل ئىجادىي ئەمگەك.

يازغۇچى نۇر روزىنىڭ بۇ جەھەتتە سىڭدۈرگەن جاپالىق ئەجرىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

روماندا تاشقورغاندا قوزغالغان «تاغ ئىنقىلابى» تارىخىي چىنلىققا ئۇيغۇن ھالدا بىرقەدەر ئەتراپلىق، تەپسىلىي يورۇتۇپ بېرىلگەن. خەلقنىڭ ئازادلىقى ۋە ئەركىنلىكى ئۈچۈن ئۆلۈمدىن قورقماي باتۇرلارچە كۆرەش قىلغان ئەنجانباي ۋە ئۇنىڭ جامالىدىن، يۈسۈپجان قاتارلىق سەپداشلىرىنىڭ ئوبرازى قەلبىمىزدىن ئورۇن ئېلىپ، بىزنىڭ تاغ ئىنقىلابچىلىرىغا بولغان ھېسداشلىقىمىزنى قوزغايدۇ.

ئاپتور «ئەنجانباي» روماندا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابى ۋە شۇ دەۋردىكى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ داۋالغۇپ تۇرغان ۋەزىيىتى، يەرلىك ئەمەلدارلار ۋە فېئودال پومېشچىكلارنىڭ يېزا-قىشلاقلاردىكى چېكىدىن ئاشقان زۇلمىنى، دېھقانلارنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىنى بىرقەدەر جانلىق، روشەن يورۇتۇپ بەرگەن.

مەن بۇ ماقالەمدە ئاساسلىقى «ئەنجانباي» رومانىنىڭ تىلى ھەققىدە توختىلىدىغانلىقىم ئۈچۈن رومانىنىڭ باشقىچە تەرەپلىرى ئۈستىدە تەپسىلىرەك بىر نەرسە يېزىشنى مۇشۇ رومان ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈۋاتقان ئوبزورچىلىرىمىزغا ۋە باشقا ئەدىبلىرىمىزگە ھاۋالە قىلىمەن.

تىل — ئەدەبىي ئەسەرنىڭ جېنى. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ تىلى قانچە راۋان، مەنتىقىلىق، ئوبرازلىق ۋە ئىستىلىستىك ۋاسىتىلەرگە باي بولسا، ئۇنىڭ تەسىرچانلىقى شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ، بەدىئىي قىممىتىمۇ شۇنچە ئاشىدۇ.

ئۇلۇغ رۇس يازغۇچىسى گوگول: «... مەن ھەر بىر جۈملە سۆزنى پىكىر يۇرگۈزۈپ قاتتىق باش قاتۇرۇپ تاپىمەن» دېگەنىدى. شۇڭلاشقا يازغۇچى ئەسەر يازغاندا ئەسەردىكى ھەر بىر سۆز ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ، تىلنىڭ تەبىئىيلىكىگە، راۋانلىقىغا، مەنتىقە ۋە گرامماتىكا قائىدىلىرىگە ئۇيغۇنلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

مەن «ئەنجانباي» رومانىنى ئوقۇش جەريانىدا ئەسەر تىلىدا بىر مۇنچە نۇقسانلارنىڭ ساقلانغانلىقىنى ھېس قىلدىم. تۆۋەندە مۇشۇ نۇقسانلاردىن بەزى مىساللارنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ مۇلاھىزىسىگە سۇنىمەن:

7 ـ بەتتە «... ئېگىز ـ پەس تاغ قاپتاللىرىدىكى كارامەتچىلىك مۆجىزە» دېگەن گەپ بار. «كارامەتچىلىك مۆجىزە» دېگەن سۆزدىكى «چىلىك» قوشۇمچىسى ئارتۇقچە. مېنىڭچە ‹ كارامەت مۆجىزە › دېيىلسە توغرا بولاتتى.

118 ـ بەتتە «... ياۋاشنى بوزەك قىلمايدۇ، ياماندەك بولمايدۇ» دېگەن جۈملە بار، مېنىڭچە بۇ جۈملىنىڭ «ياماندەك بولمايدۇ» دېگەن بۆلىكى ھەم مۇجمەل ھەم ئالدىنقى بۆلەك بىلەن باغلاشمايدۇ. ئەسلىدە بۇنى خەلق ئېغىزىدا كەڭ تارقالغان «ياۋاشنى بوزەك قىلمايدۇ، يامانغا بوزەك بولمايدۇ» دېگەن جۈملە بىلەن ئىپادىلىسە توغرا بولاتتى. 119 ـ بەتتە «ھەزەر ئەيلەڭ لۈكچەكتىن، ئىچىدە توڭگۇز قاترايدۇ، چىشىغا تېگىۋەرسەڭ ھەر جايدا جايلايدۇ» دېگەن جۈملە بار. بۇ خەلق ئىچىدە تارالغان «ئوينىشىمىغىن ئەرباب بىلەن، ئەرباب سالۇر ھەر باب بىلەن» دېگەن ماقالىگە سەل ـ پەل ئوخشاپ كېتىدىغان ئاددىي جۈملە بولۇپ، ماقال دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەن مۇجمەل جۈملە. بۇنداق زورمۇ زور ياسالغان ئادەتتىكى جۈملىنى ماقال ـ تەمسىل ياكى خەلق ئارىسىغا تارقالغان سۆز دېگىلى بولمايدۇ. 120 ـ بەتتە «... بۇ دېگەن باشتىن ـ ئاياغ ئوپال...» دېگەن جۈملە بار. بىز ئادەتتە «بۇ دېگەن ئۇرۇمچى»، «بۇ دېگەن قەشقەر» دەپ شۇ يەرنىڭ قالتىسلىقىنى تەكىتلەيمىز. يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن جۈملىدىكى «باشتىن ـ ئاياغ» دېگەن سۆز ئارتۇقچە، 137 ـ بەتتە «... بىر ئىلاجى قىلىپ جېدەلنى سېتىۋالايلى» دېگەن جۈملە بار. بۇ ئەسەردىكى پېرسوناژنىڭ خاراكتېرىگە ماس كەلمىگەن. بۇ يەردە «بىرەر ئامالىنى قىلايلى» دېگەن بولسا، سۆز ئۆز ئورنىنى تاپقان بولاتتى. مېنىڭچە «جېدەل سېتىۋېلىش» دېگەن گەپ باشقىلارنىڭ جېدىلىگە ئارىلىشىۋېلىپ ئۆزىگە ئىش تېپىۋېلىش دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. 144 ـ بەتتە «... ئەنجانبايغۇ مەرد ئادەمنى ماقۇل دەيدۇ» دېگەن جۈملەر بار. بۇ جۈملىدە لېكسىكىلىق باغلىنىش يوق. ئەنجانباي مەرد ئادەمنىڭ نېمىسىگە ماقۇل دەيدۇ؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب تېپىلمايدۇ.

166 ـ بەتتە «... شۇ تاپتا ئۇنىڭ مىڭ يېرىگە پىچاق تىقسا قان چىقمايتتى» دېگەن جۈملە بار. بۇ جۈملە مەنتىقىگە ئۇيغۇن ئەمەس، ئاپتور بۇ ئارقىلىق نېمە دېمەكچى؟ بۇ زادى نېمىنى چۈشەندۈرىدىغان مۇبالىغە؟

185 ـ بەتتە «ۋاھ! نېمىدېگەن بەلەن قالتىس شەرتلەر بۇ؟» دېگەن جۈملە بار. بۇ جۈملىدىكى «بەلەن» دېگەن سۆز ئارتۇقچە. «ۋاھ! نېمىدېگەن قالتىس شەرتلەر بۇ؟» دېيىلسە جۈملە راۋان بولمامدۇ؟

199 ـ بەتتە «... ئادەم چىقىنشماس كۈچتۈڭگۈر دەپ ئاڭلىغىنىم بىكار ئەمەسكەندە!» دېگەن جۈملە بار. بۇ جۈملىدىكى «چىقىنشماس» دېگەن سۆز شۇ يەردىكى مەزمۇن بىلەن زىچ باغلاشمىغان. «چىقىشماس» دېگەن سۆز باشقىلار بىلەن چىقىشالمايدىغان دېگەن مەنىگە ئىگە. ئەسلىدە چېلىشچى كۈچتۈڭگۈر بولغاندىن كېيىن «ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدىغان» دېگەن سۆز ئىشلىتىلسە توغرا بولاتتى.

226 ـ بەتتە «... چىدىماسلىق قىلغۇچە خوتۇن كىشىدەك توقۇمىچىلىق قىلسا بولمامدۇ؟» دېگەن جۈملەر بار. توقۇمىچىلىق دېگەن بۇ سۆز مەزمۇن ھەم مەنتىقە جەھەتتىن توغرا ئەمەس،

www.uyghurkitap.com

توقۇمىچىلىق پەقەت ئايالالرغىلا خاس ئەمەس، نومۇس قىلىدىغان ئەمگەكمۇ ئەمەس.

295 ـ بەتتە «... ئۇ خۇددى ئۇزۇنغا يوگۇرۇپ ھېرىپ، دېمى كېسىلىپ قالغاندەكلا تىنىقى-تىنىقىغا ئۇلگۇرمەي ھاسىرايتتى...» دېگەن جۈملە بار. بۇ جۈملىمۇ ھەم ئۇزۇن ھەم كېلەڭسىز بولۇپ، ئارتۇقچە سۆز قوشۇلۇپ قالغان. «دېمى كېسىلىپ قالغاندەكلا»، «تىنىقى-تىنىقىغا ئۇلگۇرمەي» دېگەن سۆزلەرنى ئىشلىتىش ھاجەتسىز. مېنىڭچە «... ئۇ خۇددى ئۇزۇنغا يوگۇرۇپ ھېرىپ قالغان كىشىدەك توختىماي ھاسىرايتتى» دېسىلا ئىخچام ھەم راۋان بولاتتى.

318 ـ بەتتە «... شۇېرغانلىق يامغۇر خۇددى چېلەكلەپ چاچقاندەك شارىلداپ يېغىشقا باشلىدى» دېگەن جۈملە بار. مېنىڭچە «شۇېرغانلىق يامغۇر» دېگەن سۆز مەنتىقىگە ئۇيغۇن ئەمەس. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» دا «شۇېرغان» دېگەن ئاتالغۇغا «يېغىۋاتقان قارنىڭ شامالدا ئۇچۇشى، توپلىنىپ قالغان قارنىڭ شامالدا ئۇچۇشى» دەپ ئىزاھات بېرىلگەن. شارىلداپ يېغىۋاتقان يامغۇرنى «شۇېرغانلىق يامغۇر» دېيىش خاتا.

367 ـ بەتتىكى «... تۇغقانلىرىم، ئومۇمىي جامائەت ئەھلى...» دېگەن پېرسوناژ تىلىمۇ جايىغا چۈشمىگەن. مېنىڭچە «ئومۇمىي جامائەت ئەھلى» دېمەي «تۇغقانلىرىم، ئەھلى جامائەت» دېسە توغرا بولاتتى.

382 ـ بەتتە «... مەشرەپلەردە ئۇسسۇلغا بىللە چۈشتى، لېكىن ياش چوكايغانىسېرى ھەر كىم ئۆز ھەلەكچىلىكىدە بولۇپ كېتىپ، — دېدى. بارا-بارا ئۇلارنىڭ ئۇچرىشىشىمۇ ئازلاپ قالدى» دېگەن جۈملە بار. بۇ جۈملىدە گىراماتىلىق باغلىنىش يوق. «ياش چوكايغانىسېرى ھەركىم ئۆز ھەلەكچىلىكىدە بولۇپ كېتىپ، — دېدى» دېگەن پېرسوناژ تىلى ئاپتور تىلىنىڭ ئارىسىغا ئورۇنسىز قىستۇرۇلۇپ قالغان. ئۇ گەپنى كىم دېدى؟ بۇنىڭغا ئەسەردىن جاۋاب تاپقىلى بولمايدۇ.

390 ـ بەتتە «... چوكقۇرلۇقى ئالاھەزەل ئون-ئون غۇلاچتەك» دېگەن سۆز بار. مېنىڭچە «ئون-ئونبەش غۇلاچتەك» دېسە توغرا بولاتتى.

415 ـ بەتتە «كۆزگە ئىلمىغان پۇتاق — كاللىغا چوماق» دېگەن جۈملە بار. بۇ ئەسلىدە «كۆزگە ئىلمىغان پۇتقا چوماق» دېگەن خەلق ماقالى بولۇپ، ئاپتور روماندا بۇ ماقالنى خالىغانچە ئۆزگەرتىپ ئىشلەتكەن. مېنىڭچە خەلق ماقال-تەمسىللىرىنى بۇرمىلىماي ئۆز ئەينى بويىچە ئىشلىتىش لازىم.

480 ـ بەتتە «... ئۇنداق بۆيرۈقلارغا ئەمدى سامان سېلىپ بېرىدىغان ۋاقىت بولدى» دېگەن جۈملە بار. بۇ جۈملىنىڭ «سامان سېلىپ بېرىدىغان» دېگەن بۆلىكى مەنتىقىگە ئۇيغۇن ئەمەس. «بۆيرۈق» دېگەن جانلىق نەرسە بولمىسا، ئۇنىڭغا قانداقمۇ «سامان سېلىپ بېرىدىغان» دېگەن ئوخشىتىش ماسلىشىدۇ؟

500 ـ بەتتە «... خەلقىمىزنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن جەڭ قىلىپ مۇشۇ زېمىندا ئۆلۈپ كەتسەم رازى. مېنى يەنە قىچىقلىما» دېگەن جۈملە بار. بۇ جۈملىدىكى «مېنى يەنە قىچىقلىما» دېگەن بۆلەك ئەنجانباينىڭ شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىغا زادىلا ماس كەلمەيدۇ. «قىچىقلىما» دېگەن سۆز باشقىلارنى زورمۇ زور كۈلدۈرمىگىن، دېگەن مەنىدە ئېيتىلىدۇ. ئەنجانباي بىلەن تاھىر بەگ ئانا يۇرتىنى، ئىنقىلابنى تاشلاپ چەتكە چىقىپ كېتىش ياكى ئۆز زېمىنىدا ئاخىرىغىچە كۈرەش قىلىشتەك جىددىي مەسىلە ئۈستىدە مۇنازىرىلىشىۋاتقاندا، ئەنجانباينىڭ «مېنى يەنە قىچىقلىما» دېيىشى مۇمكىن ئەمەس.

555 ـ بەتتە «... موما تۇۋىگە دان چۈشمەيدىغان بۇنداق يالغان گەپلىرىگىنى گۆردىكى ئۆلۈكلەر ئاڭلىسىمۇ ئاچچىقىدا كۆتۈڭگە نەچچىنى تېپىدۇ» دېگەن جۈملە بار. بۇ جۈملىدىكى «موما

تۇۋىگە دان چۈشمەيدىغان» دېگەن ئوخشىتىش تىل قائىدىسىگە ئۇيغۇن ئەمەس. «موما تۇۋىگە دان چۈشمەيدىغان» دېگەن قانداق گەپ؟ مەنىسى نېمە؟ مېنىڭچە ئوخشىتىلغان شەيئىلەر ئوخشىغۇچى شەيئىلەر بىلەن ھەر جەھەتتىن ماسلىشىشى كېرەك.

563 ـ بەتتىكى «... پەيجاڭ نىشاننى قارىغا ئېلىش ئۈچۈن سول كۆزىنى قىسقانىدى. ئاغزىمۇ دەل شۇ تەرەپكە مايماق ئېچىلىپ، ياندىكى تاماق چىشى خۇددى ياۋا توڭگۇزنىڭ مەگىنىدەك ھىڭگىدە ئۆسۈپ چىقىپلا قالدى» دېگەن ئوخشىتىشمۇ مەنتىقىسىز، كېلەڭسىز ھەم مۇجمەل بولۇپ قالغان.

613 ـ بەتتە «قالۇ ئىننا ئىلەيھى ۋە ئىنناراجىئول...» دېگەن ئايەت بار. بۇ ئايەتتە «لىللاھى»، «ئىلەيھى» دېگەن سۆزلەر چۈشۈپ قالغان ھەمدە «راجىئۇن» دېگەن سۆز «راجىئول» دەپ خاتا ئېلىنغان. «دۇئانىڭ ئەھمىيىتى ۋە خاسىيەتلىك دۇئالار» دېگەن كىتابتا بۇ ئايەت «قالوئىننا لىللاھى ۋە ئىننائىلەيھى راجىئون» دەپ ئېلىنغان.

بىرەر كىتابنىڭ سۈپەتلىك چىقىشى ھەر تەرەپلىمە ئامىللارغا باغلىق بولىدۇ. ئاپتورنىڭ يېزىقچىلىق دىتى، تۇرمۇش تەجرىبىسى، تىل بايلىقى، ئىپادىلەش ماھارىتى بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاساسلىق ئامىل، ئۇنىڭدىن قالسا مەسئۇل مۇھەررىرنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى، تەھرىرلىك سەۋىيىسى، ئەستايىدىللىقى، سەزگۈرلۈكىمۇ ئىنتايىن مۇھىم. شۇنىڭدەك مەسئۇل كوررېكتورنىڭ كەسپىي سەۋىيىسى، پەرق ئېتىش ئىقتىدارىمۇ بىر كىتابنىڭ سۈپەتلىك چىقىش ـ چىقماسلىقىنى بەلگىلەيدىغان ئامىللارنىڭ بىرى.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى ئۈچىنچى ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزنىڭ كۆنسايىن گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ ئۇيغۇر رومانچىلىقىمۇ ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى. يازغۇچىلىرىمىز تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ ۋە ئەستايىدىل ئىزدىنىپ، جاپالىق ئەجىر قىلىش ئارقىلىق يۇزلىگەن رومانلارنى يېزىپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى دەسلەپكى قەدەمدە قاندۇردى. بۇ رومانلار ئىچىدە «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن»، «ئىزدىنىش»، «ئانا يۇرت»، «قۇم باسقان شەھەر»، «سۇتۇق بۇغراخان»، «مەھمۇد قەشقەرى» قاتارلىقلار ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ھاياجان قوزغاپ، ناھايىتى ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم يارىتالىدى. بۇ رومانلارنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، رومانچىلىقىمىزغا ئۈلگە تىكلەپ بەردى دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن خېلى زور ساننى ئىگىلىگەن بىرمۇنچە رومانلىرىمىزنىڭ ۋەقەلىكى، مەزمۇنىدا ئانچە چوڭ مەسىلە بولمىسىمۇ ئەمما بەدىئىيلىكى بولۇپمۇ تىلىدا يول قويغىلى بولمايدىغان نۇقسانلار ساقلانماقتا. رومان مەلۇم دەۋرنى بەدىئىي تىل ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرىدىغان يىرىك ژانىر. شۇڭا يازغۇچى رومان يېزىشتىن بۇرۇن تارىخىي دەۋرنى، رېئال تۇرمۇشنى چوڭقۇر ئۆگىنىش بىلەن بىللە خەلق تىلىنىمۇ ناھايىتى ياخشى ئۆگىنىشى لازىم. ئاپتور تىلى بىلەن پېرسوناژلار تىلىنىڭ جانلىق، تەبىئىي، ئوبرازلىق ۋە يېقىملىق بولۇشى رومانىنىڭ بەدىئىي قىممىتىنى ئاشۇرىدىغان مۇھىم ئامىل. يازغۇچىلىرىمىز بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

يۇقىرىدا «ئەنجانباي» رومانىنىڭ تىلىدا ساقلانغان نۇقسانلاردىن بىر قىسمىنى مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتتۇم. بۇ ماقالەم يازغۇچى نۇر روزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئەسەر يازغاندا ئەسەرنىڭ تىلى ھەققىدە كۆپرەك باش قاتۇرۇشىغا تۈرتكە بولار دەپ ئويلايمەن.

*(ئاپتور شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىن ئارلىغا چىققان)*

مۇھەررىر مۇختار تۇردى

لوئىس بورخېس (ئارگېنتىنا)



# ئىككى ھېكايە

## چاقىرىلمىغان مېھمان

بەزىلەر بۇ ئىشنى ئاكا ـ ئۇكا نېلسىن-
لارنىڭ كىچىكى ئېدۋاردو ئاكىسى كرىستىن-
ئانىنىڭ مېيىتىنى ساقلىغاندا سۆزلەپ بەرگەن
دېيىشىدۇ. كرىستىئان 1890 نەچچىنچى يىل-
لىرى مورۇن رايونىدا قېرىپ ئۆلگەن. بىراق
بۇنداق رىۋايەتكە ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەل-
مەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئاشۇ مىسكىن ئۇزۇن
كېچىدە، كىمدۇر بىرى چاي ئىچكەچ ئولتۇ-
رۇپ بۇ ئىشنى ئاڭلىغان، ئاندىن ساينت دىئا-
گو دابوۋىغا دەپ بەرگەن، مەن دابوۋىدىن ئاڭلى-
غان. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن، بۇ ئىش يۈز
بەرگەن تۇردىرادا مەن بۇ ئىشنى باشقىلاردىن
يەنە ئاڭلىدىم. بۇ قېتىمقىسى تېخىمۇ تەپ-
سىلىي ئىدى، ئايرىم يەرلەردىكى ئازراق پەرقنى
ياكى قارىمۇ قارشىلىقنى ھېسابقا ئالمىغاندا
ساينت دىئاگونىڭ ئېيتىپ بەرگىنى بىلەن ئا-
ساسەن ئوخشاش ئىدى. مەن ھازىر ئۇنى يې-
زىپ چىقىمەن، چۈنكى ناۋادا مەن ئۇزۇمنى
ئالدىمىغانلا بولسام، بۇ كىچىككىنە ئىشتىن
بۇرۇنقى چاغلاردىكى ئامراتلارنىڭ ئېچىنىش-
لىق تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنى كۆرۈۋالغىلى
بولىدۇ. مەن ئەمەلىيەتنى ھۆرمەتلەيمەن، بىراق
چوقۇم ئەسكەرتىشكە تېگىشلىكى شۇكى،
ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن،
مەن بەزى تەپسىلاتلارنى بەكرەك تەكىتلەيمەن
ياكى قوشىمەن.

تۇردىرادىكى كىشىلەر ئۇلارنى ئاكا ـ ئۇكا
نېلسىنلار دەپ ئاتىشىدىكەن. شۇ يەرلىك
پوپىنىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇنىڭدىن
ئىلگىرىكى پوپ ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭغا
مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەرگەن: ئۇ ئا-
كا ـ ئۇكا نېلسىنلارنىڭ ئۆيىدە گوت خەت
شەكلىدە بېسىلغان قارا مۇقاۋىلىق ناھايىتى
كونا بىر ئىنجىلنى كۆرگەن. كىتابنىڭ ئەڭ
ئاخىرقى بىرنەچچە بېتىدىكى قول بىلەن ياز-
غان ئادەم ئىسىملىرى ۋە چېسلالارنى خىرە ـ
شىرە كۆرگىلى بولىدىكەن. بۇ ئۇلارنىڭ ئۆ-
يىدىكى بىردىنبىر كىتاب ئىكەن. ئاكا ـ ئۇكا
نېلسىنلارنىڭ خەتەرگە تولغان تارىخىمۇ
خۇددى ئۇلارنىڭ باشقا بارلىق نەرسىلىرىدەك
ئىز ـ دېرەكسىز يوقالغان. ئۇلار ئاقارتىلمىغان
بىر يۇرۇش خىش ئۆيدە (ھازىر ئەلۋەتتە مەۋ-

جۈت ئەمەس) ئولتۇرغان بولۇپ، دەرۋازىدىنلا
ئىككى ھويلىنى كۆرگىلى بولىدىكەن: بىرىگە
رەڭلىك چىنە خىش ياتقۇزۇلغان، يەنە بىرى
يەر پېتىلا ئىكەن. بۇ قورۇغا كىرگەن ئادەم
ساناقلىقلا بولۇپ، ئاكا ـ ئۇكا نىلسىنلار ئە-
زەلدىن ئالدىراپ بىرەر مېھماننى كۈتۈۋالمايدى-
كەن. ئاشۇ بىرنەچچە ئېغىز ئەسكى ئۆيدە
ئۇلار ئۇخلايدىغان قاتلىما كارىۋات، باشقىلارغا
كۆز ـ كۆز قىلىدىغان نەرسىلەردىن پەقەت ئات،
ئېگەر، خەنجەر، ھەپتە ئاخىرىدا كىيىدىغان
ئېسىل مۇراسىم كىيىمى ۋە ئۆتكۈر ئاق ھا-
راقلا بار ئىكەن. مېنىڭ بىلىشىمچە، ئۇلار-
نىڭ بوي ـ بەستى قاۋۇل، چاچلىرى قىزىل بو-
لۇپ، دانىيىلىك ياكى ئىرېلاندىيىلىكلەر بىلەن
قانداشلىقى بار ئىكەن، بىراق بۇ نۇقتىنى
ئەمدى ئىسپاتلىغىلى بولمايتتى. قوشنىلىرى
ئۇلاردىن خۇددى گېنېرال روساس * نىڭ ئە-
گەشكۈچىلىرىدىن قورققاندەك قورقىدىكەن؛
ئۇلارنى ئادەم خۇنىغا قەرز بولسىمۇ ھېچنېمە
بولمايدۇ دېيىشىدىكەن. بىر قېتىم ئۇلار ساق-
چىلار بىلەن يۈزمۇ يۈز ئېلىشقان. بەزىلەر
ئىدۇاردونى خۇئان ئىپىرا بىلەن ئۇرۇشۇپمۇ
زىيان تارتمىغان دېيىشىدۇ. ئىچكى ئەھۋاللار-
نى بىلىدىغان ئادەملەرگە نىسبەتەن بۇ ئىش
مەسىلىنى راۋۇرۇس چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇلار
چارۋا باققان، هارۋا ھەيدىگەن، ئات ئوغرىلى-
غان، قىمار ئوينىغان؛ ئۇلار پىخسىقلىقتا
داڭق چىقارغان بولۇپ، پەقەت ھاراق ئىچكەندە
ۋە قىمار ئوينىغاندىلا ئازراق مەردلىشىپ قالى-
دىكەن. ئۇلارنىڭ ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرىنىڭ نەدى-
لىكىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. ئۇلارنىڭ يەنە
بىر ھارۋىسى ۋە ئىككى كالىسى بار ئىكەن.
قانداشلىق جەھەتتە ئېيتقاندا ئۇلار بىر تۇغقان
ئەمەس ئىكەن. ئۇلارنىڭ براۋا دېگىز ساھىلىدى-
كى سەرگەردانلىق كەچۈرمىشلىرى ئۇلار ئارى-
سىدا دوستلۇق ئورناتقانمىش. ئاشۇ كەچۈرمىش
ۋە بىز بىلمەيدىغان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇلار
قېرىنداشلارچە ئاكا ـ ئۇكا بولۇشقانىكەن.
كىمكى ئۇلارنىڭ بىرى بىلەن يامانلاشسا، شۇ
ھامان ئۆزىگە ئىككى دۈشمەن تېپىۋالىدىكەن.

ئاكا ـ ئۇكا نىلسىنلار قاتتىق شەھۋەتپە-
رەس ئىكەن. بۇرۇن ئۇلار توغرىسىدا سۆز ـ
چۆچەك بولغۇدەك ئىش پەقەتلا باشقىلارنىڭ ئۆ-
يىدە قونۇپ قېلىش ياكى پاھىشىخانىلارغا
كىرىش ئىكەن. شۇڭىمۇ كرىستىئان خۇلىئانا
بۇرگېس دېگەن قىزنى ئۆيىگە ئېلىپ كەل-
گەندە كىشىلەر بەس ـ بەستە مۇنازىرە قىلىش-
قان. ھەرھالدا كرىستىئاننىڭ مالىيى بار بول-
غان، بىراق ئۇ خۇلىئاناغا پۇلغا يارىمايدىغان
بىر مۇنچە نەرسىلەرنى بەرگەن. ئۇ يەنە ئۇنى
نامراتلار ئۇۋىلىرىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ھېلىقى-
دەك تايىنى يوق تانسىلارغا ئېلىپ بارغان.
ئۇنداق تانسىلاردا قاتتىق ھەرىكەتلەرنى قى-
لىشقا ياكى بەدەننى تولغاشقا رۇخسەت قى-
لىنمايدىغان بولۇپ، چىراغلار باشتىن ـ ئاخىر
ۋالىلداپ يېنىپ تۇرىدىكەن. خۇلىئانا قارامتۇل،
كۆزلىرى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن قىز ئىكەن،
بىرەرسى ئۇنىڭغا قاراپ قويسىلا ئۇ كۈلۈپ
كېتىدىكەن. بۇ نامراتلار ئولتۇراق رايونىدىكى
ئاياللار ئۆي ئىشلىرىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە يا-
سىنىشقا چولىسى تەگمىگەچكە، خۇلىئانا
خېلىلا نام چىقىرىپتۇ.

دەسلەپتە، ئېدۇاردو دائىم كرىستىئان
ئىككىسىگە ھەمراھ بولۇپ يۈرۈپتۇ. بىر
مەزگىلدىن كېيىن قانداقتۇر تىجارەت بىلەن
ئارېسفېسقا كېتىپتۇ، قايتىپ كەلگەندە يول-
دىن تاپقان بىر قىزنى بىللە ئېلىپ كەپتۇ،
بىراق بىرنەچچە كۈن ئۆتمەيلا ئۇنى قوغلىۋې-
تىپتۇ. ئۇ تېخىمۇ قوپاللىشىپ كېتىپتۇ،
قاۋاقلاردا يالغۇز ھاراق ئىچىپ ئۆلگۈدەك مەست
يۈرۈيدىغان، ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمەيدىغان
بولۇۋاپتۇ. ئەسلىدە ئۇ خۇلىئانانى ياخشى كۆ-
رۈپ قالغانىكەن. ئۇنىڭ ئاشىقلىقىنى ئۇنىڭ
ئۆزىدىن بۇرۇن بىلىپ قالغان قوشنىلار بۇ ئا-
كا ـ ئۇكا ئىككىيلەننىڭ ئارىسىدىكى رەشىك
رىقابىتىدىن ئۆز كۆڭلىدە خۇش بولۇشۇپ

* گېنېرال روساس ـــ ئارگېنتىنا تارىخىدىكى مۇستەبىت ھۆكۈمران.

كېتىپتۇ.

بىر كۈنى كېچىدە، ئېدۋاردو كوچىدىن ناھايىتى كەچ قايتىپتۇ، كرىستىئاننىڭ قارا ئېتى قوزۇققا باغلاقلىق بولۇپ، ئۇ ھويلىدا ئېسىل كىيىملىرىنى كىيگەن ھالدا ئۇنى ساقلاپ ئولتۇرغانىكەن. خۇلىئانا چاي كۆتۈرگىنىچە كىرىپ ـ چىقىپ يۈرۈپتۇ. كرىستىئان ئېدۋاردوغا دەپتۇ:

— مەن فىلۋاسقا ئوينىغىلى بارىمەن. خۇلىئانا مۇشۇ يەردە قالىدۇ. ئۇنى ياخشى كۆرسەڭ ئىشلەتكىن!

ئۇ بۇ گەپنى ھەم بۇيرۇق ئاھاڭىدا ھەم ناھايىتى يېقىنچىلىق بىلەن دەپتۇ. ئېدۋاردو ئۇنىڭغا ھاڭۋاقىنىچە بىردەم قاراپ تۇرۇپتۇ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەپتۇ. كرىستىئان ئورنىدىن تۇرۇپتۇ، خۇلىئاناغا پەرۋامۇ قىلماپتۇ، ئۇنى بىر نەرسە ئورنىدىلا كۆرۈپتۇ؛ ئۇ ئېدۋاردو بىلەن خوشلىشىپ ئېتىغا مىنىپتۇ ۋە تەمكىن ھالدا ئاتنى چاپتۇرغىنىچە كېتىپ قاپتۇ. شۇ كۈنى كېچىدىن باشلاپ ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن خۇلىئانادىن ئورتاق پايدىلىنىپتۇ، بۇ بىر رەزىل ھەم پاسكىنا ئىش بولغاچقا، قوشنىلارنىڭ ئىززەت ـ نەپسىگە قاتتىق تېگىپتۇ، بۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى ئەلۋەتتە ھېچكىم بىلمەيدىكەن. دەسلەپكى بىرنەچچە ھەپتە ھەر ھالدا تىنچ ـ ئامان ئۆتۈپتۇ، لېكىن بۇنداق كېتىۋەرگىلى بولماپتۇ. ئۇ ئىككىسى خۇلىئانانىڭ ئىسمىنى ئۆزئارا قەتئىي تىلغا ئېلىشمايدىغان، ھەتتا خۇلىئانانى چاقىرغان چاغلاردىمۇ ئۇنىڭ ئىسمىنى بىۋاستە چاقىرمايدىغان، بىر باھانىلەرنى تېپىپ بىر ـ بىرىگە يېنىچە ـ قىرىچە تېگىدىغان ياكى قېيدايدىغان بولۇشۇپتۇ. قارىماققا تېرە سودىسى توغرىلىق پاراڭلىشىۋاتقاندەك قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە گەپ باشقا يەرگە كېتىپ قالىدىغان بولۇپ قاپتۇ. كرىستىئاننىڭ ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ۋارقىرايدىغان ئادىتى بار ئىكەن، ئېدۋاردو بولسا ئۈن چىقارمايدىكەن. شۇنداق قىلىپ بۇلار ئىككىسى بىلىپ ـ بىلمەي ئىشق كوچىسىدىكى دۈشمەنلەرگە ئايلىنىپ قاپتۇ. نامرات رايوندا ياشايدىغان بىر ئەر بىر ئايالنىڭ پەقەت جىنسىي ھەۋەسنى ۋە ئىگىلىۋېلىش ئارزۇسىنى قاندۇرۇشتىن ئارتۇق قىممىتى بارلىقىنى دېمەيدۇ ياكى ئېتىراپ قىلمايدۇ. بىراق ئاكا ـ ئۇكا نېلسىنلار مۇھەببەت قايىنىمىغا كىرىپ قاپتۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئىش ئۇلارنى ھاقارەتكە ئۇچرىتاتتى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئېدۋاردو روماس مەيدانىدا خۇئان ئىبرا بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. خۇئان ئۇنىڭ چىرايلىق بىر قىزغا ئېرىشكەنلىكىنى تەبرىكلەپتۇ. مېنىڭچە شۇ قېتىم ئېدۋاردو ئۇنى ئۇرغان. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر ئېدۋاردونىڭ ئالدىدا كرىستىئاننى زاڭلىق قىلىشقا پېتىنالمايدىغان بولغان.

خۇلىئانا ناھايىتى رايىشلىق بىلەن ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەننى كۈتكەن؛ لېكىن ئۇ كرىستىئاننى بەكرەك ياقتۇرىدىغانلىقىنى يوشۇرالمىغان. ئېدۋاردو گەرچە خۇلىئانادىن ئاكىسى بىلەن ئورتاق پايدىلىنىشنى رەت قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئەزەلدىن مەجبۇرلىمىغان.

بىر كۈنى ئۇلار خۇلىئانانى چىنە خىش ياتقۇزۇلغان ھويلىغا ئىككى ئورۇندۇق قويۇشقا، ئاندىن كېيىن كېتىشكە بۇيرۇپتۇ، چۈنكى ئۇلار ئىككىسىنىڭ مەسلىھەتلىشىدىغان ئىشى بار ئىكەن. خۇلىئانا بۇ سۆھبەت چوقۇم بىردەمدە تۈگىمەيدۇ دەپ ئويلاپ، كىرىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. بىراق ئۇ ئۇخلاپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇلار ئۇنى ئويغىتىپتۇ ھەمدە ئەينەكتىن ياسالغان تەسۋى ۋە ئۇنىڭغا ئانىسىدىن قالغان كىچىك كرېستتىن تارتىپ ھەممە نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ، ھېچقانداق چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرمايلا ئۇنى ھارۋىغا چىقىرىپتۇ. زېرىكىشلىك بۇ سەپەر داۋامىدا ھېچكىم گەپ قىلماپتۇ. تېخى شۇنىڭ ئالدىدىلا يامغۇر يېغىپ توختىغان بولغاچقا، يول پاتقاق ئىكەن. ئۇلار ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەن سائەت بەش بولغاندا مورۇنغا ئاران يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇلار خۇلىئانانى پاھىشىخانىدىكى دەل-

لالغا مانا شۇنداق سېتىۋېتىپتۇ. باھانى ئالدىن كېلىشىپ قويغانىكەن، كرىستىئان پۇلىنىڭ يېرىمىنى ئېدۋاردوغا بۆلۈپ بېرىپتۇ.

شۇنىڭدىن بۇرۇن ئاكا ـ ئۇكا نېلسىنلار مۇھەببەتنىڭ قورقۇنچلۇق پاتقىقىغا پېتىپ قالغان بولۇپ (بۇنداق ئىش يېڭىلىق بولمىسىمۇ)، ئەمدى ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى ئەركەكلەرچە تۇرمۇشى يەنە ئەسلىگە كەپتۇ. ئۇلار يەنە قىمار ئوينايدىغان، توخۇ سوقۇشتۇرىدىغان ۋە ئارىلاپ ئۆتكۈزۈلىدىغان تەنتەنىلىك پائالىيەتلەرگە قاتنىشىدىغان بوپتۇ. بەلكىم ئۇلار بىز ئەمدى بۇ ئىشتىن قۇتۇلدۇق دەپ ئويلىغان بولغىيتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى قەتئىي ئاقمايدىغان ياكى تامامەن يوللۇق باھانىلەرنى تېپىپ سىرتقا چىقىدىغان بولۇپ قاپتۇ. يېڭى يىل ھارپىسىدا، ئېدۋاردو بىر ئىش بىلەن پايتەختكە بارىمەن دەپ كېتىپتۇ. كرىستىئان مورۇنغا بېرىپتۇ. ئۇ ھېلىقى پاھىشىخانىنىڭ ئالدىدا ئېدۋاردونىڭ باغلاقلىق تۇرغان ئېتىنى تونۇۋاپتۇ. كىرىپ قارىسا، ئىنىسى ئۆچىرەتتە تۇرغۇدەك. قارىغاندا كرىستىئان ئاۋۋال ئېغىز ئاچقان بولسا كېرەك:

—بۇنداق كېتىۋەرسەك ئاتلىرىمىزنىڭ جۇلقى چىقىپ كېتىدۇ. ئەڭ ياخشى ئۇنى ئۆز قولىمىزدا تۇتساق بولامدىكىن؟ — دەپتۇ ۋە دەللالنى تېپىپ پۇلنى تۇتقۇزۇپتۇ ـ دە، ئىككىسى خۇلئانانى ئېلىپ مېڭىپتۇ. خۇلئانا بىلەن كرىستىئان بىر ئاتنى مىنگەنىكەن، ئېدۋاردو ئۇزەڭگە بىلەن ئېتىنىڭ بىقىنىغا بىرنى تېپىپلا كېتىپ قاپتۇ، ئۇنىڭ ئۇلارغا قارىغۇسى كەلمەپتۇ.

بۇرۇنقى ھېلىقىدەك تۇرمۇش قايتىدىن باشلىنىپتۇ، بىراق بۇنداق ئىپلاسلارچە ھەل قىلىش چارىسى ئاخىر يەنە مەغلۇپ بوپتۇ. ئۇلار ئىختىيارسىز ھالدا يەنە مۇغەمبەرلىك قىلىشقا باشلاپتۇ، قابىل * ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەيدا بوپتۇ. لېكىن ئاكا ـ ئۇكا نېلسىنلار قانداق ئېغىر كۈنلەردە بىللە بولغانكىنتاڭ، ئۇلارنىڭ مېھرى ناھايىتى چوڭقۇر ئىكەن. ئۇلار دەردىنى باشقىلاردىن ئالدىكەن. ناتونۇش كىشىلەرگە، ئىتلار ۋە ئارازچىلىق پەيدا قىلغان خۇلئاناغا ئاچچىقلايدىكەن. ئۈچ ئاي ئۆتۈپتۇ، ھاۋا يەنىلا ناھايىتى ئىسسىق ئىكەن. بىر يەكشەنبە كۈنى (يەكشەنبە كۈنى كىشىلەر بالدۇر ئۆيگە قايتىشقا ئادەتلەنگەن) ئېدۋاردو قاۋاقتىن قايتىپ كەلسە، كرىستىئان كالىنى ھارۋىغا قېتىۋاتقانىكەن. كرىستىئان:

—باردو شەھىرىگە بىرنەچچە پارچە تېرە ئاپىرىپ ساتساق بولاتتى، مەن ھارۋىنى قېتىپ قويدۇم، يۈر، ھاۋا سوۋۇپ كېتىشتىن بۇرۇن بېرىپ كېلەيلى، — دەپتۇ.

مېنىڭچە باردو شەھىرى ئۇلارنىڭ جەنۇب تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ، لېكىن ئۇلار لاستۇروپاغا بارىدىغان يول بىلەن مېڭىپتۇ، بىردەمدىن كېيىن يەنە بىر ئاچا يولغا چىقىپتۇ. كېچىدە دالا تولىمۇ چەكسىز ئىكەن. ئۇلار بىر چاتقاللىقنىڭ چېتىگە كەپتۇ، كرىستىئان ئاغزىدىكى تاماكىنى تاشلىۋېتىپ، ئالدىرىماي ـ تېنىمەي مۇنداق دەپتۇ:

— كېلە بۇرادەر، بىردەمدىن كېيىن قۇزغۇنلار بىزگە ياردەم قىلىدۇ. بۈگۈن مەن ئۇنى جايلىۋەتتىم. ئۇ جۇلجۇل كىيىملىرى بىلەن مۇشۇ يەردە ياتسۇن! ئۇ ئەمدى بىزگە ئاۋارىچىلىق تېپىپ بەرمەيدۇ.

ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن يىغلىشىپ دېگۈدەك قۇچاقلىشىپتۇ. ئەمدى ئۇلارنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلگەن ئايال خۇلئانا بىلەن ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىش مەسئۇلىيىتىدىن ئىبارەت يېڭى بىر رىشتە بىر ـ بىرىگە مەھكەم باغلاپتۇ.

---

* قابىل — «ئىنجىل» ھېكايەتلىرىدىكى ئادەم ئاتىنىڭ چوڭ ئوغلى. «يارىتىلىش خاتىرىسى»دە ئېيتىلىشىچە، قابىل دېھقان، ئۇنىڭ ئىنىسى ھابىل پادىچى ئىكەن. بىر كۈنى، قابىل ئاشلىقنى، ھابىل قوزا ۋە قوي مېيىنى خۇداغا نەزىر قىپتۇ. خۇدا ھابىلنى ۋە ئۇ نەزىر قىلغان نەرسىلەرنى قوبۇل قىپتۇ، قابىلنى ۋە ئۇ نەزىر قىلغان نەرسىلەرنى قوبۇل قىلماپتۇ. قابىل ھەسەت قىلىپ، ئېتىزلىقتا ھابىلنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. بۇ يەردە ئاپتور قېرىنداشلارنىڭ ھەسەت تۈپەيلىدىن ئۆزئارا ئارازلىشىشىنى دېمەكچى.

# تاتۇق

ئۇنىڭ يۇزىدە قورقۇنچلۇق بىر تاتۇق بار ئىدى: ئاقۇش كۆل رەڭ، ياي شەكىلدىكى بۇ تاتۇق ئۇنىڭ بىر تەرەپتىكى چېكىسىدىن يەنە بىر تەرەپتىكى ئېڭىكىگىچە سوزۇلغان ئىدى.

ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىسمى مۇھىم ئەمەس، تاكارۇنبودىكى كىشىلەر ئۇنى لاكرولادالىق ئىنگلىز دەپ ئاتىشاتتى. بۇ ئەتراپتىكى يەرلەرنىڭ خوجايىنى كادوسو دەسلەپتە لاكرولادانى ئۇنىڭغا سېتىشقا ئۇنىمىغان ئىكەن. مەن ئۇ ئىنگلىزنىڭ ئادەم ئويلاپ باقمىغان بىر چارىنى ئىشقا سالغانلىقىنى ئاڭلىدىم: ئۇ يۇزىدىكى تاتۇقنىڭ سىرىنى كاسودوغا ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئۇ ئىنگلىز رىئوگران چېگرا رايونىدىن كەلگەن بولۇپ، بىر مۇنچە ئادەم ئۇنى برازىلىيىدە ئەتكەسچىلىك قىپتىكەن دېيىشەتتى. لاگرولادا چۆل ئۆسۈملۈكلىرى بېسىپ كەتكەن، سۇيى تۇزلۇق يەر بولۇپ، بۇ ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئۇ ئىنگلىز كۈندە مەدىكارلىرى بىلەن بىللە ئىشلەيدىكەن. دېيىلىشىچە، ئۇ رەھىمسىزلىكتە ئۈچىغا چىققان ئادەم بولسىمۇ، لېكىن ئىشنى ناھايىتى ئادىل بىر تەرەپ قىلىدىكەن. ھاراققا ناھايىتى ئامراق بولۇپ، يىلدا ئىككى ـ ئۈچ قېتىم ئاشۇ دېرىزىسى سىرتقا چىقىپ تۇرىدىغان ئۆيىگە مۆكۈنۇۋېلىپ، ئىككى ـ ئۈچ كۈن توختىماي يالغۇز ھاراق ئىچىدىكەن، ئاندىن تالاغا چىققاندا خۇددى ئۇرۇشقا قاتناشقاندەك ياكى ئۇزۇن مۇددەت ھوشسىز يېتىپ ھوشىغا كەلگەن ئادەمدەك چىرايى تاتىرىپ، قوللىرى تىترەپ، مىجەزى ئوساللىشىپ كېتىدىكەن، لېكىن يەنىلا سۈر ـ ھەيۋىسىنى يوقاتمايدىكەن. ئۇنىڭ سوغۇق نەزەر بىلەن قاراشلىرى، ئورۇق، چىڭ گەۋدىسى ۋە كۆل رەڭ بۇرۇتلىرى تا ھازىرغىچە ئېسىمدە. ئۇ ھېچكىم بىلەن باردى ـ كەلدى قىلمايدىكەن، ئۇنىڭ ئىسپانچىسى بەكلا ناچار بولۇپ، برازىلىيىلىكلەردەك سۆزلەيدىكەن*. ئارىلاپ كېلىپ قالىدىغان سودا ئالاقىسى ياكى كىتابچىلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭغا بىرەر كىمدىن خەت ـ پەتمۇ كەلمەيدىكەن.

مەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم شىمالدىكى بىر نەچچە ئۆلكىنى ساياھەت قىلغاندا، كاراگۇئاتا دەرياسىغا سەل كېلىپ كېتىپ، لاكرولادادا قونۇشقا مەجبۇر بولغانىدىم. بۇ يەرگە كېلىپ نەچچە مىنۇت ئۆتمەيلا، ئەمەس بىر ۋاقىتتا كېلىپ قالغىنىمنى ھېس قىلدىم؛ مەن ئۇ ئىنگلىزغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن، گەپنى ئادەمنى ئانچە ھاياجانلاندۇرمايدىغان تېمىغا، يەنى ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىغا يۆتكىدىم. مەن ئېنگلاند روھىغا ئىگە بىر دۆلەت يېڭىلمەيدۇ، دېدىم. خوجايىن گېپىمگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، لېكىن يەنە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئەنگلىيىلىك ئەمەسلىكىنى ئېيتتى. ئۇ ئىرېلاندىيىنىڭ دىنكاۋون دېگەن يېرىدىن ئىكەن. ئۇ بۇ گەپنى دەپ بولۇپلا، خۇددى بىر مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويغاندەك دەرھال توختىۋالدى.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن، بىز ھاۋانى كۆزەتكىلى تالاغا چىقتۇق. ھاۋا ئېچىلىپ كەتكەنىدى، لېكىن جەنۇب تەرەپتىكى پىچاق بىسىدەك چوققىلارنىڭ كەينىدىكى ئاسماندا تۇرۇپ ـ تۇرۇپ چاقماق چېقىپ، يەنە بىر قېتىملىق بوران ـ چاپقۇندىن شەپە بېرەتتى. بىز ھېلىقى ئەبگا ئاشخانىغا قايتىپ كىردۇق، بايا بىزنى كۈتكەن مالاي بىر بوتۇلكا لوم ھارىقى ئەكىردى. ئىككىيلەن ئۈزۈنغىچە ئۈن ـ تىنسىز ھاراق ئىچتۇق. بىر ھازادىن كېيىن ئۆزۈمنىڭ ئازراق مەست بولۇپ قالغىنىمنى ھېس قىلدىم؛ خۇشاللىقتىنمۇ ـ ياكى زېرىكىشتىنمۇ ئەيتاۋۇر، تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ يۇزىدىكى تاتۇقنى تىلغا ئالدىم. ئۇ ئىنگلىزنىڭ

* برازىلىيىدە ئىسپان تىلى قوللىنىلىدۇ، پورتۇگال تىلىنى بەزىلەر بۇزۇلغان ئىسپان تىلى دەپ ئاتىشىدۇ.

تەرى تۆرۈلدى، بىر نەچچە سېكۇنت جىمىپ كەتتۇق، مەن ئەمدى ئۇ مېنى دۇمبالىغانچە قوغلاپ چىقىرىدىغان بولدى دەپ ئويلىدىم. ئاخىر ئۇ سۆز ئۇدارىنى قىلچە ئۆزگەرتمەيلا:

— بوپتۇ، بۇ تاتۇقنىڭ ھېكايىسىنى سىزگە سۆزلەپ بېرەي، لېكىن مۇنداق بىر شەرتىم بار: بۇ ئىشنىڭ قانچىلىك نومۇسلۇق، قانچىلىك شەرمەندە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەن ئۆز ئەينى بويىچە سۆزلەيمەن، ھەرگىزمۇ يالغاننى قاتمايمەن، — دېدى.

مەن ئەلۋەتتە قوشۇلدۇم. تۆۋەندىكىسى ئۇ ماڭا سۆزلەپ بەرگەن ھېكايە. ئۇ بۇ ھېكايىنى سۆزلىگەندە، ئىنگلىزچىغا ئىسپانچىنى، بەزىدە ھەتتا پورتۇگالچىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلىدى:

1922 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، كاننوت رايونىدىكى بىر شەھەردە ئىرېلاندىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى پىلانلاۋاتقان بىرمۇنچە ئادەم بار ئىدى، مەنمۇ شۇلارنىڭ بىرى ئىدىم. مېنىڭ شۇ چاغدىكى سەپداشلىرىمدىن بەزىلەر ھېلىمۇ ھايات، ئۇلار ھازىر تىنچ خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ؛ بەزىلەرنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ قىزىق، ئۇلار ھازىر دېڭىزلاردا ياكى قۇملۇقلاردا ئەنگلىيىنىڭ دۆلەت بايرىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىدۇ؛ ئەڭ قەيسەر بىرسىنى سۇبھى مەزگىلىدە بىر ھەربىي گازارمىدىكى يېرىم ئۇيقۇلۇق ئەسكەرلەر ئېتىۋەتتى؛ يەنە بەزىلىرى (تەلىيى ئانچە كاج ئەمەسلىرى) ئىچكى ئۇرۇشتىكى ئۈن ـ تىنسىز ھەتتا مەخپىي دېگۈدەك كۈرەشلەردە ئۆز ماكانىنى تاپتى. بىز بىر توپلار جۇمھۇرىيەتنى ھىمايە قىلاتتۇق، كاتولىك دىنىنىڭ مۇرىتلىرى ئىدۇق، مېنىڭچە بىز يەنە رومانتىزمچىلاردىن ئىدۇق. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئىرېلاندىيىنىڭ تاقەت قىلغىلى بولمايدىغان بۈگۈنى ۋە ئوتوپىيىچە كەلگۈسى بولۇپلا قالماي، ئۇ يەنە قىرتاق ھەم سۆيۈملۈك بىر ئەپسانە ئىدى؛ ئۇنىڭدا يۇمىلاق مۇنارلار، قىزىل سازلىقلار بار ئىدى؛ ئۇ پارنېلنىڭ * قارشىلىقى ئىدى؛ ئۇ كالا ئوغرىلىرىنى مەدھىيىلەيدىغان ئېپوس ئىدىكى، ئاشۇ كالىلار بەزىدە قەھرىمانلارنىڭ سىيماسى بولسا، بەزىدە بېلىق ۋە تاغلارنىڭ سىيماسى ئىدى. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، ناھايىتى ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، بىزنىڭ جون ۋىنسېنت مۇئېن دېگەن بىر ئەزايىمىز مانستىتىن بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلدى. ئۇ تېخى 20 ياشقىمۇ كىرمىگەن بولۇپ، ۋىجىك ھەم يارىماس بىر نېمە ئىدى، ئادەمنى مەددە قۇرتتەك بىئارام قىلاتتى. ئۇ ئەسەبىيلىك ۋە ساختا شۆھرەت تۇيغۇسى ئىچىدە قانداقتۇر بىر مەشھۇر كىتابچىنى پىششىق ئوقۇۋالغانىكەن، مەيلى قانداق مەسىلە توغرۇلۇق سۆزلىشەيلى، ئۇ ھامان دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم بويىچە خۇلاسە چىقىراتتى. ئۇ ئىنقىلاب چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ دەپ كېسىپ ئېيتاتتى. مەن بولسام يۈكسەك ئىرادىلىك، ھەققانىي كىشىلەر ھەرقانداق ئېھتىماللىقنى نەزەرگە ئېلىشى، ھەتتا مەغلۇبىيەتنىمۇ ئويلاپ قويۇشى كېرەك دەيتتىم...

ناھايىتى كەچ بولۇپ كەتكەندى، بىز كارىدور ۋە پەلەمپەيدە تالاش ـ تارتىش قىلغىنىمىزچە كوچىغا چىقتۇق. ماڭا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغىنى مۇئېننىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ناھايىتى كەسكىن تەلەپپۇزى ئىدى. يېڭى كەلگەن بۇ يولداش مەسىلە مۇزاكىرە قىلمايۋاتاتتى، بەلكى كەمسىتىش ۋە تەئەددى بىلەن بۇيرۇق چۈشۈرۈۋاتاتتى. بىز مېڭىپ شەھەرنىڭ چېتىگە چىقتۇق، بۇ يەردە ئۆيلەر تارقاق ئىدى. تۇيۇقسىز ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى، بىز قاتتىق چۆچۈپ كەتتۇق (بۇنىڭدىن بۇرۇن بىز بىر زاۋۇت ياكى ھەربىي گازارمىنىڭ قورۇق تېمى يېنىدىن ئۆتكەنىدۇق). بىز دەرھال بۇرۇلۇپلا بىر توپا يولغا كىردۇق. بىر ئەسكەر ئوت كەتكەن بىر ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقتى، ئوت يورۇقىدا ئۇنىڭ گەۋدىسى ناھايىتى ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. ئۇ بىزگە «توختا!» دەپ قاتتىق ۋارقىردى، مەن

* پارنېل (Charles Stewart Parnell, 1846 - 1891) ئىرېلاندىيىلىك سىياسىيون، ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇپ، ئىرېلاندىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى تەشەببۇس قىلغۇچى رەھبەرلەرنىڭ بىرى.

قەدىمىمنى تېزلەتتىم، مېنىڭ ئۇ سەپدىشىم ماڭا يېتىشەلمىدى. كەينىمگە قارىسام جون ۋېنسېنت مۇئېبن قورقىنىدىن مىدىر-سىدىر قىلالماي قېتىپلا قاپتۇ. مەن كەينىمگە يېنىپ يۈگۈرۈپ بېرىپ، ھېلىقى ئەسكەرنى بىر مۇشت بىلەن يىقىتىۋېتىپ، ۋېنسېنت مۇئېبىنى ئاغزىمنى بۇزۇپ تىللىغىنىمچە «تېز ماڭ!» دەپ كۆچەپ تارتتىم. ئۇ قورقىنىدىن ئۆزىنى تاشلاپلاۋەتكەن ئىدى، مەن ئامالسىز ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىگەنچە يۈگۈردۈم. بىز ئوت يورۇقى قاپلىغان قاراڭغۇ كېچىدىن يول تېپىپ قاچتۇق، كەينىمىزدىن قويۇق ئوق ئاۋازى ياڭرىدى، مۇئېبىنىڭ ئوڭ بىلىكىنى بىر پاي ئوق سىيپاپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى. بىز كېچىنىڭ بىر قارىغايلىقتا قېچىپ كىرگىنىمىزدە، ئۇ مىشىلداپ يىغلاشقا باشلىدى.

ئاشۇ يىلى، يەنى 1922-يىلى كۈزدە، مەن گېنېرال بېكلىبىنىڭ يېزىدىكى داچىسىغا كۆزەتچىلىك قىلىۋاتقان ئىدىم. ئۇ گېنېرال ئەينى چاغدا بېنگالدا ئاللىقانداق بىر مەمۇرىي خىزمەتتە بولۇپ، مەن ئۇنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىدىم. بۇ داچا سېلىنغىلى تېخى يۈز يىلغا يەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى كونىراپ قاراڭغۇلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭدا بىر مۇنچە ئەگرى-بۈگرى كارىدور ۋە كېرەكسىز دەھلىزلەر بار ئىدى. ئاسار ئەتىقىدەك ئۆي جاھازلىرى ۋە نۇرغۇن كونا كىتابلار ئاستىنقى قەۋەتكە تولۇپ كەتكەنىدى: بۇ كىتابلارنىڭ مەزمۇنلىرى بىر-بىرىگە زىت ۋە مۇناسىۋەتسىز بولۇپ، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا دەل 19-ئەسىرنىڭ تارىخىنى ئىپادىلىگەنىدى؛ پېرسىيىنىڭ نىشاپوردا سوقۇلغان مىسران قىلىچىنىڭ ئەگرى بىسىدا قەدىمكى ئۇرۇشلارنىڭ شەپىسى ۋە دەھشىتى قېتىپ قالغاندەك ئىدى. قورۇغا ئارقا ئىشىكتىن كىرگەنلىكىمىز ھېلىمۇ ئېسىمدە. مۇئېبىنىڭ قورۇپ كەتكەن لەۋلىرى تىترەيتتى، ئۇ پىچىرلاپ تۇرۇپ ئاشۇ كېچىكى ئىشنىڭ ئاجايىپ قىزىق بولغانلىقىنى دېدى؛ مەن ئۇنىڭغا بىر ئىستاكان چاي قۇيۇپ بەردىم. يارىسىنى تاڭدىم. ئوق ئۇنىڭ تېرىسىنى ئازراق سۈرۈۋەتكەن بولۇپ، سۆڭەككە زەخمە يەتمىگەنىدى. ئۇ تۇيۇقسىز چۈشىنەلمىگەندەك تەرىزدە:

— سەن ناھايىتى چوڭ خەتەرگە تەۋەككۈل قىلدىڭ، — دېدى. مەن:

— ئەنسىرىمىسەڭمۇ بولىدۇ، — دېدىم (بىزنىڭ ئىچكى ئۇرۇشتا كۆنگىنىمىز بويىچە، بايىقىدەك ئەھۋالدا مەن ئاشۇنداق قىلمىسام بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر سەپدىشىم تۇتۇلسا، بىزنىڭ پۈتكۈل ئىشلىرىمىزغا خەۋپ يېتىشى مۇمكىن ئىدى).

ئەتىسى مۇئېبن تىنچلاندى. ئۇ مەن بەرگەن بىر تال تاماكىنى ئالدى-دە، ناھايىتى قاتتىق تەلەپپۇز بىلەن «ئىنقىلابىي پارتىيىمىز ئىشلىتىۋاتقان ئىقتىسادنىڭ مەنبەسىنى» ئىگىلىمەن، دەپ مېنى سوراققا تارتقىلى تۇردى. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلە ناھايىتى يوللۇق ئىدى. مەن راست گەپ قىلىپ، ئۇنىڭغا ئەھۋالنىڭ ناھايىتى ئېغىر ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم. جەنۇب تەرەپتە ئوق ئاۋازى شىددەتلىك ئىدى. مەن مۇئېبىنغا سەپداشلىرىمىزنىڭ بىزنى ساقلاۋاتقانلىقىنى ئېيتتىم. مېنىڭ پەلتويۇم بىلەن تاپانچام ياتىقىمدا ئىدى، ئۇلارنى ئېلىپ چىقسام مۇئېبن كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ساپادا يېتىپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ قىزىۋاتقانلىقىنى سەزگەن ئىدى، مۈرەم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ دەپ قاقشايتتى.

مەن ئۇنىڭ قورقۇنچاقلىقتا قۇتقۇزغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى چۈشەندىم. گاڭگىرىغان بىر ھالەتتە ئۇنىڭغا ئېھتىيات قىلىشنى تاپىلاپ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتىم. گويا ئۇ توخۇ يۈرەك ۋېنسېنت مۇئېبن ئەمەس مەن ئۆزۈمدەك، قاتتىق خىجىللىق ھېس قىلدىم. بىر ئادەمنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرى بىلەن باشقا بارلىق ئادەملەرنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرى ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىقلار بولىدۇ. شۇڭا بىر ئادەمنىڭ بويۇنتاۋلىقىنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ يۈزىنى تۆككەنلىك دېيىشنى ئادىللىق ئەمەس دېگىلى بولمايدۇ، بىر يەھۇدىينىڭ كرېستقا مىخلىنىشى

پۇتكۈل ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزالايدۇ دېيىشىنىمۇ ئادىللىق ئەمەس دېگىلى بولمايدۇ. شوپېنخائۇئېر * مۇنداق بىر مەشھۇر سۆزنى قىلغان: مەن، دېمەك باشقىلار دېمەكتۇر، ئادەم دېمەك بارلىق جانلىق دېمەكتۇر. ئۇنىڭ بۇ گېپىنىڭ بەلكىم زاكونى بولسا كېرەك. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، شېكسپىر دەل ئاشۇ جون ۋېنسېنت مۇئېيىننىڭ ئۆزى شۇ.

بىز گېنېرالنىڭ چوڭ داچىسىدا توققۇز كۈن تۇردۇق. ئۇرۇش ئېلىپ كەلگەن ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە ئارزۇ ـ ئارمانلار ھەققىدە مېنىڭ بىر نەرسە دېگۈم يوق، مېنىڭ مەقسىتىم پەقەتلا مېنىڭ چىرايىمنى بۇزغان مۇشۇ تاتۇقنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىش، خالاس. ئاشۇ توققۇز كۈن مېنىڭ ئېسىمدە گويا بىرلا كۈنگە ئايلانغاندى، پەقەت ئەڭ ئاخىرقى ئىككىنچى كۈنىلا بۇنىڭ سىرتىدا ئىدى. ئاشۇ كۈنى بىزنىڭكىلەر بىر ھەربىي گازارمىغا بۆسۈپ كىرىپ، 16 ئەسكەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئەلفېيندا پىلىموتتا ئوققا تۇتۇلۇپ ئۆلتۈرۈلگەن 16 سەپدىشىمىز ئۈچۈن ئىنتىقام ئالغاندۇق. مەن تاڭ خىرە يورۇغاندا غىپپىدە چىقىپ كېتىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە قايتىپ كەلگەنىدىم. مېنىڭ ھەمرايىم مېنى ئىككىنچى قەۋەتتە ساقلاۋاتاتتى، ئۇ ئاغرىق تۈپەيلىدىن بىرىنچى قەۋەتكە چۈشەلمەيتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ ئىستراتېگىيىگە ئائىت بىر كىتابنى كۆتۈرۈۋالغانىدى، ئۇ ماۋدېت ياكى كىلاۋسېۋىتس ** نىڭ ئەسىرى بولسا كېرەك. بىر كۈنى كەچتە ئۇ ماڭا «مەن ئەڭ ياقتۇرىدىغان قورال — زەمبىرەك» دېگەنىدى. ئۇ بىزنىڭ پىلانىمىزنى سورۇشتۇرۇپ، مەمەدانلارچە تەنقىد قىلاتتى ياكى تۈزىتەتتى. ئۇ يەنە دائىم «ئېچىنىشلىق ئىقتىسادىي ئاساسىمىز»غا ھۇجۇم قىلىپ، جاھىل ۋە شۇم ھالەتتە ئاقىۋىتىمىزنىڭ چوقۇم چاتاق بولىدىغانلىقىنى قىياس قىلاتتى. ئۇ «بۇ ئىش تۈگەشتى» دەپ غودۇرايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ جىسمانىي جەھەتتىكى ئاجىزلىقىنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن، زېھنىنىڭ ئۆتكۈر ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىشقا كۆچەپ تىرىشاتتى. ھەر ھالدا بىز توققۇز كۈننى مانا شۇنداق ئۆتكۈزدۇق.

ئونىنچى كۈنى ھۆكۈمەت ئارمىيىسى شەھەرنى پۈتۈنلەي كونترول قىلدى. قاۋۇل ئاتلىق ئەسكەرلەر شەھەرنى ئۈن ـ تىنسىز چارلايتتى، شامال ئىس ـ تۈتەكلەرنى ئۇچۇرۇپ يۈرەتتى؛ مەن كوچىنىڭ بۇرجىكىدە تۇرۇپ، مەيداندا ئەسكەرنىڭ بىر جەسەتنى قارىغا نىشانى قىلىپ ئوق ئېتىش مەشىقى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم... مەن ئۇ كۈنى سەھەردىلا چىقىپ كېتىپ، چۈشتىن بۇرۇنلا قايتىپ كەلدىم. مۇئېيىن كۈتۈپخانا ئۆيدە بىرىگە گەپ قىلىۋاتاتتى، مەن ئۇنىڭ ئاۋازىدىن تېلېفون بېرىۋاتقانلىقىنى ئۇقتۇم. ئۇ مېنىڭ ئىسمىمنى تىلغا ئالدى، ئارقىدىنلا مېنىڭ كەچ سائەت يەتتىدە قايتىپ كېلىدىغانلىقىمنى دېدى، يەنە تېخى مەن گۈللۈكتىن ئۆتكەندە مېنى تۇتسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى، پىلان كۆرسەتتى. مېنىڭ بۇ ئەقىللىق دوستۇم ئەقلىنى ناھايىتى ئىشلىتىپ تۇرۇپ مېنى دۈشمەنلەرگە سېتىۋاتاتتى. مەن يەنە ئۇنىڭ ئۆز بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش تەلىپىنىمۇ ئاڭلىدىم.

مېنىڭ بۇ ھېكايەم مۇشۇ يەرگە كەلگەندە كاللام ئېلىشىپ كېتىدۇ، ھېكايىمۇ ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. پەقەتلا ئۇ مۇناپىقنىڭ قاچقىنى، مېنىڭ ئالۋاستى ئۇۋىسىدەك قاپقاراڭغۇ كارىدوردىن ئۆتۈپ، ئادەمنىڭ بېشىنى قايدۇرىدىغان پەلەمپەيلەردىن چۈشۈپ، تاپ باستۇرۇپ قوغلىغىنىملا ئېسىمدە. مۇئېيىن بۇ ئۆيلەرنىڭ ئۇجۇر ـ بۇجۇرىنى مەندىن ئوبدان بىلەتتى، بىرنەچچە مەرتەم ئۇ قېچىپ كەتكىلى تاسلا قالدى. لېكىن ئەسكەرلەر كېلىپ مېنى تۇتۇۋېلىشتىن بۇرۇن، مەن ئۇنى بىر بۇلۇڭغا قاپسىۋالدىم. مەن گېنېرالنىڭ تامغا ئېسىقلىق

---

* شوپېنخائۇر (Arthur Schopenhauer, 1788 – 1870) گېرمانىيىلىك پەيلاسوپ.

** (Karl von Clausewitz, 1780 – 1831) پرۇسسىيىلىك گېنېرال، بېرلىن ھەربىي مەكتىپىگە مۇدىر بولغان «ئۇرۇش توغرىسىدا» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

كۆرگەزمە قورال ـ ياراغلىرى ئارىسىدىن بىر ئەگرى قىلىچنى سۇغۇرۇۋېلىپ، قىلىچنىڭ ھىلال ئاي شەكلىدىكى پولات تىغى بىلەن ئۇنىڭ يۈزىدە ھىلال ئاي شەكلىدىكى يوقالماس قانلىق ئىز قالدۇردۇم. بورخېس، ئىككىمىز گەرچە تونۇشمىساقمۇ، مەن بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى سىزگە ئېيتىپ بەردىم. مېنى كۆزگە ئىلمىسىڭىز مەيلى، مېنىڭ كۆڭلۈم يېرىم بولمايدۇ.

ئۇ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە توختاپ قالدى. مەن ئۇنىڭ قولىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى بايقىدىم.

—مۇئېن كېيىن قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدىم مەن.

—ئۇ يۇدا * غا ئېرىلگەن ئىنئامغا ئېرىشىپ، برازىلىيىگە قېچىپ كەتتى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن مەن بىرنەچچە مەست ئەسكەرنىڭ مەيداندا بىر ئادەمنى قارىغا نىشانى قىلىپ ئېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

مەن ئۇنىڭ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇشنى كۈتۈپ ئولتۇردۇم، لېكىن ئۇ بىر ھازاغىچە ئۈندىمىدى. ئاخىر مەن ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشقا دەۋەت قىلدىم.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىرنى ئىڭراپ قويۇپ، يۈزىدىكى ھېلىقى كۆل رەڭ ئەگرى تاتۇقنى ئېچىنىش بىلەن كۆرسەتتى.

—ئەجەبا سىز ئىشەنمىدىڭىزمۇ؟— دېدى ئۇ پىچىرلاپ تۇرۇپ، — ئەجەبا سىز مېنىڭ يۈزۈمدىكى بۇ ئىپلاس ئىزنى كۆرمەدىڭىزمۇ؟ مەن سىزنىڭ بۇ ھېكايىنى تولۇق ئاڭلىشىڭىز ئۈچۈن مۇشۇ ئۇسۇلدا سۆزلەپ بەردىم. مەن ئۆزۈمنى قوغدىغان ئادەمنى پاش قىلدىم، ۋىنسېنت مۇئېن مەن شۇ. ئەمدى مېنى كەمسىتسىڭىز بولىدۇ.



بورخېس (JorgeluisBorges, 1899- 1986) ئارگېنتىنالىق شائىر، يازغۇچى ۋە تەرجىمان. ئۇ بۇيېنىس ـ ئايرېستا ئەنگلىيەلىك قان سىستېمىسىدىن بولغان بىر ئادۋوكات ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. جەنۋەدە ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىپ، كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان. ئىنگلىز، فرانسۇز، گېرمان تىللىرىنى ئۆگەنگەن. ئوتتۇرا مەكتەپتە شېئىر يېزىشقا باشلىغان. 1919 ـ يىلى ئىسپانىيىگە بېرىپ، رادىكاللار ۋە ئاۋانگارت يازغۇچىلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان ھەمدە بىللە ژۇرنال چىقارغان. 1923 ـ يىلى تۇنجى شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنغان. 1935 ـ يىلى تۇنجى ھېكايىلەر توپلىمى نەشر قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئارگېنتىنا ئەدەبىياتىدىكى ئورنى تىكلەنگەن. ئۇ 1950 ـ يىلىدىن 1953 ـ يىلىغىچە ئارگېنتىنا يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، 1955 ـ يىلى دۆلەتلىك كۇتۇپخانىنىڭ باشلىقى، بۇئېنوس ـ ئايرېس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەلسەپە پروفېسسورى بولغان. ئۇنىڭ «بۇئېنوس ـ ئايرېس ھاياجانلىرى» (1923)، «ئالدىمىدىكى ئاي» (1925)، «سايىنت مارتىن ماركىلىق مەشىق دەپتىرى» (1929)، «سايىگە مەدھىيە» (1969)، «يولۋاسنىڭ ئالتۇنى» (1972)، «ئېغىر ئەتىرگۈل» (1975) قاتارلىق شېئىر توپلاملىرى؛ «قۇلاقكەستىلەر تەزكىرىسى» (1937)، «ئاچا يول تۇتاشقان گۈللۈك» (1941)، «ئالېف» (1949)، «ئۆلۈم ۋە كومپاس» (1951)، «بلوپوئېرنىڭ دوكلاتى» (1970) قاتارلىق بىر مۇنچە ھېكايە توپلاملىرى بار. ئۇ يەنە كافكا، فولكنېر قاتارلىق مۇھىم يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغان. بورخېس ئۆز ھاياتىدا ناھايىتى كۆپ شان ـ شەرەپلەرگە، جۈملىدىن بىر مۇنچە مۇكاپات، ئوردېن ۋە پەخرىيناملارغا ئېرىشكەن. لېكىن ئۇ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشەلمىگەن. ئۇ بۇ ھەقتە: «مۇكاپاتقا ئېرىشىش پەقەتلا شۆھرەت تەمەسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈندۇر، شۇنداق بولغان ئىكەن، نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشەلمىسەممۇ ھېچقىسى يوق» دېگەن. بورخېسنىڭ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشەلمىگەنلىكى دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى بىر ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولۇپ قالدى، لېكىن بۇ ئەپسۇسلۇق بورخېسقا ئەمەس، بەلكى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا مەنسۇپ دېيىش ئەڭ مۇۋاپىق. چۈنكى ئۇنىڭ يارىتقان ئىجادىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى دۇنيا ئەدەبىيات مۇنبىرىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بەزىلەر بورخېسنى ھازىرقى زاماندىكى ئەڭ بۈيۈك دۇنياۋى يازغۇچى دەپ تەرىپلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تىلى ئىخچام، پۇختا، قۇرۇلمىسى ئەپچىل، تەسەۋۋۇرى ئۆزگىچە. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئارگېنتىنا تۇپرىقىنىڭ جانلىق ھاياتىنى جۈملىدىن شەرق ئەللىرىنىڭ ئۆزگىچە مۇھىتىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولۇپ، ئاز ھەجىمگە كۆپ مەزمۇن سىغدۇرغان، بىمەنىلىك ۋە خام خىيالغا تولغان، كۆچلۈك سېھرىي تۈسكە ئىگە.

تەرجىمانىدىن

(«لاتىن ئامېرىكىسى مىكرو ھېكايىلىرىدىن تاللانما» ناملىق كىتابتىن) **تاھىر ھامۇت** تەرجىمىسى

(تەرجىمان ئۈرۈمچى مىڭيول كىنو ـ تېلېۋىزىيە، ئېلان تارقىتىش، مەدەنىيەت چەكلىك شىركىتىدە)

مۇھەررىرى: قاھار نىياز

---

* يۇدا (Judas) ئەيسا مەسىھنىڭ ئون ئىككى شاگىرتىنىڭ بىرى، كېيىن ئەيسانى سېتىپ، ئوتتۇز كۈمۈش تەڭگىگە ئېرىشكەن.



# كۆكۈلداش

(چۆچەك)

جاھان سۆزمەنلىرى ھېكايەت باغلىرىدىن چىرايلىق گۈلدەستىلەرنى تۈزۈپ، شۇنداق پاساھەت كەلتۈرىدۇكى، ئەلمىساقتا يىقىن دەۋرلەردە پەرەڭ دەيدىغان بىر كاتتا مەملىكەت بولغانىكەن. بۇ مەملىكەتنىڭ پادىشاھىنى خورش شاھ دەپ ئاتايدىكەن. پادىشاھ ئادىل ۋە ساخاۋەتلىك بولۇپ، مەملىكەت ئاۋات، خالايىق شاد-خۇرام، باي-باياشات ئىكەن. پادىشاھ ئەل-خەلقنىڭ بەخت-سائادىتىنى ئويلايدىكەن. ئاۋام پادىشاھنى چەكسىز ھۆرمەتلەيدىكەن ۋە ئۇنىڭ ئۈمىدىنى ھەرگىز يەردە قويمايدىكەن. خورش شاھ شۇ قەدەر زور ھەشەمەت ۋە سەلتەنەت ئىگىسى بولسىمۇ ئەمما پەرزەنتسىز ئىكەن. شەۋكەتلىك شاھ بىرقانچە خانىشقا ئۆيلەنگەن بولسىمۇ، خوتۇنلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ھامىلدار بولماپتۇ. پادىشاھ بىر كۈنى ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسى ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئويلاپ كۆڭلى بەك يېرىم بوپتۇ. ئۇ ھاياتىمغا كەچ كىرىپ قالدى، بۇلبۇللار شەيدا بولغان، گۈل-چېچەككە تولغان باھار چاغلىرىم ئاخىرلىشىپ، شاخلىرىمدا خازان ياپراقلار باش كۆتۈرگەن كەچ كۈزۈم باشلاندى. ئەمما ھازىرغىچە بىرەر پەرزەنت كۆرەلمىدىم، زاتىمنىڭ قېنى مەن بىلەن قۇرۇيدىغان ئوخشايدۇ، ئەگەر ئۆمرۈم ئاخىرلىشىپ بۇ بىۋاپا ساراي پانىيدىن خۇدانىڭ دەر-

گاھىغا يول ئالسام، مېنىڭ تەختىمدە كىم قا-
لار، ئەجدادلىرىمدىن مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان
بۇ شاھلىق سەلتەنىتى كىملەرنىڭ قولىدا دەپ-
سەندە بولار ۋە كىملەر دەۋران سۈرەر؟ دەپ
خىيال قىلىپ كۆڭلى قاتتىق ئازاب ئىچىدە
قاپتۇ ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئۇزاقتىن - ئۇزاق
يىغلاپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن غەم - ھەسرەت،
ۋەھىمە پادىشاھنىڭ باغرىنى تاتىلاشقا باشلاپ-
تۇ.

پادىشاھ خورىش شۇ خۇسۇستا خۇداغا يىلى-
نىپ، بىرەر ئوغۇل ئاتا قىلىشنى ئىلتىماس قى-
لىپ كېچە - كۈندۈز سەجدىدىن باش ئالماپتۇ.

پادىشاھنىڭ تەلەپ - مۇناجاتلىرى كۆككە
يەتكەندە ئاللا ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، دۇئالى-
رىنى ئىجابەت قىلىپتۇ، پادىشاھنىڭ بىر خا-
نىشى ھامىلىدار بوپتۇ، پادىشاھ چەكسىز
خۇشال بوپتۇ. يۇرت ئەھلىگە داستىخان سې-
لىپ كاتتا بايرام قىلىپ بېرىپتۇ. مەملىكەت
خەلقى خانىشىنىڭ ھامىلىدار بولغانلىقىدىن،
شاھلىقنىڭ ۋارىسسىز قالمايدىغانلىقىدىن
سۆيۈنۈپ خۇشاللىقتا قىلغىلى قىلىق تاپالماي
قاپتۇ ۋە پادىشاھقا ئۇزۇن ئۆمۈر، دۇنياغا كۆز-
ئاچقۇسى شاھزادىگە ئاسانچىلىق تىلەپتۇ.

ۋاقىت ئۆتۈپ، توققۇز ئاي، توققۇز كۈن،
توققۇز سائەت بولغاندا پادىشاھنىڭ خانىشى
شۇنداق چىرايلىق ۋە ساغلام بىر ئوغۇل تەۋەل-
لۇت قىپتۇ. ئادەم ئاتام دۇنياغا كەلگەندىن
باشلاپ شۇ چاغقىچە دۇنيادا بۇنداق چىرايلىق
بالىنى تېخى جاھان كۆرگەن ئەمەسكەن. خالا-
يىق بالىنىڭ نۇرانە چېھرىدىن ھەيران بولۇشۇپ-
تۇ. پادىشاھ يەنە كاتتا مەرىكە ئۆتكۈزۈپ
شاھزادىگە مۇنىر دەپ ئىسىم قويۇپتۇ.

پادىشاھ شاھزادە بىلەن بىرلا ۋاقىتتا تۇ-
غۇلغان بىر بالا تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇق بې-
رىپتۇ. پادىشاھنىڭ ۋەزىر، ئەمىرلىرى پەرمان
بويىچە مەملىكەتنى نەچچە ئايلىنىپ شاھزادە
مۇنىر بىلەن بىر دەقىقىدە تۇغۇلغان بىر ئو-
غۇلنى تولىمۇ بىچارە بىر دېھقان ئۆيىدىن تې-
پىپتۇ. بۇ بالىنى پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا كەل-
تۈرۈپ شاھزادىگە قوشۇپ قويۇپتۇ. بالىنىڭ
ئىسمىنى كۆكۈلداش دەپ قويۇپتۇ. شاھزادە
بىلەن كۆكۈلداش شۇ كۈندىن ئېتىبارەن بىللە
تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. ئىككى بالا
كۈندىن - كۈنگە ساغلام ۋە ئەقىللىق بولۇپ
ئۆسۈپتۇ. ئۇلار يەتتە ياشقا كىرگەندە كاتتا
دانىشمەن ئۇستازلارغا تۇتقۇزۇپتۇ. ئىككى بالا
ئۇستازلىرى ئۆگەتكەن ئىلىم - بىلىم، ئە-
قىل - ھېكمەتنى پۇختا ئىگىلەپ يۇرت ئۇس-
تازلىرى بىلەن مۇھاكىمە - مۇنازىرە قىلىشقۇ-
دەك بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلار
قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق ۋە كۈچتۆگكۈرلۈك
جەھەتتە جاپالىق چېنىقىپ، جەڭ سەنئىتىنى
پۇختا ئىگىلەپ باتۇرلۇقتا تەڭداشسىز يىگىت-
لەردىن بولۇپ چىقىپتۇ.

يىللار ئۆتۈپ شاھزادە بىلەن كۆكۈلداش
ئون يەتتە ياشقا كىرىپ قاپتۇ ھەمدە پادىشاھقا
ھەمراھ بولۇپ ئوۋغا چىقىدىغان بوپتۇ. بۇ
ئىككىسى ئوۋ ئولجىلىرىنىڭ كۆپلۈكى ۋە
باتۇرلۇقلىرى بىلەن باشقىلارنى ھەيران قالدۇ-
رىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرى شاھ ئاتىسى بىلەن
شىكاردىن قايتقان شاھزادە ھارغىنلىق ھېس
قىلىپ ھۇجرىسىغا كىرىپ يېتىپلا ئۇيقۇغا
كېتىپتۇ. ئۇ چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە مۇنداق
بىر ئىش كۆرۈپتۇ: پەلەككە تاقىشىپ تۇرغان
بىر راۋاق تۇرارمىش، ئۇلارنىڭ ئىچى ئاجايىپ
كەڭتاشا بولۇپ، قەسىر - ئىمارەتلەر، گۈلزار-
لار، زۇمرەتتەك سۇلار ئويناپ ئېقىۋاتقان مەر
مەر ئېرىقلار ۋە ئالتۇن قەسىرلەرنىڭ شولىسى
چاقناپ تۇرغان بىر سۈزۈك كۆل بارمىش.
كۆلنىڭ بويىدا بىر ئالتۇن تەخت قويۇلغان بو-
لۇپ، ئۇنىڭدا ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دې-
سە، كۈن خىجىل، لەۋلىرىدىن گۈل ئۇيات
چېكىدىغان، كۆزلىرىگە چولپان سەجدە قىلى-
دىغان ئاجايىپ گۈزەل بىرنازىنىن جانان ئولتۇ-

رارمىش. بۇ لاتاپەتكارنىڭ ئەتراپىدا گۈلدەستە-
دەك چىرايلىق قىزلار پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈ-
رەرمىش.

شاھزادە قىزنى چۈشىدە كۆرۈشى بىلەن
ئاشىقلىق بالاسىغا مۇپتىلا بولۇپ، «ئاھ» دەپ
ئويغىنىپ كېتىپتۇ. ئويغىنىپ قارىسا كۆر-
گەنلىرى چۈشى. چۈشىدىكى قىزنىڭ گۈزەل
سىيماسى ئۇنى ئاشىقلىق يالقۇنىغا چىرماپ
زادى ئارام بەرمەپتۇ. ئۇ قىلدەك تولغىنىپ،
كۆيۈپ-يېنىپ بولالماي قاپتۇ. كېچە-چە
كىرپىك قاقماي تاڭنى كۆرۈپتۇ. شاھزادە سە-
ھەر ئورنىدىن تۇرۇپ دوستى كۆكۈلداشنىڭ
قېشىغا كىرىپ كۆرگەن چۈشىنى دەپتۇ ۋە
چۈشىدە كۆرگەن قىزنى ئىزدەپ تاپماي قوي-
مايدىغانلىقىنى، ئۇ قىزنى تاپالمىسا ھەتتا
ھاياتىنىڭمۇ نابۇت بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى
ئېيتىپتۇ. كۆكۈلداش دوستى ئۈچۈن قايغۇ-
رۇپ، ئۇستا رەسساملارنى چاقىرىپ شاھزادى-
نىڭ تەسۋىرى بويىچە بىرقانچە ئون پارچە
رەسىم سىزدۇرۇپتۇ. شاھزادە رەسىملەر ئىچى-
دىن بىرنى تاللاپ قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. كۈنلەر
شۇ تەرىقىدە ئۆتۈۋېرىپتۇ.

شاھزادە پەرىنىڭ دەرد-پىراقىدا كۆيۈپ
سارغىيىپ ئاخىرى غىزادىن قاپتۇ. بۇ خەۋەر
پادىشاھقا يېتىپتۇ. پادىشاھ ئوغلىنىڭ شۇ
ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىدىن ئەندىشە قىلىپ
ۋەزىر-ئەمىر ۋە ئۆلىما-تېۋىپلارنى جەم قى-
لىپ ئوغلىنىڭ كېسىلىگە داۋا ئىزدەش ھەق-
قىدە مەسلىھەت سوراپتۇ. ۋەزىرلەر شاھزادە
بىلەن ئايرىم سۆزلىشىپ بېقىشنى مۇۋاپىق
كۆرۈپ پادىشاھتىن ئىجازەت سوراپتۇ. پادىشاھ
ئەھۋالنى ئۇقۇش توغرىسىدا بىر كۈنلۈك
مۆھلەت بېرىپتۇ. ۋەزىرلەردىن بىرى شاھزادى-
نىڭ قېشىغا كىرىپ، نېمە سەۋەب بىلەن مۇ-
شۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى سوراپ-
تۇ. شاھزادە زار-زار يىغلىغان ھالدا چۈشىدە
كۆرگەن ئەھۋاللارنى، ئاشۇ قىزنىڭ ۋىسالىغا
يەتمىسە ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنىڭ خەتەرلىكلىكى-
نى، ھەتتا پىراق ئوتىدا كۆل بولۇپ تۈگىشى-
دىغانلىقىنى بىر-بىرلەپ بايان قىلىپتۇ. ۋەزىر
بۇ گەپ-سۆزلەردىن چۆچۈپتۇ ۋە ئەتىسى پا-
دىشاھ ھۇزۇرىغا كىرىپ مۇنداق دەپتۇ:

—شەۋكەتلىك شاھىم، پەرمانلىرى بويى-
چە شاھزادىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇنىڭ ئاغزىدىن
ئاڭلىدىم. ئۆزلىرىگە مەلۇم بولسۇنكى، شاھ-
زادىنىڭ ئەھۋالى ئادەمنى خۇشال قىلمايدۇ
ھەمدە رەنجىگە ھېچقانداق دورا-دەرمەك كار
قىلمايدۇ. بەلكى ئۇنىڭ كېسىلىگە شاد-
خۇراملىق لازىمدۇر. شۇڭا شاھزادىنى سەيلە-
ساياھەت قىلدۇرساق، يۇرت كېزىپ، ئويناپ-
كۈلۈپ بىرقانچە زامان تاماشا قىلسا، شاھزادى-
نى مىڭ لەشكەر بىلەن ھايال قىلماي يولغا
سالساق، شۇنداق بولغاندا شاھزادىمىزنىڭ
كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ ۋە غەم-تەشۋىش،
بارلىق ۋەسۋەسىدىن خالاس بولۇپ ساقىيىپ
قالغۇسى، بۇ گەپلىرىم ئۇلۇغ شاھىمىزغا ما-
قۇل كېلەرمىكىن؟

—ئەي سادىق ۋەزىرىم، ھالىم ئۆزىڭىزدىن
مەخپىي ئەمەسكى، مەن ئۆمرۈم ئاخىرلىشاي دې-
گەندە پەرزەنتلىك بولدۇم. پۈتۈن ئۆمرۈم سەلتە-
نەت ئۈستىدە ئۆتكەن بولسىمۇ ئەمما بالا يۈزى
كۆرمەي خۇداغا يىغلاپ ئۆتتۇم. ئاللا ماڭا رەھىم
قىلىپ ئاخىرى بۇ بالىنى ئاتا قىلدى. ئەمدى
ئويلىسام ھاياتىمدا شۇ بالامدىن ئەزىز ۋە قىم-
مەتلىك نەرسەم يوق ئىكەن. ئەھۋال شۇنداق
تۇرسا، مەن ئوغلۇمدىن قانداق ئايرىلالايمەن؟—
دەپ كىچىك بالىدەك ئۇن سېلىپ يىغلاپتۇ. ۋە-
زىر پادىشاھنىڭ غەمناك ھالىدىن باغرىنى چاك-
چاك قىلىپ، كۆز ياشلىرىنى باھار يامغۇرىدەك
تۆكۈپ تۇرۇپ سۆزلەپتۇ:

—كەرەملىك شاھىم، كۆكۈللىرىنى چۈ-
شەندىم. دېگەنلىرىدەك شاھزادىمىزدىن بىرەر
دەم ئايرىلىش ئۆزلىرى ئۈچۈنلا ئەمەس، پۈتۈن
ئوردا ئەھلى ئۈچۈنمۇ كۆپ ئازابلىق ئىش.

www.uyghurkitap.com

ئەمما ۋاقىتلىق ئايرىلىش مەڭگۈلۈك ئايرىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر. دېمەكچىمەنكى، شاھزادىدىن ئازراق ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقساق، ئۇنىڭدىن ئەبەدىي ئايرىلىپ قېلىشىمىز مۇمكىن، شۇڭا ئۇنى يەنىلا جاھان كېزىپ كۆڭۈل كۆتۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن يولغا سالغىنىمىز تۈزۈك.

پادىشاھ ۋەزىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئۇزاق ئويلاپ ۋەزىرىنىڭ سۆزى بويىچە شاھزادىنى سەپەرگە يولغا سېلىش قارارىغا كېلىپتۇ. پادىشاھ ئەتىسى ئوغلىنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ئەي، كۆزۈمنىڭ روشىنى ئوغلۇم، بىلەمسەنكىن، مېنىڭ بۇ دۇنيادا سەندىن سۆيۈملۈك نەرسەم يوق ئىدى. ئەمما سەنمۇ چوڭ بولدۇڭ، جاھاننى كۆرۈپ، كۆزۈڭنى ئېچىپ كېلىشىڭ زۆرۈر. شۇڭا سېنى يولغا سېلىپ قويماقچى بولۇۋاتىمەن. سەپەردە زېرەك بىلەن خەتەر تەڭلا مەۋجۇت. شۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا ھەمراھ قىلىپ مىڭ لەشكەر قوشۇپ قويماقچىمەن. خۇدا ئاق يول بەرگەي، — دەپتۇ.

— مېھرىبان شاھ ئاتا، — دەپتۇ شاھزادە پادىشاھقا تەلمۈرۈپ تۇرۇپ، — شۇنچىلىك كۆڭۈل بۆلگىنىڭىزگە يۈز مىڭ رەھمەت. ئەمما ماڭا مىڭ لەشكەر لازىم ئەمەس، پەقەت دوستۇم كۆكۈلداشلا ھەمراھ بولسا بولدى.

پادىشاھ ئوغلىنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپتۇ ۋە شاھزادىنىڭ تەلىپىدىكى تەييارلىقلارنى راسلاپ بېرىپتۇ. شاھزادە دوستى كۆكۈلداش بىلەن بىللە بىر قىچىرغا ئالتۇن ۋە ئوزۇق ئېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇلار يۇرتمۇ يۇرت، شەھەرمۇ شەھەر، يېزىمۇ يېزا، سەھرامۇ سەھرا كېزىپ ئاخىر بىر چۆلگە چىقىپ قاپتۇ. بۇ نە بىر توپ گىياھ، نە بىرەر چۈمۈلىمۇ يوق باياۋان ئىكەن. ئۇلار ھېرىپ-ئېچىپ، ئۇسساپ چاك بولغان بولسىمۇ يولدىن قالماي مېڭىۋېرىپتۇ. ئىككى يىگىت شۇنداق يۈرۈپ بىر خۇش ھاۋالىق باغقا چىقىپ قاپتۇ. بۇ يەردە ياۋا ئالمىلار مەي باغلاپ پىشىپ كەتكەنىكەن. ھارغان يىگىتلەر مەي باغلىغان مېۋىلەردىن تويغۇدەك يەپ بىر كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن يەنە يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار يەنە قانچە چۆل-دەشتلەرنى كېزىپ، نۇرغۇن مەنزىللەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپتۇ. كۆپ يول يۈرگەچكە ماغدۇدەك ماغدۇرى قالماپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئىككىسى بىر-بىرىگە ھەمدەم، مەدەتكار بولۇپ سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇلار شۇنداق توختىماي مېڭىپ بىر تاغقا دۇچ كېلىپ قاپتۇ. بۇ ئىككى يىگىت تاغدىن ئۆتۈپ كېتىشكە كۆزى يەتمەي، بىر كىچىك تاغ باغرىدا ئارام ئالماقچى بولۇپ قونۇپ قاپتۇ. ئەتىسى سەھەر ئويغىنىپ تاغقا يانداش چىرماشقان يولغا يامىشىپ مىڭ بىر مۇشەققەتتە تاغ ئۈستىگە چىقىپتۇ. بۇ تاغ ناھايىتى ئېگىز بولغاچقا ئەتراپىنى بەش قولدەك كۆرگىلى بولىدىكەن. ئۇلار ئەتراپقا ئۇزاق قاراپ تۇرغاندىن كېيىن بىر يېشىللىقنى كۆزلەپ مېڭىپتۇ. ئۇ ناھايىتى كەڭ كەتكەن چىرايلىق يايلاق ئىكەن. شاھزادە بىلەن كۆكۈلداش ئاخىر كۆزلىگەن نىشانغا يېتىپ كېلىپتۇ. بۇ يەردە سۈپسۈزۈك بىر بۇلاق بار ئىكەن. ئۇلار بۇلاق بويىدا ئولتۇرۇپ بىرپەس ئارام ئالغاندىن كېيىن ئاستا-ئاستا كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. شاھزادە شېرىن ئۇخلاۋاتقانىكەن، ناگاھان قۇلىقىغا ئاتىسىنىڭ ئاۋازىدەك بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ-دە، چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا ئاق ئاتقا مىنگەن پۈتۈنلەي ئاق كىيىم كىيگەن ئۈچ كىشى ئۇلار تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانىكەن. ئۇلار ئاتلىرىدىن چۈشۈپتۇ-دە، شاھزادە بىلەن كۆكۈلداشقا سالام بېرىپتۇ. ئىككى تەرەپ تىنچلىق-ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن ئاق كىيىملىك كىشىلەرنىڭ بىرى شاھزادىدىن سوراپتۇ:

— سىلەر قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭلار؟ نەگە بارماقچى سىلەر؟

— بىز مۇساپىرلارمىز، بىزنىڭ بۇ يەرگە

كېلىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، مەن چۈشۈمدە پەرىزاتقا غايىبانە ئاشىق بولۇپ قالغانىدىم. ئۇنىڭ ئىشق - پىراقى ئارامىمنى قويمىدى، — دەپ بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلەرنى بىر - بىرلەپ بايان قىلىپتۇ، ئاق ئاتلىق كىشىلەر شاھزادە سىزدۇرغان پەرىزاتنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپ ئەھۋالىنى چۈشەنگەندەك بوپتۇ ۋە ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىپتۇ. كۆكۆلداش بۇ كىشىلەرنىڭ ساقىلىنىڭ ئاقلىقىغا ھەيران بولۇپ:

— ھەر بىرلىرىنىڭ ساقاللىرىنىڭ ئاقلىقى نېمە ئۈچۈندۇر؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى:

— بىز تائەت - ئىبادەتكە ئۆزىمىزنى بېغىشلىغان. ھەر قېتىم بىر رەت غىزالانغاندىن كېيىن ئىبادەتكە تۇتۇنساق ئىككى - ئۈچ ئايدا بىر قېتىم ئىپتار قىلىمىز. كۆڭلىمىز ئىمانىنىڭ نۇرى بىلەن ئاقارغان. شۇڭا ساقال - بۇرۇتلىرىمىزمۇ ئاق، — دەپ ئۆزلىرىنىڭ مۆمىن بەندىلەردىن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇرۇپتۇ. شاھزادە بىلەن كۆكۆلداش ئۇلارنىڭ ئاللا نەزەر قىلغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ، قولىدىكى بارلىق ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى ئۇلارغا سەدىقە قىلىپتۇ ۋە ئۇلاردىن مۇنداق دەپ سوراپتۇ:

— ئەي ئەزىزلەر، بۇزرۇكۋار ئاتىلار، ھېلىقى پەرىزاتنىڭ ماكانى قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەركىن؟

— ئەي بالىلىرىم، مۇشۇ يولدىن چىقماي ماڭساڭلار بىر تىلىسىماتقا بارىسىلەر، شۇ تەرەپكە قاراپ مېڭىۋېرىڭلار، سىلەرنى خۇدايىم ساقلايدۇ، قالدىسى بىزمۇ سىلەرنى ھىمايە قىلىمىز، — دەپتۇ ئاق كىيىملىك كىشىلەر. ئۇلار شۇنداق دەپ ئۆز يولىغا راۋان بولۇشۇپتۇ. شاھزادە بىلەن كۆكۆلداش يەنە يولغا چىقىپ بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپ تېخىمۇ ئېگىز بىر تاغقا يېتىپ قاپتۇ. شۇ چاغدا ھېلىقى ئاق كىيىملىك كىشىلەردىن بىرى كۆكۆلداشنىڭ قېشىغا غايىبانە پەيدا بولۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— بۇ تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىر جادۇگەر بار، ئاشۇ جادۇگەر پەرىزاتنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. چۈنكى ئۇ جادۇگەر ئۇزاقتىن بېرى ئاشۇ پەرىزاتقا ئاشىق. دۇنيادا نۇرغۇنلىغان شاھزادە - بەگزادىلەر ئاشۇ پەرىزاتنى چۈشىدە كۆرۈپ، سىلەرگە ئوخشاش ئىزدەپ كەلگەن ۋە جادۇگەرنىڭ دامىغا چۈشۈپ كېتىپ ئەزىز جانلىرىدىن ئايرىلغان. ئەمما پەرىزات بۇ شۇم جادۇگەرنى ھەرگىزمۇ ياخشى كۆرگەن ئەمەس. سىلەرمۇ ئاگاھ بولغايسىلەر، ھەر ئامال قىلىپ جادۇگەرنى قولغا چۈشۈرۈپ، پەرىزاتنىڭ تۇرار جايىنى سوراپ بىلىۋېلىپ، جادۇگەرنى ئۆلتۈرۈڭلار، ئۆلگەندە لېۋى قىمىرلايدۇ، تاكى لېۋى قىمىرلىغۇچە تىغ ئۇرۇشنى توختاتماڭلار!

ئەلقىسسە: شۇ گەپتىن كېيىن كۆكۆلداش شاھزادىنى ئاشۇ يەردە قالدۇرۇپ، ئۆزى تاغنىڭ ئۇستىگە چىقىپتۇ. قارىسا تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىر پارچە ئوتنىڭ شولىسى كۆرۈنۈپتۇ. كۆكۆلداش شاھزادىنى تاغقا باشلاپ چىقىپ ئوت كۆرۈنگەن تەرەپكە يېقىن بېرىپ كۆرۈپتۇكى، بىر چېدىرنىڭ ئىچىدە بەللىرى مۈكچىيىپ كەتكەن چاڭگا ساقال بىر قېرى ئولتۇرغۇدەك، كۆكۆلداش چېدىرنىڭ تېشىدا قاپتۇ. شاھزادە بىسمىللا، دەپ چېدىرنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. ھېلىقى جادۇگەر قېرى شاھزادىنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋاپتۇ. جادۇگەر كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئاش تەييارلاپ، كىر تاۋاقتا ئۇسسۇپ، زەھەر ئارىلاشتۇرۇپ شاھزادىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. شۇ ئەسنادا كۆكۆلداش كىرىپ كېلىپتۇ - دە، جادۇگەر بىلەن چاندۇرماي كۆرۈشۈپتۇ. جادۇگەر كۆكۆلداشقا ئاش ئەكەلگىلى ماڭغانىكەن. ئىككىسى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جادۇگەرنىڭ ئارقىسىدىن يامىشىپ ئاستىغا بېسىۋاپتۇ.

جادۇگەر قانچە قىلسىمۇ بۇ ئىككى بەردەم
يىگىتكە كۈچى يەتمەي بىر قوشۇق قېنىنى
تىلەپتۇ. شاھزادە بىلەن كۆكۈلداش ئۇنىڭدىن
پەرىزاتنىڭ ماكانىغا قانداق بارىدىغانلىقىنى بى-
لىۋالغاندىن كېيىن ئۇنى ئۆلتۈرۈپ يولغا راۋان
بوپتۇ. ئۇلار جادۇگەر دەپ بەرگەن يول بىلەن
يۈرۈپ ئوت، بوران، توپا ۋە سۇ دەرياسىدىن
ئىبارەت تۆت دەريادىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈپ
پەرىزاتنىڭ ماكانىغا يېقىنلىشىپتۇ. پەرىزات-
نىڭ ئىككى ئارغىماق ئېتى بولۇپ، بۇ ئاتلار
ئادەمزاتنىڭ تىۋىشىنى يىراقتىن سېزىپ ئادەم-
نى يېقىن كەلتۈرمەيدىكەن. بۇ ئىككىيلەن
ئۆزلىرىنى يوشۇرىدىغان بىر خەندەك كولاپ
بولۇپ، ئاتلارغا كۆرۈنۈپتۇ. ئارغىماقلار ئادەم-
نىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپ قاتتىق كىشنەپ قى-
قاس كۆتۈرۈپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پەرىزاتلار
ئويغىنىپ ئەتراپنى تەكشۈرۈپتۇ. شاھزادە بى-
لەن كۆكۈلداش خەندەككە يوشۇرۇنۇۋالغانلىقى
ئۈچۈن پەرىزاتلار ئاتلارنىڭ نېمىشقا قىقاس
سالغانلىقىنى بىلەلمەي جايلىرىغا بېرىپ
ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇلار ئۇخلاپ ئۇزاق ئۆتمەي
شاھزادە بىلەن كۆكۈلداش يەنە شەپە بەرگەن-
كەن، ئاتلار يەنە كىشنەپ قىقاس ساپتۇ. پە-
رىزاتلار چىقىپ ئەتراپنى ئىزدەپ ھېچ نەرسى-
دىن دېرەك ئالالماي قايتىپ ئۇخلاپتۇ. بۇ ئەھ-
ۋال ئۈچىنچى قېتىم تەكرارلانغاندا پەرىزاتلار
ئاتلارنى ساراڭ بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ
خاپا بولۇشۇپ قايتىپتۇ. پەرىزاتلار ئۇخلاپ
قالغان پۇرسەتتە شاھزادە ئاشىق بولغان پەرىزات-
نىڭ ئوردىسىغا كىرىپتۇ. ئۇ چاغدا ئول پە-
رىزات ئالتۇن تەخت ئۈستىدە بەھۇزۇر ئۇخلا-
ۋاتقانىكەن. شاھزادە بىلەن كۆكۈلداش ئۇنى
چەمبەرچاس باغلاپتۇ. شۇ چاغدا پەرىزات ئوي-
غىنىپ يىغلاپ يالۋۇرۇپ ئۆزىنى قويۇپ بې-
رىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئەمما شاھزادە ئۇنى ھەر-
گىز قويۇپ بەرمەيدىغانلىقىنى ئېيتقانىكەن،
پەرىزات مەن ئەمدى سىلەرگە ئەل بولدۇم، سى-
لەرگە يامانلىق ۋە ۋاپاسىزلىق قىلمايمەن، سى-
لەرگە خىزمەتكار بولىمەن، دەپ ئۆز دىنى بو-
يىچە قەسەم قىلىپتۇ. شاھزادە ئۇنى بوشىتىپ،
ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا قانداق ئاشىق بولغانلىقىنى،
ئۇنى ئىزدەپ قانداق يوللارنى باسقانلىقىنى با-
يان ئەيلەپ يامغۇردەك يىغلاپتۇ. پەرىزات شاھ-
زادىنىڭ مۇبارەك قەدىمىنى قۇتلۇقلاپتۇ ۋە ئۆ-
زىنىڭمۇ ئۇنى چىن دىلىدىن سۆيىدىغانلىقىنى
بىلدۈرۈپتۇ. ئەتىسى پۈتكۈل پەرىزاتلارنى جەم
قىلىپ ناھايىتى كاتتا بەزمە قۇرۇپتۇ. بەزمى-
نىڭ ئاخىرىدا شاھزادە بىلەن پەرىزات مەلىكە
نىكاھلىنىپ قويۇلۇپتۇ.

خۇشاللىق كۈنلەر باشلىنىپتۇ، شاھزادە
گاھى مەلىكىسى بىلەن بىللە بولۇپ كۆڭۈل
ئاچسا، گاھى كۆكۈلداش بىلەن شىكارغا چى-
قىپ ئوۋ قىلىدىكەن. شۇنداق ھۇزۇرلۇق كۈن-
لەرنىڭ بىرىدە شاھزادە ئايالىنى ۋە كۆكۈلداش-
نى ئېلىپ دەريا سەيلىسىگە چىقىپتۇ. ئۇلار
دەريا بويىدا ئويناپ، كۈلۈپتۇ. سۈزۈك سۇدا
ئۈزۈپ ھۇزۇرلىنىپتۇ. شۇ چاغدا پەرىزاتنىڭ
بىر تال چېچى سۇدا ئېقىپ كېتىپتۇ. شاھزادە
قانچە قىلغان بولسىمۇ، چاچنى تۇتۇۋالالماپتۇ،
بۇ ھال پەرىزاتنى قايغۇغا سېپتۇ - دە:

— ئەي يىگىتلەر، چېچىم سۇدا ئېقىپ
كەتمىسە ياخشى بولاتتى، ئەمدى سىلەر دۈش-
مەنلىك بولدۇڭلار، ئاگاھ ۋە دانا بولغايسىلەر،
قەيەرگە بارساڭلار ئارغىماق ئېتىمنىڭ قۇيرۇ-
قىدىن بىر تال قىلنى يېنىڭلاردىن ئاجراتماڭ-
لار، ناۋادا دۈشمەن قەست قىلغۇدەك بولسا
قىلنى دەرھال كۆيدۈرسەڭلار ئارغىماق شۇ ھا-
مان قېشىڭلاردا پەيدا بولىدۇ ۋە ھەرقانچە زور-
دۈشمەن بولسىمۇ ئۇنى تىرىپىرەن قىلىپ،
سىلەرنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ، — دەپتۇ.

شۇ گەپتىن كېيىن شاھزادە بىلەن كۆ-
كۈلداش ئارغىماقلارنىڭ قۇيرۇق قىلىدىن بىر
تال يېنىدا ساقلىشىپ يۈرۈپتۇ.

ئەلقىسسە: پەرىزات شەھرىنىڭ باغرىدىن



uyghurkitap.com

ئۆتىدىغان دەريانىڭ تۆۋەن تەرىپىدە بىر ۋىلايەت بار ئىكەن. بۇ ۋىلايەتتە نۇرغۇن ئادەملەر ياشايدىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى بۇ يەرلىك بىر بېلىقچى دەرياغا تور سېلىپ ئولتۇرسا، كۆزىگە بىر ئۇزۇن نەرسە كۆرۈنۈپتۇ. قارىسا شۇنداق چىرايلىق، شۇنداق قارا بىر تال چاچ ئىكەن. بېلىقچى دەرھال تورلىرىنى تاشلاپ ھېلىقى چاچنى سۇزۇۋاپتۇ. چاچنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا ھەيران قالغان بېلىقچى تورلىرىنى يىغىشتۇرۇپتۇ، چاچنى پادىشاھقا تەقدىم قىلىپتۇ.

پادىشاھ چاچنى كۆرگەن ھامان تونۇپتۇ. چۈنكى بۇ پادىشاھ ئۇزاق يىللاردىن بېرى پەرىزاتقا ئاشىق ئىكەن. ئۇ جادۇگەرنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن قورقۇپ ئۇ تەرەپكە بارالمىغانىكەن. پادىشاھ پەرىزاتنىڭ چېچىنى كۆرۈپ ئاشىقلىق ئوتىغا قايتىدىن تاشلىنىپتۇ. ئۇ پەرىزاتنىڭ چېچى دەريادا ئېقىپ كەلگەنگە قارىغاندا، جادۇگەر ئۆلگەن ئوخشايدۇ، ئۇ گۈزەل دىلرەبانى قولۇمغا چۈشۈرۈپ ئۆلۈپ كەتسەم ئارمىنىم يوق ئىدى، دەپ ئويلاپ يۇرتقا «كىمكى پەرىزاتنى ماڭا ئەكىلىپ بەرسە خەزىنەمدىكى دۇنيالىرىمنى ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىمەن، ھەتتا پادىشاھلىقىمنىمۇ بەرگەيمەن» دەپ جاكارلاپتۇ. ئەمما ھېچكىم بۇ ئىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ. ئاخىرى پادىشاھ يۈز مىڭ كىشىلىك لەشكەرنى باشلاپ پەرىزاتنىڭ ماكانىغا قاراپ يول ئېلىپتۇ.

بۇ شاھزادە بىلەن كۆكۈلداش شىكارغا چىققان كۈن ئىكەن. پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرى شاھزادىگە يولۇقۇپ ئۆزئارا سالام بېرىشكەندىن كېيىن شاھزادە ئۇلارنىڭ بۇياققا كېلىشتىكى مەقسىتىنى سوراپ بىلىپتۇ-دە، دەرھال كۆكۈلداش بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئارغىماقلارنىڭ قۇيرۇقىنى كۆيدۈرگەنىكەن، ئىككى ئارغىماق كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە ھازىر بولۇپ، لەشكەرلەرگە تاشلىنىپتۇ. شاھزادە بىلەن كۆكۈلداشمۇ لەشكەرلەرگە قارشى جەڭ باشلاپتۇ. جەڭ بىر كۈن ناھايىتى شىددەت بىلەن داۋاملىشىپ، پادىشاھ لەشكەرلىرى مەغلۇپ بوپتۇ، پادىشاھ ئاران دېگەندە ئۆلەر-تىرىلىشىگە قارىماي ئۆز شەھىرىگە قاراپ قېچىپتۇ.

پادىشاھ جەڭدە رەسۋا بولۇپ ئۆز شەھىرىگە بېرىۋالغاندىن كېيىن بىر دەردى مىڭ بولۇپ، پەراق تىغىدا تولغىنىشقا باشلاپتۇ. ئۇ يەنە بىر قېتىم لەشكەر تارتىپ بېرىشنى كۆپ قېتىم ئويلىغان بولسىمۇ، جۈرئەت قىلالماپتۇ. شۇڭا شەھەرنىڭ دوقمۇشلىرىغا كىمدەكىم پەرىزاتنى ئەكىلىپ بەرسە ئۇنىڭغا ئىنئام بېرىدىغانلىقى



ھەققىدە ئېلان چىقارغان بولسىمۇ، ئۇزۇنغىچە ھېچكىمدىن ئۈنچۈن بولماپتۇ.

ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندە بىر دەللە قېرى پادىشاھنىڭ ئالدىدا پەيدا بوپتۇ.

—ئۇلۇغ شاھىم، — دەپ سۆز باشلاپتۇ دەللە پادىشاھنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، —سىزنىڭ بىشىڭىزغا كەلگەن ئېغىر كۈنلەرنى ئاڭلاپ يۈرىكىم سىيرىلدى. يۇرتنىڭ خاتىرجەملىكى شاھىمىزنىڭ خاتىرجەملىكىگە باغلىق. شۇڭا مەن بۇ مۇشكۈل ئىشقا تەۋەككۈل قىلىپ ئالدىڭىزغا كەلدىم. ماڭا زەھەر ئارىلاشقان دورا-دەرمان تەييارلاپ بېرىڭ ۋە بىر كېمىچى بېرىڭ. مەن بېرىپ ئۇ گۈزەل پەرىزاتنى ئەكىلىپ بېرەي، — دەپتۇ. پادىشاھ تولىمۇ خۇشال بولۇپ، ئۇنى پەرىزاتنى ئەكىلىشكە يولغا سېلىپتۇ. دەللە قېرى كېمىگە ئولتۇرۇپ پەرىزاتنىڭ ماكانىغا يېتىپ كېلىپتۇ-دە، كېمىچىنى دەريا بويىغا يوشۇرۇپ قويۇپ ئۆزى پەرىزاتنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ. پەرىزات ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋاپتۇ ۋە سوراپتۇ:

—موما، ئۆزلىرى قەيەرلىك، بۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن كەلدىلە؟

—مەن قەيەرلىك بولارمەن، قىزىم،— دەپ يىغلاپتۇ دەللە، — سەرگەردانچىلىقتا ئۆزۈمنىڭ قەيەرلىك ئىكەنلىكىمنىمۇ ئۇنتۇپ قالدىم. بالىلىرىم بار ئىدى، ئۇلارنى مىڭ جاپادا بېقىپ چوڭ قىلسام ئاخىر مېنى تاشلىۋەتتى، دۇنيادا يالغۇز-يېگانە قالدىم، بارار-تۇرار جايىم يوق...

پەرىزات ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئىچ ئاغرىتىپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە تۇرۇپ قېلىشىنى ئېيتىپتۇ. دەللە قېرى پەرىزاتقا يالغاندىن يۈز مىڭلاپ تەشەككۈر بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا باشلاپتۇ. شاھزادە ئايالىغا بىر سىرداش پەيدا بوپتۇ، دەپ خۇشال بوپتۇ. دەللە ئۇلارغا تائام تەييارلاپ بېرىپ يۈرۈپتۇ. ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتۈپتۇ. دەللە پولۇ ئېتىپ، ئاشقا زەھەر ئارىلاشتۇرۇپ شاھزادە بىلەن كۆكۈلداشقا بەرگەنىكەن. بۇ ئىككى يىگىت زەھەرلىنىپ جان ئۈزۈپتۇ، ئەمما پەرىزات بۇلارنىڭ قانداق سەۋەب بىلەن ئۆلۈپ

كەتكەنلىكىنى زادى بىلەلمەپتۇ. ئۇ چاچلىرىنى يۇلۇپ، ئاھ-پەرياد كۆتۈرۈپ يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ. كۈنلەر ۋە تۈنلەر ئەنە شۇنداق دەرد ئىچىدە ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى قېرى دەللە:

—قىزىم، تەقدىرگە تەن بېرىڭ، ئۆلگەن ئادەم يىغلىغانغا تىرىلسە ئېرىڭىز تىرىلگەن بولاتتى. ئەمما ئۆلدى، كەتتى. شۇڭا خۇداغا شۈكۈر قىلىپ، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، يۈرۈڭ، دەريا بويلىرىغا بارايلى، — دەپ گوللاپ پەرىزاتنى دەريا بويىغا باشلاپ بېرىپتۇ-دە، يوشۇرۇپ قويغان كېمىچىگە يوشۇرۇن شەپە بېرىپ پەرىزاتنى تۇيدۇرماي باغلاپ كېمىگە ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئەھۋالنى ئەمدى چۈشەنگەن پەرىزات نالە-زار كۆتۈرۈپتۇ. ئەمما پايدىسى بولماپتۇ. قېرى دەللە شۇنداق قىلىپ پەرىزاتنى ئاخىرى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ دەللە قېرىنى نۇرغۇن ئالتۇن-تىللا بىلەن مۇكاپاتلاپتۇ ھەمدە پەرىزاتنى توي قىلىشقا قىستاپتۇ. مەلىكە چاندۇرماي:

—شاھىم، ئۆزلىرىنىڭ ھۆكمى ھەقتۇر، ئەمما مەن ھازىر قارىلىقتا، ماڭا قىرىق كۈن مۆھلەت بەرسىلە، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ ئىختىيارىدا بولىمەن، — دەپ يېلىنىپتۇ. پادىشاھ ماقۇل كۆرۈپ پەرىزاتقا خاس ھۇجرا تەييارلاپ بېرىپتۇ. پەرىزات خۇداغا توختىماي يىغلاپ شۇملارنى قارغاپ، ئېرىگە قايتا جان تەلەپ قىلىپتۇ.

ئەلقىسسە: شاھزادە بىلەن كۆكۈلداشقا دەسلەپتە ئۇچراشقان ئاق كىيىملىك زاتلار شۇ كۈنلەردە شاھزادە بىلەن كۆكۈلداشنى ياد قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى ئويلاپ ئۆز جايلىرىدىن قوزغىلىپتۇ. بۇ ئەۋلىيا سۈپەت كىشىلەر پەرىزاتنىڭ ماكانىغا كەلسە، شاھزادە بىلەن كۆكۈلداش ئۆلۈك ياتقۇدەك. ئۇلار شاھزادە بىلەن كۆكۈلداشنىڭ زەھەر بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلىپتۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئۇلاردىن ئوبدان خەۋەر ئالالمىغانلىقىدىن قات-





www.uyghurkitap.com

تىق پۇشايمان قىلىپتۇ. ئۇلار كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياشلىرىنى تۆكۈپ، خۇداغا مۇناجات ئوقۇپ ئۇلارغا جان ئاتا قىلىشنى ئىلتىماس قىلىپتۇ. خۇدايىم ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ بۇ ئىككى يىگىتكە جان ئاتا قىلىپتۇ.

ئۇلار خۇشال-خۇرام دىدار كۆرۈشۈپ، پەرىزاتنى ئىزدەپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار پەرىزات تۇرغان ۋىلايەتكە بېرىپ ئىزدەپ-سوراپ ھېلىقى دەللە قېرىنى تېپىپ پەرىزاتنىڭ قەيەردىلىكىنى سوراپتۇ. دەللە ئۆزىنىڭ جېنىدىن ئەنسىرەپ پەرىزاتنىڭ ئوردىدا سولاقلىقلىقىنى، ئۇنىڭ پاكلىقىنى ئىقرار قىلىپتۇ. شاھزادە بىلەن كۆكۈلداش دەللە قېرىنىڭ ئىپلاس قېنىدا ئۆزلىرىنىڭ پاك قوللىرىنى بۇلغاشنى خالىماي، ئۇنى قالدۇرۇپ، پەرىزات تۇرغان يەرگە كېچىلەپ كىرىپتۇ-دە، پەرىزاتنى قۇتقۇزۇپتۇ ۋە پادىشاھنىڭ بارلىق دۇنيا-ئوقەتلىرىنى سۈپۈرۈپ ئېلىپ مېڭىپتۇ.

شاھزادە بىلەن كۆكۈلداش پەرىزاتنى ئېلىپ شاھزادىنىڭ يۇرتىغا قاراپ يول سېلىپتۇ. ئۇلار يوللارنى بېسىپ ئاخىرى پەرەڭ سەھراسىغا كەلگەندە ئوۋچىلارغا ئۇچراپتۇ. ئوۋچىلار شاھزادىنى تونۇپ دەرھال پادىشاھقا مەلۇم قىپتۇ. خورش شاھ ئوغلىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، شەھەر خەلقىنى ئەگەشتۈرۈپ شاھزادىنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. پادىشاھ شاھزادىنىڭ سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇنداق چىرايلىق بىر پەرىزاتنى باشلاپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن چەكسىز خۇشال بوپتۇ.

ئەمما پادىشاھ پەرىزاتنى بىر كۆرۈپلا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. ئۇلار شەھەرگە كىرىپ ھايال ئۆتمەي كۆكۈلداش بىر بۇلاقنىڭ قېشىغا بېرىپ تەرەت ئېلىپ ئولتۇرسا قۇلىقىغا غايىبتىن مۇنداق ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ:

— ئەي يىگىت، ئاگاھ بولغىنكى، ھازىر شاھزادىنىڭ ئاتىسى شاھزادىگە بىر ئات ۋە بىر قۇش بەرگەي، ئاتنىڭ ئېگىرى ۋە قۇشنىڭ قاناتلىرى ئارىسىغا زەھەر سېلىپ قويغاي، چۈنكى پادىشاھ ھازىر ئوغلىنىڭ دەردىدە نەچچە يىلدىن بېرى چەككەن ئازابنى ئۇنتۇپلا قالماي، بەلكى شاھزادىگە بولغان ئاتىلىق مېھرىنىمۇ ئۇنتۇپ قالاي دېدى. چۈنكى ئۇ پەرىزاتنى كۆرۈپ ئەقلىنى يوقىتىپ قويىدى. ۋەسۋەسە ئادەمنى ئەنە شۇنداق قىلىپ قويىدۇ. ئەگەر شاھزادە قۇشنى قولىغا ئالسا ياكى ئاتقا مىنسە شۇ ھامان جان تەسلىم قىلىدۇ. يەنە شۇنى ئېسىڭگە سېلىپ قويايكى، پادىشاھ شاھزادە ياتىدىغان ھۇجرىنىڭ ۋاسلىرىنىڭ ئارىسىغا توپىغا ئارىلاشتۇرۇپ زەھەر قوشۇپ قويىدى. ئەگەر ئۇنىڭ بىرەر تال زەررىسى ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتسە شۇ زامان جان ئۈزگەي، شۇنداق بولسا پادىشاھ پەرىزاتنى نىكاھىغا ئالغاي، بۇ سىرنى كىم ئاشكارا قىلسا، شۇ ئادەم تاشقا ئايلىنىپ كەتكەي...

كۆكۈلداش بۇ سۆزلەردىن قاتتىق چۆچۈپ ئالدىراپ شاھزادىنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— ئەي جان دوستۇم، مېھرىبان شاھزادە، مېنىڭ ساڭا بىر ئىلتىماسىم بار ئىدى، دېسەم قوبۇل قىلارسەنمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەي ۋاپادار دوستۇم كۆكۈلداش، بىز گەرچە ئىككى تەن بولساقمۇ بىر ئادەمغۇ، ھەرقانداق سۆزۈڭ بولسا دە، مەن مىڭ مەرتىۋە خۇشاللىق بىلەن راۋا قىلغايمەن، — دەپتۇ شاھزادە.

— ئۇنداق بولسا، شاھزادەم، ئاتاڭ بۈگۈن ساڭا ھەرقانداق نەرسە سوۋغا قىلسا مەندىن ئايىما. ھەممىنى شۇ ھامان ماڭا بەرگىن، — دەپ ئىلتىماس قىلىپتۇ كۆكۈلداش.

— مەيلى قانداقلا نەرسە بولۇشىغا قارىماي ساڭا ھەدىيە قىلغايمەن، — دەپ ۋەدە بېرىپتۇ شاھزادە.

راست دېگەندەك، شۇ گەپلەرنى دېيىشىپ بولۇشىغا پادىشاھنىڭ ئادەملىرى بىر ئارغىماق

ئات بىلەن بىر قۇشنى شاھزادىگە تەقدىم قىلغانىكەن، شاھزادە ئۇنى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا كۆكۈلداشقا ھەدىيە قىلىپتۇ. كۆكۈلداش ئات بىلەن قۇشنى ئاۋايلاپ ئېلىپ ئۆزىنىڭ ھويلىسىغا ئەكىرىپ قويۇپتۇ.

كەچ كىرىپ، شاھزادە بىلەن پەرىزات پادىشاھ ئاتىسى تەييارلاپ قويغان خاس ھۇجرىغا كىرىپ ئۇيقۇغا چۆمگەندە، كۆكۈلداش ئەنسىرەپ، يوشۇرۇنچە ئۇلارنىڭ قېشىغا كىرىپ مۆكۈنۈپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا تورۇستىن بىر چىمدىم توپىغا ئارىلاشقان زەھەر پەرىزاتنىڭ يۈزىگە چۈشۈپتۇ. ئاق كۆڭۈل كۆكۈلداش ئۆزىنىڭ جېنى بىلەن ھېسابلاشمايلا پەرىزاتنىڭ يۈزىگە چۈشكەن زەھەرنى تىلى بىلەن يالاپ، سۈمۈرۈپ تۈكۈرۈۋېتىپتۇ، كۆكۈلداش دەل پەرىزاتنىڭ يۈزىدىكى زەھەرنى سۈمۈرۈپ تۇرغاندا شاھزادە ئويغىنىپ قاپتۇ ـ دە، قاتتىق غەزەپلىنىپ:

ــئەي ۋاپاسىز، مەن سېنى جانجىگەر ئاغىنەم دەپ يۈرسەم، سەن ماڭا خىيانەت قىلامسەن؟ ــدەپ كۆكۈلداشقا قەھرلىنىپتۇ.

ــھۆرمەتلىك شاھزادەم... ــ دەپ توختاپ قاپتۇ كۆكۈلداش چۈشەندۈرۈپ بولالماي، چۈنكى سىرنى ئاشكارا قىلسا ئۆزىنىڭ تاشقا ئايلىنىپ كېتىشىدىن قورقۇپتۇ. ئەمما شاھزادە ئۇنى قاتتىق قىستاپ تۇرۇۋالغاچقا ئۆزىنىڭ كېچىدە ئۇخلىماي پەرىزاتنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىنى، ئەمدى ئۆزىنىڭ تاشقا ئايلىنىپ قېلىشىنىڭ مۇمكىنلىكىنى دەپتۇ ـ دە، گەپ تۈگەر ـ تۈگىمەي بىر پارچە تاشقا ئايلىنىپ قاپتۇ.

شاھزادە كۆكۈلداشنى خاتا ئەيىبلەپ قويغانلىقى ئۈچۈن چەكسىز ھەسرەت ـ نادامەت چېكىپ، تاشنى يۇدۇپ، پەرىزاتنى يېتىلەپ يىغلاپ، خۇداغا نالە قىلىپ، يەتتە يىل چۆلمۇ چۆل ئاھ ئۇرۇپ يۈرۈپتۇ. تولا يىغلاپ ئۇلارنىڭ كۆزلىرى تۇتۇلۇپ قاپتۇ. يەتتە يىل توشقاندا ئۇلار خىزىرغا يولۇقۇپتۇ.

ــئەي ئوغلۇم، ــ دەپ چاقىرىپتۇ خىزىر شاھزادىنى، ــ بۇ ئايال بىلەن قاياقىقا ماڭىدىڭ، يۈدۈۋالغىنىڭ قانداق تاش، شۇنچە يوغان تاشنى نېمىشقا كۆتۈرۈۋالدىڭ؟

ــمەن كۆرەلمەيمەن، ئۆزلىرى كىم؟ــ سوراپتۇ شاھزادە.

ــمەن خۇدانىڭ ئەلچىسى خىزىر بولىمەن، مەن دەردىڭنى ئاڭلىغىلى كەلدىم،ــ دەپتۇ خىزىر.

شاھزادە بىلەن پەرىزات بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بايان قىلىپتۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ يورۇق ئالەمنى قايتا كۆرۈش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ھەمدە دوستىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويۇش تەلىپىنى ئىزھار قىلىپتۇ.



(ئاخىرى 135 ـ بەتتە)

## مىرئادىل ھەسەن فوتو سۈرەتلىرىدىن



يۇرتداشلار



مۆك





ئاپام ئۆيدە يوق

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



توغراق باغچىسى
قەييۇم قادىر فوتوسى

《塔里木》文学月刊(维吾尔文) TARIM A MONTHLY OF UYGHUR LITERATURE تارىم

主　　管:新疆维吾尔自治区文联
编辑排版:《塔里木》编辑部
出　　版:新疆人民出版社
印　　刷:新疆新华印刷厂制版印刷
国外发行:中国国际图书贸易总公司
订阅、零售:各地邮局所
地　　址:乌鲁木齐市友好南路716号

2007 ـ يىلى 4 ـ سان. 57 ـ يىل نەشرى.
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى باشقۇرىدۇ.
«تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزىدۇ، ھەم بەت ياسىدى. ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 716 ـ قورۇ.
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلىدى. شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
جۇڭگو كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ.
مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.
فاكس: 0991 ـ 4520072
تېلېفون: 0991 ـ 4516214، 4597603، 4597601

国际标准刊号: ISSN1002－9044
国内统一刊号: CN 65－1010/I
国外代号: M4461　邮政编码 830000 پوچتا نومۇرى
邮发代号: 58－66　定价: 7.00 元

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى
مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: M4461
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 66 ـ 58، باسما تاۋاق: 10، باھاسى: 7.00 يۈەن

E－mail: tarimpost@yahoo. com. cn